# 5 - فېۋرال ئارخىپلىرى



**ئاپتور**

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# 5 - فېۋرال ئارخىپلىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

**مەن بۇ كىتابىمنى 5 - فېۋرال قانلىق قىرغىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن ئۈمىدۋار غۇلجا خەلقىگە بېغىشلايمەن!**

**5 - فېۋرال ئارخىپلىرى**

گۈلشەن ئابدۇقادىر



مەسئۇل مۇھەررىر: گۈلشەن ئابدۇقادىر
مەسئۇل كوررېكتور: باتۇر قاراخانلى
بەت لايىھەلىگۈچى: باتۇر قاراخانلى

2020 - يىلى 5 - فېۋرال بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە



ئاپتور 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجىدا چاقنىغان ئۈچ گۆھەرنىڭ بىرى دېگەن تەرىپكە نائىل بولغان «ئىلى تەڭرىتاغ كەسپىي مەكتىپى» نىڭ قۇرغۇچىسى، ھاياتىنى ئىلى كەسپىي مائارىپىغا بېغىشلىغان مەرھۇم غوپۇر زاھىر ئەپەندى بىللە (2000 ـ يىلى).



5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، 1990 - يىللاردىن ئېتىبارەن غۇلجا شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىت 1970 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي يېزىسىدا تۇغۇلغان. تەخمىنەن 2000 - يىللار ئەتراپىدا غۇلجىنىڭ چاپچال ناھىيەسىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك تۈرمىلىرىنىڭ بىرى بولغان سۇ تۈرمىسىدە ئاچلىق ئېلان قىلىپ شېھىت بولغان. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئابدۇخېلىل مىجىت شېھىت بولۇشتىن ئىلگىرى ئېغىر قىيىن - قىستاق سەۋەبىدىن، سەپداشلىرىنى پاش قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىلىنى چاينىۋالغانىكەن.



شېھىت تۇرسۇن سەلەي 1969 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1998 - يىلى 26 - ئىيۇندا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۇچئۇن يېزىسىدا يۈز بەرگەن خىتاي قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇشتا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، سەپداشلىرىنىڭ خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇچئۇن يېزىسىدىكى قاتمۇقات قوشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغان. بۇ جەڭدە تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق ئۇيغۇر پارتىزانلىرى خىتاينىڭ ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن زورۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىدىكى لوڭفېي ۋە نۇرلان دېگەن ئىككى نەپەر ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە يول باشلاپ بەرگەن ئابدۇراھمان ئىسىملىك ساقچىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، ئۆزى باتۇرلارچە شېھىت بولغان. شېھىت تۇرسۇن سەلەي غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ غوللۇق ئەزاسى.




1997 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى مەشرەپ ئوينىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ كەتكەن ۋە ئىز - دېرىكى بولمىغان سەپداشلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، نامايىشقا چىققان غۇلجا ياشلىرى كۆتۈرگەن لوزۇنكا.

## 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجا خەلقى ئارىسىدا تارقالغان ھېكمەتلىك سۆزلەر

شىبھەت بولسام يىغلىمىغىن، سەن شىبھەت بولغاندىمۇ ئارقاڭدا يىغلايدىغانلار قالمىسۇن. چۈنكى شىبھىتلىك يىغلاڭغۇلۇق بىلەن چىقىشالمايدۇ.

*- مانا بۇ 5 - فېۋرال روھى.*

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاق تارقالغان:

*پارتىكوم ئىككەنمىش يوغان قورام تاش،*
*خەلق ئىككەنمىش يۇمىلاق تۇخۇم.*
*كادىر ئېيتۇر، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولماس،*
*بىز ئېيتۇرمىز، تۇخۇمنىڭ دەردى بولمىسا،*
*ئۆزىنى قورام تاشقا ئۇرماس.*

*(ھازىر نىمە كۈنگە قالدۇق؟ تۇخۇمنى تاشقا ئەمەس، باشقا ئۇرۇۋاتىمىز).*

ئەي غۇلجىلىق، غۇلجىلىق دىگەن ۋاقىتتا كۆز ئالدىڭغا نىمە كېلەتتى؟ قايماقلىرى، كەچ كۈز مەزگىلىدە دەريا سۈيىگە چۈشكەن ئالتۇن رەڭلىك تاۋلانغان ياپراقلاردەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، ئۆرۈك سېرىغىدەك ئېتىلگەن ئەتكەن چاي، تونىا

ـ تونىسلاپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆلكە ـ چاقچاق كېلەتتى. بۇلار نەگە كەتتى؟

*(ئاپتور خاتىرسىدىن)*

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجىدا مۇنداق كىنايە سۆزلەر تارقالغان:

قېرىلار يالاقتا، ئوتتۇرا ياشلىقلار قاۋاقتا، ياشلار سولاقتا.

5 ـ فېۋرال ۋەسىيىتى: ئەگەر شېھىت بولۇپ كەتسەم يىغلىماڭلار، نەزىرە ئۆتكۈزمەڭلار!

## يازغۇچى ھەققىدە

قەلەمكەش گۈلشەن ئابدۇقادىر 1967 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈلكە ـ چاخچاق ماكانى، بوستانلىق شەھەر غۇلجىدا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا شەھەر ئايخان ئانا مەكتىپى ۋە 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخباراتچىلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇخبىر، مۇھەررىر، ئىلى خەۋەرلىرى تەرجىمانى، ئابرال ئېتەكلىرىدە ناملىق مەخسۇس پروگراممىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن.

يازغۇچى گۈلشەن ئابدۇقادىر، 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ۋەتەندە چىقىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن «بۇلاق»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق كەسپى ژۇرناللاردا «ئاياللار تۇغۇلۇشىدىنلا گۇناھكار بولۇپ يارالغانمۇ؟»، «نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى»، «غۇلجا شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۈز يىللىقى»، «ئىلى تەگرىتاغ كەسپى مەكتىپى» قاتارلىق ئىلى مائارىپىنىڭ چاقنىغان گۆھەرلىرىگە بېغىشلانغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرى بىلەن تېزلا ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ يەنە ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن «ئابرال ئېتەكلىرىدە» ناملىق مەخسۇس پروگراممىغا

رېژىسسورلۇق قىلىش جەريانىدا، ئىلى ۋادىسىدىكى بارلىق ناھىيە - شەھەرلەرگە بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك تۆھمەتلىرى بىلەن پەرزەنتلىرى تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاتا - ئانىلار، دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن كۆپلەپ ھەمسۆھبەتتە بولغان. يازغۇچىنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن ۋاقىتلىرىنى ئىشخانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا، مەھەللە ۋە يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ دېھقانلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە مەخسۇس پروگرامما ئىشلەشنى ياخشى كۆرەتتى.

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن غۇلجا شەھىرىدە ئېلىپ بارغان رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى.

يازغۇچى 2003 - يىلىدىن باشلاپ ۋەتەنىدىكى بار-لىق ئەۋزەل شارائىتلىرىنى تاشلاپ، ھاياتىنى يېڭىدىن باشلاش، شۇنداقلا ۋەتەن دەۋاسى يولىدا يېڭى يول ئىزدەش مەقسىتىدە ۋەتەنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە چەتئەل ھاياتىنى تۈركىيەگە كېلىش بىلەن باشلىغان.

ئۇ، 2004 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 - يىلىدىن تارتىپ كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە ياشاپ كەلمەكتە.

يازغۇچى گۈلشەن ئابدۇقادىر، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىپىك

سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىش نەسەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1924 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تارىم ۋا ـ دىسىنى زىلزىلىگە سالغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆز ئۆيىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندا، تۇنجى بولۇپ يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تېخى سوۋۇمىغان جەسىتىنى قۇچىقىغا ئالغان سەپدىشى، دوستى، پىكىردىشى، ئابدۇقادىر داموللام ئۈچۈن ئۆن سېلىپ يىغلىغان كىشى سەمەر باي ئىدى. ئۇ، ئەينى دەۋردىكى ئاتۇشنىڭ داڭلىق ماتا سودىگىرى بولۇپ، ئاتۇش خەلقى تەرىپىدىن سەمەر باي دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. ئاتۇش تىجەن مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان سەمەر باي، مېنىڭ بوۋام ئىدى. بۇ چاغدا موماm ساپۇرىخان بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ خانىمى ئوخشاشلا ھامىلىدار بولۇپ، كۆز يورۇشقا ئاز قالغان ئىدى. بوۋام سەمەر باي يېڭى تۇغۇلغان كەنجى ئوغلىغا جان جىگەر دوستى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسمىنى قويغان. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ خانىمىنىڭ كۆزى يورۇغان بولۇپ، جامائەت بۇ ئوغۇلغىمۇ «ئابدۇقادىر» دەپ ئىسىم قويغانىكەن. بۇ قوشماق ئابدۇقادىرلار كېيىن غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ چىققان بولۇپ، ئىككىنچى ئەۋلاد زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولۇش سۈپىتىدە، ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا ئاز كېلىدىغان ئېغىر كۈنلەر بىلەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقاچان ۋايسىمىدى، زارلانمىدى.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدىكى ئوت يۈرەك مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق كىشى ئوققا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن چاغدا، بوۋام سەمەرباي خەتەرگە قارىماي ئوتتۇرانجى ئوغلى

ئابدۇراھمان بىلەن ياۋاغ تۆمىسىگە تۇنجى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مېيىتىنى ئۇنىڭ بىر پۈتىدىكى چالا كۆيگەن شىبىلتىدىن تونۇۋالغان. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، مېيىتنى بويامەتكە ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېلىپ مەخپىي دەپنە قىلغان ۋە دەپنە ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا بوۋام سەمەر باي بار ئىدى. ياۋاغ تۆمىسىنىڭ تاملىرىغا مەمتىلى ئەپەندى تەرىپىدىن قان بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى تۇنجى بولۇپ خاتىرىسىگە يېزىۋالغان، كېيىن يادلىۋالغان، ئاخىرىدا ھازىرغا قەدەر ئۆلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشى چوڭ دادام ئابدۇراخمان سەمەر ئىدى. بوۋام سەمەر باي ۋە چوڭ دادام ئابدۇراھمان سەمەرلەرنىڭ ياڭ زېڭشىنىڭ دەۋرىدىكى قاراڭغۇ يىللاردا كۆرسەتكەن مىللىي روھى، يازغۇچى يالقۇن روزى يازغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابنىڭ 385 ۋە 386 ـ بەتلىرىدە يارقىن جۇلالايدۇ. ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق ئالىم سەركىلەر ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان، شېھىت بولغاندا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، تاۋۇتى ۋە تۇپراق بېشىدا شاھادەت ئېيتقان، ھەر ـ ھەر يىغلىغان بوۋام سەمەر باينىڭ كۆكرىكىگە، مەمتىلى ئەپەندى قەتلى قىلىنىپ كۆپ ئۆتمەي ياۋنىڭ ئوقياسى كېلىپ تەگدى. 1937 ـ يىلى ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تازا غالجىرلاشقان دەۋرلەردە، ئاتۇشنىڭ بازىرىدا تۇتقۇن قىلىنغان بوۋامنىڭ ھېچ ئىز-دېرىكى بولمىغان. بەزىلەر تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن دېسە، بەزىلەر قەتلى قىلىنغان دېيىشىدۇ.

1970 ـ يىللىرىدىن 1974 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە ئىلى ۋادىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە، تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئومۇرتقىسىغا جايلاشقان چەت ـ ياقىدىكى

قارىسۇ تاغلىق يېزىسىدا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇز ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر غۇربەت كەپىدە، بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ جىن چىرىغى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. مانا بۇ كەپە، 30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارغىچە ئاتۇشتىكى مىللىي ئويغۇنۇش ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ئالىم ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىقلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۆرەش قىلغان، ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن جېنىنى، مېلىنى ئايىمىغان؛ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئاتۇشتا قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلغان؛ ئاخىرىدا ئاجىزانە جەسىتىمۇ ئۆز ئانا تۇپرىقىغا تار كەلگەن ئاتۇشلۇق سەركە سەمەر باينىڭ، ئىسمىنى جان جىگەر ئاغىنىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شەرىپىگە قويغان ئوغلى ئابدۇقادىر سەمەرىنىڭ غۇربەت كەپىسى ئىدى.

تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدە شىۋىرغانلىق قارلىق زىمىستان قىش كېچىلىرىدە ئانام تۇدىخاننىڭ: «بۇ قارا ـ چۆلدىن قاچانمۇ كېتەرمىز، قار سۈيى ئىچىشتىن ھەجەپ تويدۇم» دېگەن ئۆكۈنۈشلىرى كېلەتتى قۇلىقىمغا. ئارىنى خېلى سۈكۈنات قاپلىغاندىن كېيىن، دادام ئابدۇقادىر سەمەرىنىڭ: «شۈكرى قىل! تارىمدىكىلەرنىڭ ھاياتى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر. جاھان تىنجىغىچە بۇ جاي ئەڭ پىنھان جاي. يېقىندا، «ئەسلىدە بۇ كىشى تارىمغا بېرىشى كېرەك بولغان كىشى ئىكەن. خاتا كېتىپ قاپتۇ دەپ ئىز ـ دېرىكىمنى قىلىپ، موگۇلكۈرە بازىرىغىچە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم» دەيتتى. دادامنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئانام جىمىپ قالاتتى.

مانا بۇ ئۆگچى يەرلىك مىللەتچى، توختى قۇرباننىڭ

شايكسى دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن، شىنجاڭ گېزىتىدىن قوغلاندى قىلىنغان دادام ئابدۇقادىر سەمەرنىڭ، خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئىدى.

يازغۇچى گۈلشەن ئابدۇقادىر، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغان ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئاكتىپ قەلەمكەشلىرىنىڭ بىرى.

قولۇڭلاردىكى «5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى» ناملىق بۇ كىتاب، يازغۇچىنىڭ تۇنجى كىتابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ـ مۇھەررىردىن

# كىرىش سۆز

بىردە «ھۇررا!!!» دېگەن چۇقانلىرى بىلەن كوچىلارغا پاتماي سەل بولۇپ ئاقالايدىغان، بىردە كۆلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە كۆلۈپ مومايدەك قورۇلۇپ قالىدىغان، ئۆلمەس مائارىپ روھىغا ئىگە ئىلى ۋادىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ يارالغانلىقىم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئىچىدە ياشاپ كەلدىم. كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنى بېسىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان، بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەر سەۋەبىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپەس ئالغۇدەك ھالى بولمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن بەتلەر قۇرۇق قالدى. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىش ۋە تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشنى ھەردائىم پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىم دەپ ئويلاپ كەلدىم. ھەم بۇ قەھرىمانلىق داستانىنى قەلەمگە ئالالماسلىقتىن ۋىجدان ئازابى تارتىپ كەلدىم. ئەلۋەتتە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەھەللىلەر بىلەن مەھەللىلەر، قوشنىلار بىلەن قوشنىلار ئارا ئۇچۇرلارنىمۇ قاتتىق كونترول قىلىۋالغانلىقى ۋە ئەينى چاغدا غۇلجا شەھىرىدە قاتتىق تىنتىش ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبىدىن، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ ئىدى. قولىڭىزدىكى «5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى»، ئەنە شۇ 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا ئائىت ئارخىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئارخىپلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس

بولۇپ، ناھايىتى كىچىك بىر قىسىمىدىن تەركىپ تاپقان. ئاپتور پەقەت چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم 5 ـ فېۋرال شاھىتلىرىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە كىچىككىنە بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقتى. مەقسىدى، بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تولۇقلىشى ۋە داۋاملاشتۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىشتىن ئىبارەت.

# مۇندەرىجە


يازغۇچى ھەققىدە ........ 1
كىرىش سۆز ........ 7
كىتاب ھەققىدە ........ 11
5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىلى
ۋادىسىنىڭ مائارىپ سۆيەر روھىغا نەزەر ........ 14
يۈۋۈلۈق سىرلىق تىجارەتچىلەر ........ 35
12 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان تالادا قالدى ........ 39
1 ـ قىسىم ........ 42
2 ـ قىسىم ........ 49
3 ـ قىسىم ........ 54
4 ـ قىسىم ........ 65
5 ـ قىسىم ........ 76
6 ـ قىسىم ........ 86
7 ـ قىسىم ........ 94
8 ـ قىسىم ........ 105
9 ـ قىسىم ........ 117
10 ـ قىسىم ........ 131
11 ـ قىسىم ........ 140
12 ـ قىسىم ........ 149
13 ـ قىسىم ........ 155
14 ـ قىسىم ........ 165
15 ـ قىسىم ........ 178

شىھىتلىرىمىزنى بولسىمۇ ئىككىگە بۆلمەيلى.......... 188
مەشرەپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇش ۋە ئۆزگە قايىتىش.......... 196
ئابدۇخېلىل مىجىت قانداق نېمە؟.......... 200
ئامان ھاجى ۋە ئابدۇللا ئوجالان.......... 202
بەشكتاش ـ فەنەر باغچە پۇتبول مەيدانلىرىدىن
ۋەتەننىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىغا نەزەر.......... 207
ئۇيغۇر قىزى زەينەپنى ئەسلەيمەن.......... 214
خىتايدىكى ئەڭ بەختسىز كىشلەر كىم؟.......... 221
دوستۇمغا يېزىلغان خەت.......... 225
خەير ـ خوش سوبىبور تۇرمىسى.......... 229
ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرغا يۈز كېلەلەرمۇ؟.......... 235
سالام، 12 ـ دېكابىر!.......... 242
ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى.......... 246
شۇنداق، مەن تامچە.......... 250
توختاڭ بۇرادەر!.......... 252
ۋەتەن دىۋانلىرىغا ئوچۇق خەت.......... 258
مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىمىزدىكى قەھرىمان ئۇيغۇر
ئاياللار.......... 260

## كىتاب ھەققىدە

قولىڭىزدا تۇرغان، 1997 ـ يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدىكى بۇ كىتاب قانداق روياپقا چىقتى؟

ئەسلىدە ئاپتور بۇ ھەقتە نىدا ئۇيغۇر رادىيوسىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇسالام نىياز ئۇيغۇر بىلەن سۆزلىشىپ، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە چەتئەلدە ياشايدىغان ۋە بۇ قىرغىنچىلىققا شاھىت بولغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جەمئىي 15 قىسىملىق چاتما رادىيو پىروگراممىسى ئىشلىگەن ئىدى.

(بۇ رادىيو پىروگراممىسىنىڭ 14 قىسمىنى يۇتۇپ قانىلىدىن كۆرەلەيسىز) بۇ كىتاب ئەشۇ رادىيو پىروگراممىسى ئاساسىدا تولۇقلىنىپ ۋە رەتلىنىپ، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ ئەركىن دۇنياغا چىققاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 2003 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا تۈركىيەدە يازغان ماقالىلىرى قوشۇلۇپ بىر كىتاب قىلىپ توپلەندى.

ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىش ۋە رەتلەش، شۇنداقلا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا شاھىت بولغانلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، «5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى»، «غۇلجا ئىنقىلابى»، شۇنداقلا «غۇلجا قىرغىنچىلىقى» دېگەن ئۈچ ئىبارىنىڭ قايسىسىنى، بۇ تارىخى كۆلپەتكە ئىسىم قىلىپ قويۇش مەسىلىسىدە كۆپ ئويلاندى. ئاخىرىدا «5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى» ۋە «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» دەپ ئىبلىشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى

مۇئەييەنلەشتۈردى. چۈنكى قىرغىنچىلىق بولۇشىدىكى سەۋەپ، بۇ پاجىئەدە نۇرغۇنلىغان ياشلار قىرىلىپ كەتكەن. ئەمما قانچىلىك ئادەم قىرىلىپ كەتكەن، تۈرمىدە هاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر قانچىلىك؟ ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر قانچىلىك؟ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان سوئاللار تېخى جاۋابسىز. بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كۈچ بولۇش كېرەك. ئەمما بۇ بىر قىرغىنچىلىق. «غۇلجا ئىنقىلابى» دەپ ئىسىم قويۇشتىكى مەقسەت بىزنى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان مەشرەپ ھەرىكىتىگە باشلاپ بارىدۇ.

ئاق تاماكا ۋە هاراق ـ شارابقا بېرىلىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان غۇلجا ياشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان «مەشرەپ»لەرنىڭ، غۇلجىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە كەڭرى قانات يېيىشى خىتاي هۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەشرەپ ئوينىغان بۇ توپنى بىردىن، ئىككىدىن قولغا ئېلىش يولى بىلەن ۋەيران قىلماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى يۈز بېرىدۇ. 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى قانلىق باستۇرغان خىتاي جاللاتلىرى، بۇنى باھانە قىلىپ غۇلجا شەھرىدە قاتتىق تىنتىش ۋە باستۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە غۇلجا ياشلىرى بىكاردىن ـ بىكار جىم ئولتۇرۇپ تۇتۇلۇپ كەتكەندىن، خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ئېتىشىپ، قورال يوق بولسا، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئېتىشىپ شېھىت بولۇش يولىنى تاللايدۇ. نەتىجىدە غۇلجا شەھرىنىڭ ھەممە يېرىدە خىتاي جاللاتلىرى بىلەن بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاپتور «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» دېيىشىنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ.

«تارىخ كائىناتنىڭ ۋىجدانى» دەيدۇ ئاسترونوم شائىر ئۆمەر

ھەيىيام. شۇنداق، بۇندىن 20 يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان بىر جۇغراپىيەگە جايلاشقان كىچىككىنە شەھەر غۇلجىدا يۈز بەرگەن «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»مۇ، ئىنسانىيەت تارىخىغا تامغىسىنى ئۇرغان كائىناتنىڭ ۋىجدانى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋىجدانى، ئاۋازىدۇر. تۆلگەن بەدەللەر، تۇپراقتا ياتقان شېھىتلەر، بۇ ۋىجدانى ئاۋازنى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە قوندۇرۇشىمىزنى كۈتمەكتە.

قەھرىمانى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ كېلەچىكىمۇ بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئۆز قەھرىمانلىرى، شېھىتلىرى ۋە كۈرەشچىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن بىر مىللەت.

«5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى» ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق تارىخى ئىچىدىكى قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىدەك بىر بۆلەكتىن ئىبارەتتۇر. بىز تارىخنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىنى، ۋىجداننىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشى دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن قولىمىزغا قەلەم ئالدۇق. ئاللاھ، بىزگە ئىنتايىن يۇقىرى يارىتىش مۆجىزىسى بىلەن بەرگەن ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىپ، بۇ قەھرىمانلىق داستانىغا شاھىت بولغانلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا قۇلاق سالدۇق.

«5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بىلمەيدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. سۆزلەيلى!

يازايلى!

تارىخىمىز ئىچى بوش ئاق قەغەز بولۇپ قالمىسۇن!

## 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىلى ۋادىسىنىڭ مائارىپ سەۋىيەر روھىغا نەزەر

ئىلى ۋادىسىدىكى مائارىپ سەۋىيەر روھ كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر مائارىپى، جۈملىدىن غۇلجا مائارىپى تارىختىن بۇيان ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، يىقىلسا يەنە مۈدۈرۈپ قوپۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان، ھۆكۈمران مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بولغان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ياكى قالالماسلىق كۈرىشىدە ناھايىتى ئېغىر بەدەللەر تۆلىگەن مائارىپتۇر. ئۇيغۇر مائارىپى، خۇددى بۇ مائارىپنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىگە ئوخشاشلا ئېغىر بوران - چاپقۇنلار، يوقۇلۇش ۋە مەۋجۇت بولۇشتەك ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن ۋە تارىخنىڭ ئاجايىپ رەھىمسىز چۆل - جەزىرىلىرىدە ئۆلمەس مائارىپ روھىنى يېتىلدۈرگەن مائارىپ. كەسكىن قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردىكى ھازىرقى مائارىپ سەۋىيەر روھ، ئۇيغۇرلاردا ھازىر مەۋجۇت بولغان ئىقتىسادى ئەملى كۈچ، ئۆز مائارىپىنى ئۆزى ئەركىن باشقۇرالماسلىق ئامىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش جەھەتتىكى ئەۋزەلسىزلىكى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مائارىپنى خىتايچىلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش كۈرەشلىرىنى نەزەرگە ئالغان ۋاقتىمىزدا، دۇنيادىكى ئۆز مائارىپى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان،

شۇنداقلا مائارىپنى مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قاراۋاتقان ئىلغار مىللەتلەردىن قېلىشمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۆز بېشىغا قانداق رەھىمسىز قىسمەتلەر كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغان مىللەت ئەمەس. ئۇيغۇرلار، ئەگەر مەكتەپنىڭ، مائارىپنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، چىشلەپ يەۋاتقان بىر بۇردا نېنىنىڭ يېرىمىنى، يانچۇقىدىكى بىر سوم پۇلىنىڭ 50 سىنتىنى بېرەلەيدىغان مىللەت. ئەگەر سىز غۇلجىدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىپ خەلق رايىغا باققان ۋاقتىڭىزدا، كىشىلەرنىڭ: «ئۇ ھەرقانچە پۇل تاپتىم دېگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ مەلىسىدىكى مەكتەپكە يۈز سوم بەرگىنىنى كۆرمىدۇق» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلايسىز. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مائارىپىغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەستايىدىللىق بىلەن قارايدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلاردىكى مائارىپ سۆيەر روھنىڭ ئۇلارنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ئاڭنىڭ، ھەممە كىشىدە بىردەك تونۇشنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلاردىكى مائارىپ سۆيەر روھ، جۈملىدىن غۇلجا شەھرىگە نېمىلەرنى سوغا قىلدى؟ غۇلجا شەھرىدىكى مائارىپ سۆيەر روھ ھەققىدە گەپ بولغاندا، گەپنى ئالدى بىلەن غۇلجا شەھرىدىكى 95% ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى تارىختىكى مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ سالدۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا كېلەچەك ئەۋلادلارغا ئۆلمەس مائارىپ روھىنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز غۇلجا شەھرىگە بېرىپ، ھەرقانداق بىر مەكتەپنىڭ تارىخىنى سورىغان

ۋاقتىڭىزدا، ئۇ بىر ئۇيغۇر باي سالغان ۋە ياكى كوللېكتىپ سالغان مەكتەپ بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئەينى يىللاردا غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر دىنى زات مۇتائىلىيە خەلپەت تەرىپىدىن سېلىنغان 4 ـ باشلانغۇچ مۇتائالىيە مەكتىپى، 10 ـ باشلانغۇچ جۇماخۇن مەكتىپى، 21 ـ باشلانغۇچ ئايخان ئانا مەكتىپى، 22 ـ باشلانغۇچ ياردەم مەكتىپى، 19 ـ باشلانغۇچ مۇرات مەكتىپى، 2 ـ ئوتتۇرا ھۈسەيىن بەگ ئۈمىد ئوتتۇرا مەكتىپى... قاتارلىقلار بۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئۇلاردىن باشقا يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋېلىپ، نامىنى 3 ـ ۋە 8 ـ ئوتتۇرا خەنزۇ مەكتەپلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى قىزلار بىلىم يۇرتى ۋە ئىلى گىمنازىيەسى، غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر دىنى زات مۇنەۋۋەر ئەمىن تەرىپىدىن سېلىنغان كېپەكيۈزى ئارمان باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ئادالەت ئوتتۇرا مەكتىپى؛ شۇنداقلا غۇلجا شەھەر 13 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىگىلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە ئۆمەك ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، غۇلجا شەھىرى مائارىپىنىڭ پۈتۈن خىتاي بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىروگراممىسىنىڭ خىزمەتچىسى زۇبەيرە خانىم، ئەينى چاغدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئىلى مائارىپى ھەققىدە ئىشلىگەن بىر پىروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى 1992 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە

قۇرۇلغان ئابلىمىت ھاجىم، خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان بىر يىغىنىدا ماھىنۇر قاسىم خانىمنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. 2002 ـ يىلى ئىلى دەرياسى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان غۇلجا مائارىپى ھەققىدىكى بىر ئەدەبىي ئاخباراتتا، غۇلجىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى توختاخۇن ناسىرى ئەپەندى غۇلجا خەلقىدىكى مائارىپ سۆيەر روھ ھەققىدە توختۇلۇپ، ئەينى چاغدا غۇلجا شەھىرىدە رۇسلار تەرىپىدىن سىتالىن ئوتتۇرا مەكتىپى، يەنى ھازىرقى غۇلجا شەھەر 7 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان چاغلاردىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «غۇلجا شەھىرىدە رۇسلار تەرىپىدىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان غۇلجا خەلقى قوزغۇلۇپ كەتتى. ھەر كۈنى پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار ماددىي بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ ياردەم قىلىپ، مەكتەپ قورۇسىدا بىر قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە غۇلجا خەلقى ياردەم ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئارىسىدا دەستە ـ دەستە چايلارمۇ بار ئىدى» دەيدۇ.

شۇنداق، غۇلجا مائارىپ روھى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا بۇ مىراسنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ كەلدى. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان، غۇلجا خەلقى تەرىپىدىن، «ئۈچ گۆھەر» دەپ تەرىپلەنگەن «ئىلى خالىس فوندى جەمئىيىتى»، «ئىلى تەگرىتاغ كەسپى مەكتىپى» ۋە «ئىلى نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى» قاتارلىقلار ئىلى ۋادىسىدىكى ئۆلمەس مائارىپ سۆيەر روھنىڭ يادىكارلىرى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئەينى چاغدا غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان مەھەللىلەر ئارا مەشرەپ ھەرىكىتى،

هـاراق- شـاراب ۋە زەھەرلـىك چېكىملىكنـى رەت قىلىـش، ئىسلام دىنىنى توغـرا ئۆگۈنـۈش يوللىـرى ھەققىـدە ئىزدىنىش، شۇنداقلا ئىلى ۋادىسىدا چاقنىغان بۇ ئۈچ گۆھەردىن، ھەمدە ئارقـا - ئارقىدىـن بىـخ سۈرۈپ چىقىۋاتقـان مەكتـەپ سىپلىش قىزغىنلىقىدىـن ئىنتايـىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. تۈرتـاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى، خىتاي يولغا قويغان دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بىرلىشىپ مەكتـەپ قـۇرۇش سىياسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغـان ئەينـى يىلـلاردا، بىـر مىليـون سـومدىن ئارتـۇق مەبلـەغ سـېلىنىپ قۇرۇلغـان مەكتەپلەرنىـڭ بىـرى ئىـدى.

خىتـاي ھۆكۈمىتـى 2017 - يىلـى شـەرقىي تۈركىسـتاندا جـازا لاگېرلىرىنـى قـۇرۇش ھارپىسـىدا، يەنـى 2016 - يىلـى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر روھى نامايان قىلىنغان ئامىللارنى تۈپتىن تازىـلاش مەقسـىتىدە، نۇرغۇنلىغـان ئۇيغـۇر مائارىـپ سـۆيەر روھىنىـڭ نامايەندىسـى سـۈپىتىدە، ئۇيغـۇر كىشـى ئىسـىملىرى بىلـەن تارىـخ بەتلىرىـدە خاتىرىلىنىـپ قالغـان مەكتەپلەرنـى خىتاي مەكتەپلىرىگـە قوشـۇۋەتتى. بۇلارنىـڭ بىرى، غۇلجىدىكى 115 يىللىـق تارىخقـا ئىگـە «غۇلجـا 2 - ئوتتـۇرا»، يەنـى «ھۈسـەينىيە ئۈمىـد ئوتتـۇرا مەكتىپـى» ئىـدى. خىتـاي ھۆكۈمىتـى، ئۇيغـۇر مائارىـپ روھـى گەۋدىلەنگـەن بۇنـداق ئۇيغـۇر مەكتەپلىرىنـى خىتـاي مەكتەپلىرىگـە قوشـۇۋېتىش، بـۇ ئارقىلىـق ئۇيغـۇر مائارىپىنـى خىتتايچىلاشتۇرۇشـتىن ئىبـارەت زەھەرلـىك ھىيلـە - مىكرىگـە قارشـى چىققـان، غۇلجا شـەھەر 2 - ئوتتـۇرا مەكتەپنىـڭ مۇدىـرى شـۆھرەت نىغمـەت قاتارلىـق مەكتـەپ مۇدىرلىرىنـى خىزمىتىدىـن ئېلىـپ تاشـلىدى. «5 - فېـۋرال غۇلجـا ئىنقىلابـى» مانـا مۇشـۇنداق بىـر مائارىـپ سـۆيەر روھىنىـڭ چۇقانـى ئىـدى.

«5 - فېـۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىـڭ ئالـدى - كەينىدىكـى

غۇلجا شەھىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق توختالغان ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ژۇرنالىست، سىدنېي ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى، يازغۇچى سەلىمە كامال خانىم تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

چەتئەلگە كەلگەندىن كېيىنكى گەپتىن باشلىساق، چەتئەلگە چىقىپ رەسمىي تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ تۆت - بەش يىل بولۇپ قاپتۇ. ماڭا بىرىنچى تەسىر قىلغان نەرسە، ئۇلارنىڭ مائارىپقا سېلىنغان ئىقتىسادىي مەبلەغنى زور كۆلەمدە ئاشۇرۇپ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرغاندىمۇ پۈتۈنلەي ئومۇملاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئورۇنداپ بولغانلىقىدا بولدى. ھەقىقەتەن، بۇلارنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى مېنى شۇنچىلىك ھەيران قالدۇردى. چۈنكى باشلانغۇچ، تولۇقسىزغۇ مەيلى، يەسلىدىن تارتىپ تاكى ئالىي مائارىپنى تۈگەتكۈچە بولاردا ئوقۇش ھەقسىز ئىكەن. نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا چوڭ مەبلەغ سالىدۇ؟ مەبلەغ سېلىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىغاندۇ؟ دەپ قارىسىڭىز، مائارىپ دېگەن ئىقتىسادنىڭ ئاساسى ئىكەن. مائارىپ تەرەققىي قىلسا ئادەملەرنىڭ ساپاسى ئۆسىدۇ دەيمىز. ئەلۋەتتە ئادەملەرنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ساپاسى ئۆسىدۇ، ئەمما بىلىملىك ئادەملەر، مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ئادەملەر گاداي بولمايدىكەن. قالتىس باي بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن تىرىشىپ - تىرمىشىپ، نورمال ھالەتتە ياشاش شارائىتىنى ئۆزىگە يارىتالايدىكەن. بۇنى بەلكى ئاۋستىرالىيە، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى يۈز يىللاردىن بېرى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇندىن تارتىپ ئاللىقاچان تەتقىق قىلىپ چىققان. بولۇپمۇ بىر قىسىم مەبلەغنى مائارىپقا ئاجراتقان، بۇ ئارقىلىق مائارىپى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئاڭ ساپاسى ئۆسكەن، بولۇپمۇ كەمبەغەلچىلىك، نامراتچىلىق

تۆگىگەن بىر ئىشكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى بۇنداق ئويلىشىمنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئويلىسىڭىز، شەھەرلەردە ئانچە ـ مۇنچە تىرىكچىلىك قىلغان، ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇغان ياكى ھېچ بولمىسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن باللار بىر ئامال قىلىپ ھاياتىنى يامان ئەمەس ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى. قاتتىق يامان يولغا كىرىپ كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھاياتىنى ۋەيران قىلغان بىر قىسىم ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك % 90 ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى. يېزىلاردا، شەھەرنىڭ ئىچىدىكى نامرات رايونلاردا توختاپ قالغان ئادەملىرىمىزنىڭ ئىچىدىن يارامسىز كىشىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ يارامسىزلار نېمىدىن كېلىپ چىقتى دېسىڭىز، شۇ نامراتلىقتىن كېلىپ چىقتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىقتىسادتا توختاپ قالغان، نەچچە يىل جاپا تارتىسىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك پۇل ئالالمىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئاخىر پاجىئەسى كېلىپ ـ كېلىپ نېمىگە ئايلاندى دېسىڭىز، نۇرغۇن چىرايلىق قىزلىرىمىز پۇل ئۈچۈن ئىچكىرىگە بېرىپ پاھىشە بولىدىغان بولدى. بۇ بىكاردىن ـ بىكار بولۇۋاتمايدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرى بىلمەسكە سېلىۋالغان، ئاشۇنداق يامان ئادەملەر ئەكېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالغان، ھەتتا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل ئېلىپ بولسىمۇ ئەۋەتىۋاتقان مۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بەردى. يەنە نامراتلىق، بۇ نامراتلىق نەدىن كەلدى؟ مائارىپسىزلىقتىن. ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن دېسىڭىز، 78 ـ يىلدىن كېيىن خىتايدا ئىقتىسادىي ئىسلاھات ناھايىتى كۈچلۈك يولغا قويۇلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ باي بولۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. 80 ـ يىللارغا كىرگەندىن كېيىن مائارىپقىمۇ

بۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئەسلىدىكى ئايدا يىگىرمە نەچچە سوم تاماق پۇلى ئېلىپ ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپلەردىكى تاماق پۇللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنىدى، ھۆكۈمەت بەرمەيدىغان بولدى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئىككى سوم، ئۈچ سوملۇق ئوقۇش بەدەل پۇلى، كىتاب پۇللىرى دەسلەپتە 50 ـ 60 سومغا، كېيىن 300 ـ 400 سومغا، ھەتتا نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ، مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىكى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى 2000 سوم ئەتراپىغا چىقتى. بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ مائارىپقا بولغان تۈيۈقسىز تەسىرى، بىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ناھايىتى ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئاشكارىلاپ قويدى. مەيلى يېزىلاردىكى بولسۇن، ياكى شەھەرلەردىكى بولسۇن نامرات ئادەملەرنىڭ باللىرىنىڭمۇ ئوقۇش ھەققى بار. ئوقۇش ھوقۇقى بار، لېكىن پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەق ـ ھوقۇقىدىن ئۇلار بەھرىمەن بولالماي، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوقۇشسىز قالدى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ ئىسلاھاتتىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدى. ئۇلارنىڭ مىڭ يۈەنلەپ، نەچچە يۈز يۈەنلەپ ئەمەس، ئادەتتىكى نەچچە ئون ـ يىگىرمە يۈەن ئوقۇش ھەققىنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، غۇلجىدىكى بايا سىز تىلغا ئالغان غوپۇر زاھىر باشچىلىقىدىكى «تەڭرىتاغ مەكتىپى»، بۇ مەكتەپ خاراكتېرى جەھەتتىن كەسپى تېخنىكومغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ئاندىن «خالىس فوندى جەمئىيىتى»نىڭ قۇرغۇچىلىرى، نۇرتاي ھاجىم دېگەندەك ئىلى ئوغلانلىرى مۇشۇ ئاجىزلىقتا، مۇشۇ ۋەيرانچىلىقتا قىلىۋاتقان باللارنى مائارىپ تەربىيەسىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چاپان سېلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى (نۇرتاي

ھاجىم دىسەم شۇنداق بىر ھاياجانلىنىمەن).

ئىلىدا ئەزەلدىن شۇنداق بىر ئۇدۇم بار، مائارىپ دېسى ئۆيىنى، مىلنى، ئۆزىنىڭ يەۋاتقان ئېشىنى، ھەتتا قولىدىن كەلسە قەنت ـ گېزەكلىرىدىن، چارۋىلىرىدىن ئاتلىرىنى، كاللىرىنى ئايرىپ مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلىپ، مەكتەپلەرنى قۇرۇپ كەلگەن مىساللار يۈز يىللار مابەينىدە ناھايىتى كۆپ. 30 ـ يىللار، 40 ـ يىللار ئارىلىقىدىلا ئاللىبۇرۇن سوۋېتنىڭ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاشۇ بويىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان. ھەتتا، چۆچەكتە 36 ـ 37 ـ يىللىرى قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپى، يەنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نامىغا سېلىنغان بىر مەكتەپ بولغان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانلار ھازىرمۇ ھايات، ئىنتېرنېتتىن ئاختۇرسىڭىز بولىدۇ. ئەنە شۇ ئۇدۇم، ئەنە شۇ ئەقىدە، مائارىپقا بولغان پىداكارلىق روھى بىلەن ئەڭ ئالدىدا بۇلار كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى. توغرا، خوتەندىكى كېرەم ئىمىن دېگەن كىشىمۇ دەسلەپ مەكتەپ ئاچقانلارنىڭ بىرى. مەن ئۇ مەكتەپنى بىۋاسىتە كۆرمىگەچكە، ئۇ ئىشقا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ئويلايمەن، شۇ كىشىمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۆزى بازارغا كىرىپ ئازراق پۇل تاپتى ۋە تۇنجى قېتىم مەكتەپ سېلىپ، خوتەندىكى بىر چەت ـ ياقا يېزىدا داڭ چىقاردى. ئۇ ئادەمنىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەتلەيمەن، ھازىر مۇشۇ ئارقىلىق سالىمىنى يوللايمەن. ھازىر «كېرەم ئىمىن» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن، ئەمما بۇنىڭدىن ھەممىمىز ناھايىتى سۆيۈنسەك بولىدۇ.

ئەمدى غۇلجىدىكىلەرنىڭ ئىشىغا كەلسەك، 80 ـ يىللاردىن باشلانغان بۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھات مائارىپقا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇ چاغدا غوپۇر زاھىر دېگەن كىشى «مائارىپ

ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، مائارىپنى ئۇيغۇر نامراتلىقىنىڭ يىلتىزىغا ئوت ئاچىدىغان پىلتە قىلىش» شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ كىشى ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئەمەس، بەلكى بىر كەسپىي مەكتەپ ئېچىشنى ئويلىشىپ، ئۇرۇمچىدىكى غوپۇر نۇرنىڭ مەكتىپىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئوخشاش شەكىلدە دەسلەپتە ئەرەب تىلى، خىتاي تىلى، رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى سىنىپلارنى ئاچتى. كېيىن كېڭەيتىپ سېستىرالىق، مال دوختۇرلۇق، تەرجىمانلىققا ئوخشاش سىنىپلارنى ئاچقان. مەن 2002 ـ يىلى ئۇچراشقان ۋاقتىمدا بۇ ئادەم مەكتەپ ئاچقىلى 14 يىل بولغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتدا «مەكتەپ ئېچىپ ناھايىتى ياخشى قىلدىڭىز، بەك ياخشى ئىش بوپتۇ» دەپلا گەپنى باشلىسام، ئۇ: «14 يىلدىن بېرى خۇددى پاتقاققا پېتىپ قالغان ھارۋىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ كەلدىم، مەقسىتىم مائارىپسىزلىقتىن نامرات بولۇپ، يىلدىن ـ يىلغا چوكۇپ كېتىۋاتقان باللارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، مۇشۇ ئېتىقاد مېنى مەجبۇرلىدى» دېگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتدا ئۇ ئادەم 3000 بالا ئوقۇتۇپ بولغان ئىكەن. ئۇ ئادەم شۇنچىلىك قىينالغانكى، 14 يىل جەريانىدا 12 قېتىم كۆچكەن ئىكەن. ئورنىمۇ يوق، ھېچنېمىسى يوق مەكتەپنى قۇرۇپ، ئۇ يەردىن قوغلىسا بۇ يەرگە، بۇ يەردىكى توختام توگەپ قالسا ئۇ يەرگە دېگەندەك كۆچكەن ئىكەن. شۇ ۋاقىتدا ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە شەھەر باشلىقى بولغان مەمتىمىن ئۈمەروف دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلىپ (چۈنكى بۇ ئادەم ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، تەشكىللەش ئىقتىدارى بار دەپ بۇ ئادەمنى تەكلىپ قىلغان)، شۇ ئادەم بىلەن

ياردەملىشىپ قىلغان. كېيىن غوپۇر سابىت دەپ يەنە بىر داڭلىق مائارىپچى بار ئىدى، ئۇ ئادەمنى چاقىرغان. مەكتەپنى غوپۇر زاھىر يالغۇز ھالدا قۇرغان، تەشكىللىگەن. ئەمما بىر توپ مائارىپچىلار بىر ياقىدىن باش، بىر ياقىدىن قول چىقىرىپ جاپالارنى تەڭ تارتىپ، 14 يىلدىن كېيىن 3000 ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان.

90 ـ يىللارغا كەلگەن ۋاقىتتا، خالىس ھاجىم كۆز ئالدىمدا تۇردۇ. چاچلىرى بۇدۇرە، ئۆزى سېرىق كەلگەن، قاملاشقان بىر يىگىت ئىدى. 90 ـ يىلنىڭ بېشىدا بۇ ئادەم يەنە ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان (ئابلىمىت خالىس ھاجىم، ئۆزى 4 ـ سىنىپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، باشلانغۇچ ساۋادىغا ئىگە. دادىسى ھەرەمگە بېرىپ قايتاشىدا ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ھاممىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. كېيىن ئالمۇتۇغا بېرىپ، سودا تىجارەت قىلغان. ئۆزى ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن شارائىت يار بەرمىگەن. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل تېپىپ، قەد كۆتۈرگەن). 11 ـ 12 ياشلىق بالىلارنىڭ كوچىدا قېلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە «بالىلار فوندى جەمئىيىتى» قۇرماقچى بولۇپ، مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان. ئارىدىن 3 ـ 4 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم 450 مىڭ يۈەننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مائارىپچى ئابدۇۋەلى مۇقىتنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن «ئابلىمىت خالىس ھاجىم فوندى جەمئىيىتى»نى قۇرغان. ئىسمىدە تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، 1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىدى بۇلارنىڭ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەرس

باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا، پەقەت باشلانغۇچتا ئوقۇيالماي ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ 1200 نەپەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، 80 مىڭ يۈەننى ئاجرىتىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا 800 بالىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلگەن. ئاشۇ 800 بالا پەقەت كىتاب پۇلى تۆلىيەلمەسلىك سەۋەبىدىن كوچىدا قىلىۋاتقان بالىلار ئىدى. «خالىس فوندى جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى مۇشۇنداق ئۇلۇغ، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك بىر ئىش بولغان. بۇنى ئەۋلادلىرىمىز قانچىلىك تەرىپلىسە، بۇلاردىن قانچىلىك ئۆگەنسە ئەرزىيدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، 800 بالىنىڭ كوچىدا قېلىشى دېگەن، ئەسلىدە 1200 ئىكەنتۇق، ئۇلار شۇ يىلى 800 بالىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېلەلىگەن. ئاران 80 مىڭ يۈەن، بىر ئويلىسىڭىز ناھايىتى ئاز پۇل، لېكىن 80 مىڭ سومنىڭ يوقلىقى سەۋەبلىك 800 بالىنىڭ ئوقۇشسىز قالغانلىقىدىن، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالساق بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شۇ پېتى بۇلار تەرەققىي قىلىپ ئالىي مەكتەپكە ماڭغان بالىلارغا، چەتئەلگە ئوقۇشقا ماڭغان بالىلارغىچە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىدىغان ھالغا كەلگەن، ناھايىتى ياخشى ئىشلارنى قىلغان. غۇلجىدىن سادىق ھاجى، «پەرىشتە» يەسلىسىنى قۇرغان مەمتىمىن تەۋەككۇل ھاجىمغا ئوخشاش نۇرغۇن ئادەملەر مەبلەغ چىقىرىپ ئۇلارنى قوللىدى. دەسلەپكى قەدەمدە بىر يېرىم مىليوندەك پۇل يىغىلغان خالىس فوندى جەمئىيىتىگە، خالىس ھاجىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى 600 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ئىدى. قالغىنى ئاشۇلار ئوتتۇرىغا تاشلاپ، تەنتەنىلىك مۇراسىملاردىن كېيىن 80 مىڭ يۈەننى تۆلەپ بالىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقارغان بالىلارنىڭ ئىچىدە

قەيىۇم كامال مېنىڭ تۇغقانلىرىمنىڭ بىرسى بولىدۇ. ئامېرىكا چىكاكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسترونومىيە كەسپىدە ئوقۇش ئۆچۈن باردىغۇ دەيمەن. ياپونىيەگە بىر قىز چىقتى. بۇ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن بالىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

ئويلىسام بۇ يەردە بىر مۇھىم نەرسە بار. يەنى، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشنى تەخمىنەن 2000 ـ يىللىرى باشلىدى، ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولغاچقا، بۇ پۇلغا ناھايىتى ئاز ساندىكى بالىلار ناھايىتى تەستە ئېرىشەلىدى. لېكىن «خالىس فوندى جەمئىيىتى» 95 ـ يىلدىن باشلاپ چەتئەلگە ماڭغان باللارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ھۆكۈمەتتىن بالدۇر قەدەم تاشلىدى، ئويلاپ بېقىڭ. بۇ ئادەملەردىكى مائارىپ روھىنى. ھۆكۈمەتتىن بالدۇر قەدەم تاشلىدى، ئۇنى ھېچكىم تارىختىن ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

خالىس ھاجىم فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ـ ئىككى قېتىم باللارغا پۇل تارقىتىدىغان ۋاقىتلاردا فوندى جەمئىيىتىگە بارسام، ئاشۇ يەردە چاپچالدىن، جاغىستايدىن كىرگەن بىر بالا پۇل ئالغىلى كەپتۇ. ئۆزى مالىيە ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتۇ. ئىسمىنى دىمەي، ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەن، 18 ـ 19 ياشلاردىكى پاكىزە بىر بالا. ئۇ:

مەن كەمبەغەلنىڭ بالىسى، مېنىڭ دادام يوق، بىز بەش بالا، مېنىڭ ئانام 45 ـ 46 ياشلارغا كىردى. ئانام ماڭا: «ئاخىرغىچە ئوقۇمساڭ بولمايدۇ، بىز نامرات بولۇۋېرەمدۇق بالام!؟ ئېتىزدا قالساڭ نامرات بولسەن، سەن ئوقۇساڭ، نامراتلىقنى يۇيىمىز. سەن بولساڭمۇ ئىككى تال مائاش ئېلىپ

موھتاج بولمايدىغان بىر ئىشنى قىل، ھەم تەربىيەلىك بولسەن، ھەم ئازراق پۇلۇڭ بولىدۇ، ئوقۇساڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلىدىكەنمىز. ھېسابلاپ باقسام، سېنىڭ داداڭ، مېنىڭ ئاتا - ئانام ھېچقايسىسى ئوقۇمىغان ئادەملەر ئىدى، ئېتىزدىن نېرى كېتەلمىدۇق، دېگەن» دېدى. ئۇ يەنە: ئاپام مېنى ئىشقا سالماي ئوقۇتقان، ھەتتا قارا چاينىڭ قەغىزىدىن دائىم ماڭا دەپتەر ياساپ بېرەتتى. دەپتەر رەتلىك، تەپتەكشى كېسىلگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا كىچىك بولغاچقا بۇ دەپتەر نەدىن كەلدى؟ ئۇقماپتىكەنمەن. ئاپامغا: «نېمىشقا مېنىڭ دەپتىرىم باشقا بالىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ؟ باشقا بالىلار مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ ئاپا» دېسەم، ئۇ: «سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن بالام، دەپتەرنىڭ رەڭگىنىڭ قارا بولۇشى، ئاق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ياخشى ئوقۇساڭ بولىدۇ. بۇ دەپتەرنىڭ قەغىزىنى قوشنىلاردىن يىغىۋاتىمەن» دېگەنىدى. ئاپام قوشنىلارغا، قارا چاينىڭ قەغىزىنى يىرتىۋەتمەي چىقىرىۋېلىپ ماڭا بەرسەڭلار، دەپ ھەممىسىگە ئېيتىپ قويۇپتىكەن، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ئاپامغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن. ئاپام ئۇنى شىلىم ياساپ چاپلاپ، ماڭا دەپتەر قىلىپ بېرەتتى. مەن ئاشۇنداق ئوقۇغان. مانا بۈگۈن «خالىس فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ئۆسۈمسىز قەرزىنى ئالالىغۇدەك مۇشۇ ئىمكانىيەتنى ئانامنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ياراتتىم، مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ نامراتلىقنى يۇيۇۋېتىمەن، مەن نامراتلىق دېگەن قالپاقنى چۆرۈۋېتىمەن، دېدى. ئۇ بالىنىڭ كەلگۈسى چوقۇم بۇرۇنقىدىن گۈزەل بولىدى، دەپ ئويلايمەن. ئاللاھ ئامان قىلسۇن بۇ بالىنى، ياخشى كۈنلەرنى بەرسۇن دەپ تىلەيمەن، ھازىرمۇ ئۇ بالا ئېسىمدە بار.

يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىلى 2 - سانىدا يالقۇن روزىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ،

جەنۇبىي تەرەپتە ئەھۋالنىڭ بىزنىڭ غۇلجىدىكىدىنمۇ ئېغىر بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. باياتىن كېرەم ئىمىننى مىسال قىلىپ ئۆتتۈم، يەنىلا ئاشۇ خوتەن تەرەپتىن بىر نەرسە يېزىپتۇ. ئەھۋالنىڭ ناھايىتى بەك ئېغىر بولغانلىقىنى ئويلاپ، نەچچە كۈندىن بېرى ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇۋاتىدۇ.

بۇ 2001 ـ يىلى بولغان ۋەقە ئىكەن. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە 2001 ـ يىلى خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شىگىل دېگەن يېزىسىدىكى رازىخان دېگەن 11 ياشلىق بىر قىز بىلەن 13 ياشلىق ئاكىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا: «سىلەردە 40 يۈەن مەكتەپنىڭ پۇلى قالدى، دەرسلىك كىتابنىڭ پۇلىدىن ئىككىڭلار يىگىرمىدىن قىلىپ شۇنى چاققان ئەكېلىۋېتىڭلار» دەپ تاپشۇرۇپتۇ. ئۆيگە كېلىپ ئۇ بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا دەپتۇ. ئاتا ـ ئانىلىرىدا 40 يۈەن پۇل يوق، ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن. ئورۇق ئۈچ توخۇسى بار ئىكەن، شۇ توخۇلارنى ساتسا ئاران يىگىرمە يۈەن بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئون يۈەندىن قىلىپ ئىككى بالىغا بۆلۈپ بېرىپ: «مۇشۇنى تۆلەپ تۇرۇڭلار، قالغىنىنى يەنە مەن تېپىپ بېرەي، يېرىمىنى ھازىرلىدىم» دەپتۇ. ( ئوقۇپ بېرەي مەن سىزگە ھە) ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىقۇۋۋەتلىقىنى چۈشىنىدىغان بالىلارنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا تىلى بارماپتۇ. نومۇس تۈيغۇسى كۈچلۈك 13 ياشلىق ئوغۇل باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەنە خىجالەت تارتىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئون يۈەن پۇلنى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، «سەن قەرزىڭنى تۆلىۋەت، مەن بىر ئامال قىلىمەن» دەپ سىڭلىسىنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ جەسەتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان

يەردىن تېپىپتۇ... بۇ 2001 - يىلى بولغان راست ۋەقە ئىكەن.

دېمەكچىمەنكى، قارا چاينىڭ قەغىزىنى دەپتەر قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئېچىنىشلىق ئەھۋال. لېكىن ئۇ بىر ئامال تاپقان ئەقىللىق ئانىنىڭ ئىشى بولسا، ماۋۇ ئاتا - ئانىلار ئامال تېپىپ توخۇسىنى سېتىپ باقسىمۇ، ئا بالىنىڭ نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالىلارنىڭ ئازراق يېتىلىپ، ئەقىل كىرىپ بالاغەت باشلانغان ۋاقتى. بۇ ياشلاردا جەنۇب تەرەپتە بەزى بالىلارنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ قالىدۇ، يەنە بىرىپ ساغرىشنى نومۇس بىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان گەپ. ئويلاپ بېقىڭ، 20 سومغا نېمە كېلىدۇ!؟ بەزى ئادەملەر ئۈچۈن 20 سوم دېگەن ياخشىراق تاماقتىن بىر قېتىم يېسە جىق كەلمەيدۇ. ئۇ بالىنىڭ هاياتىنىڭ بىر قاچا تاماقچىلىكمۇ قىممىتى يوق بولۇپ قالغان.

**مۇخبىر: سىز ئىلىدا قۇرۇلغان «تەڭرىتاغ كەسپىي مەكتىپى» ھەققىدە جىق ئىزدىنىشلەردە بولدىڭىز، ئۇ ھەقتە ئەدەبىي ئاخباراتلارنىمۇ يازدىڭىز. غوپۇركام رەھمەتلىك بىلەنمۇ هايات ۋاقتىدا كۆپ سۆھبەتلەشكەن ئىدىڭىز، ھەم سىزنىمۇ بەك ھۆرمەتلەيتتى، ھەم قەدىرلەيتتى. سىز غۇلجىغا بارغان بولسىڭىز ھەرقانداق پائالىيەتلىرىگە سىزنى چوقۇم قاتناشتۇراتتى، ھەم ئۇرۇمچىدىنمۇ سەلىمەنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىمەن، دەيتتى. مۇشۇ مەكتەپنى قۇرۇپ قولىدا ھېچقانداق ئىقتىسادى يوق ۋە باشقا ھېچقانداق بىر يەردىن ياردەم يوق شارائىتتا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا قىلىۋاتقان مۇشۇنداق مائارىپ سۆيەر روھ ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟**

سەلىمە كامال: غوپۇر زاھىر ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مائاشى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. بۇ ئادەم ناھايىتى

چوڭ غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن، يەنى ئىنسانلارنى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئېتىقادىنى تىكلەپ يولغا چىققان. بۇ سەپكە كىرگەندە بۇ ئادەمنىڭ مائاشى كۆپ بولسا بىرەر يۈز يۈەن ئەتراپىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئالتە بالىسى بار ئىدى. بۇ ئادەم ئىقتىسادتىن شۇ دەرىجىدە قىينالغانلىقتىن، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىلى دەرياسى بويىدىكى زايومكا دەيدىغان جايدىن قومۇش ئورۇپ كېلىپ، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى بالىلىرى بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، تۇرمۇشىنىكى بەزى كەم ـ كۈت تەرەپلەرنى تولۇقلايتتى. بالىلىرى بىلەن ئوتۇن كېسىپ ئېشەككە ئارتىپ كېلىپ، ئوتۇن سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا، ناھايىتى كونا بىر پارچە كىگىز تاشلانغان، ناھايىتىمۇ ئاددىي بىر سۇپىنىڭ ئۈستىدە يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەكنى تاقاپ، كىتابنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك ئاددىي بولۇپ، ئۇ ئادەمدە بىر مەكتەپ قۇرىدىغان ھېچقانداق قوشۇمچە بىر تىيىن ئارتۇق پۇلى يوق، ھەتتا ۋاقتى بولسا قومۇش ئورۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ نېنىنى پۈتۈنلىگۈدەك ئەھۋالدىكى ئادەم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋاقتىنى، زېھنىنى پۈتۈنلەي مائارىپقا، بىزنىڭ نامرات بالىلىرىمىزنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلىۋەتكەن. بىر قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىتا مەن ئۇ ئادەمگە: «سىز مۇشۇ نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە قوي بېقىپ، چارۋا بېقىپ كىرىم قىلىپ، مەكتەپنىڭ كىرىمىنى بىرئاز كۆپەيتىپسىز، بۇنى سىز قانداق ئويلاپ تاپتىڭىز؟» دېسەم، ئۇ: «مېنىڭ دادام ۋاپات بولىدىغان ۋاقتىدا ئاكىلىرىمغا ئاز ـ ئازدىن يەرلىرىنى، ئۆيلىرىنى بېرىپ، مەن ئۈچۈن قىرىق قوينى ئاتاپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسىغا، مۇشۇ قىرىق قوينى كۆپەيتىپ مۇشۇ ئوغلۇمنى ئوقۇتۇشقا سەرپ قىل، دەپ تاپشۇرۇپتىكەن.

مەن شۇ قىرىق قوينىڭ كۈچى بىلەن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغان. مۇشۇ نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، قوي دېگەننى باقساڭ، بىرنى باقساڭ ئىككى، ئۈچ، تۆت بولىدۇ. ھەتتا ئۇننى باقساڭ، بىر ئىككى يىلدىن كېيىن يىگىرمە، ئوتتۇز بولىدىغان نەرسە. مەن بىر قوي بېقىپ، چارۋىچىلىق ئارقىلىق ئۇنىڭدىن بىرئاز كىرىم قىلىدىغان ئائىلىنى تاپاي، دەپ بۇنى ئويلىغانتىم. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە ئۈچ قېتىم مەغلۇپ بولدۇم» دەيدۇ. ئۇ: ئۈچ قېتىم ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىز بېقىپ بېرىمىز، دەپ شۇنداق تەستە تاپقان 10 ـ 20 قويۇمنى، 10 ـ 20 موزايلىرىمنى يوق قىلىۋەتتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۆزۈمنىڭ تۇغقانلىرىم شۇنداق ئوڭدا قويۇۋەتتى. ئاخىرى بولماي مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىمىسام بولمايدىكەن دەپ، بېقىلغان ماللارنىڭ پىرسەنت بويىچە مەكتەپكە، مەسىلەن: بىرەر باي 50 مال ئېلىپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرسە، مەكتەپ ئۇنى ئۆزى ۋاستە بولۇپ چارۋىچىلارغا بېرىدىغان، چارۋىچىلار بىلەن مال ئېلىپ بەرگۈچى ۋە مەكتەپ ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىدا توختامنامە تۈزۈشنى يولغا قويغان. توختام بويىچە ھەر يىلى ساپ قوشۇلىدىغان مال 86 پىرسەنت ھېسابلانغان، چۈنكى ئاپەت بولىدۇ، يۈز پىرسەنت دېيىشكە بولمايدىكەن. 86 پىرسەنت دەپ ھېسابلىنىپ 35 پىرسەنتى مەبلەغ سالغۇچىغا، يەنى مالنىڭ ئىگىسىگە، 8 پىرسەنتى «تەڭرىتاغ مەكتىپى»گە، 43 پىرسەنتى مال باققان مالچىغا قالدۇرۇلىدىغان قىلىپ مۇشۇنداق توختام تۈزگەن. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن مالچىنىمۇ جەلپ قىلغان، بېقىپ بېرىمەن دەيدىغان ئادەم تاپقان، مال ئىگىسىنىمۇ جەلپ قىلغان، ئارىلىقتا پەقەت 8 پىرسەنتىنى مەكتەپكە ئېلىشنى قارار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ

بولـدى، دېـدى. مۇشـۇ 14 يىلدىـن كېيىـن، مەكتەپنىـڭ هـەر يىلىلىـق سـاپ كىرىمـى 100 مىـڭ يۈەنگـە يېتىـپ قالغـان. مـەن سۆزلەشـكەن ۋاقتىمـدا «تەگرىتـاغ مەكتىپـى» ئۈچـۈن دەپ مالغـا مەبلـەغ سـالغۇچىلار 34 كـە يەتكـەن، 110 ئـادەم مـال باققۇچىلىققا قوشـۇلغان، قـوي 10 مىـڭ تۇياقتىـن ئېشىـپ كەتكەن. شـۇ چاغدا مەكتەپنىـڭ خېلـى بىـر قىسـىم كىرىمـى هـەل بولـۇپ، باللارنىـڭ بولۇپمـۇ يېزىدىكـى ئـەڭ نامرات يەردىـن كەلگـەن نامـرات باللار، يېتىـم باللارنىـڭ ئوقـۇش هەققـى، هـەم باشـقا مەكتەپلەردىـن ناهايىتـى ئـەرزان بولغـان، 50 پىرسـەنت ئوقۇغۇچىنىـڭ ئوقـۇش هەققى يېرىـم باهـادا بولغـان. 20 پىرسـەنت ئوقۇغۇچـى پۈتۈنلـەي هەقسـىز ئوقۇغـان بولـۇپ، قالغـان ئوقۇغۇچـىلار پـۇل تۆلگـەن. ئەممـا ئۇلارنىـڭ تۆلـەش سوممىسـىمۇ هۆكۈمـەت مەكتەپلىرىگـە سېلىشـتۇرغاندا ناهايىتـى ئـاز بولغـان بولـۇپ، ئـەڭ كـۆپ بولغانلىرىنىـڭ 700 يـۈەن ئەتراپىـدا بولغان. ئۇنـداق بولغانـدىكىن ئوقۇغۇچـىلار تېـز كۆپىيىـپ، كېيىنكـى يىلـلاردا 3000 ئوقۇغۇچـى ئوقـۇش پۈتتـۈرگـەن. بـۇ ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئاجايىـپ نەتىجىسـى بولغـان.

مـەن سـىزگە مەكتەپنىـڭ مائارىـپ جەھەتتىكـى ساپاسـىنى كۆرسـىتىدىغان يەنــە بىـر مىسـالنى ئېيتىــپ بېـرەي: خەمىـت ئابلاجـان دېگـەن بىـر بـالا كۈيتـۇن شـەهىرىنىڭ مۇئاۋىـن شـەهەر باشـلىقى بولغـان. بىلىمـى بـار ئـادەم بولمىسـا هېچكىـم ئۇنـى شـەهەر باشـلىقى قىلىـپ سايلىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغـا خەلقمـۇ ئىنتائـەت قىلمايـدۇ. مەيلـى ئـۇ ئادەمنىـڭ سىياسـىي سـالاهىيىتى قانـداق بولۇشـىدىن قەتئىينـەزەر، مۇئاۋىـن شـەهەر باشـلىقى بولغـۇدەك دەرىجىـدە بولغـان. ئادىـل دېگـەن بىرسـى 64 ـ پولـك تـۈەن مەيدانىنىـڭ تەشـكىلات باشـلىقى بولغـان ئىكـەن. ئۇنىڭدىـن باشـقا يەنـە مەكتەپتىـن يازغۇچـى بولـۇپ مۇخبىرلىـق قىلغـان

باللار، مال دوختۇرخانا قۇرغان باللار بار ئىكەن. ئاشۇنداق قىلىپ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن باللارنىڭمۇ خېلى ساپاسى بار.

**مۇخبىر: سىز يۇقىرىدا بەك تەسىرلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردىڭىز، بولۇپمۇ «خالىس فوندى جەمئىيىتى»، «تەڭرىتاغ كەسپىي مەكتىپى» ھەققىدە، ھازىر مۇشۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇۋاتقاندۇ؟**

سەلىمە كامال: بۇنى ياخشى سورىدىڭىز. ئەڭ باشتا «تەڭرىتاغ مەكتىپى» باشلامچى بولغان، ئىككىنچى قېتىم «خالىس فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى، ئۈچىنچى قېتىم «نۇرتاي ھاجىم يېتىملەر مەكتىپى» قۇرۇلدى. نۇرتاي ھاجىمۇ بىرىنچى قېتىمدا 60 بالىدىن باشلىغان، ھازىر بەلكىم 400، 500 بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باللارنىڭ بەزىلىرى ياپونىيەلەرگە بېرىپ ساياھەتتە بولۇپ، بىلىم ئالماشتۇرىدىغان ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇ مەكتەپكىمۇ نەچچە قېتىم باردىم، ياتاقلىرى، تاماقخانىلىرى يۇرۇشلەشكەن، مۇقىم يېتىپ قوپىدىغان ياتاقلىرى بار ئىكەن. ئۇنى ناھايىتى كۆپ ئادەم، ھەتتا دۇنيا بىلىدۇ دېسەك خاتا بولمايدۇ، بۇمۇ بىر چوڭ ئىش بولدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن مەمتىمىن تەۋەككۇل ھاجىم ئىلىدا پۇلنى ئەمەس، ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئاساس قىلغان «پەرىشتە باللار يەسلىسى»نى قۇردى. پۇلنى ئەمەس دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، ئۇ «پەرىشتە يەسلىسى»نىڭ ئەسلىھەلىرى ناھايىتى تولۇق، شارائىتى ناھايىتى ياخشى، ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ئەرزان باھادا ئاچتى، ئانچىمۇ قىممەت ئەمەس، ھۆكۈمەت يەسلىلىرىگە نىسبەتەن ئەرزانلىتىپ ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىمدا ئۆزىمۇ: «مەن پۇلنى ئەمەس، مۇشۇ يەسلىدىن باشلاپ باللارنى تەربىيەلەشنى بىر سىناق قىلىپ باقماقچى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى، ئۇيغۇر ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلاي دېدىم»

دېگەن ئىدى. كېيىن ياپونىيەدىن كەلگەن مەريەم ساقىم خانىمنى تەكلىپ قىلدى، نېمە سەۋەبلەردىنكىن، ئۇ خانىم بارالمىدى. ئۇ بالا يەسلىنى ناھايىتى كىچىكىتمەكچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كەتتى، مەن بەش يىلدىن بېرى خەۋەرسىز. مەن ئويلايمەن، مەمتىمىن تەۋەككۇل ھاجىم ئۆزىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق، دىيانەتلىك، ئىمانلىق بىر بالا. بۇ ئىشنى ۋە بۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ئەمدى «تەگىرتاغ مەكتىپى»گە كەلسەك، مەن 2006 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇ-رۇلغانلىقىنىڭ (ئۆزبېك مەكتەپ) 100 يىللىق مۇراسىمىغا قاتنىششقا بارغان ۋاقتىمدا، باشقا بىر ئورۇنغا كۆ-چۈپتىكەن. غوپۇر سابىت دېگەن كىشى مەكتەپنى تۇتۇپ داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتىكەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا سەل نامراتچىلىق، بەزى قىيىنچىلىقلار بار ئىكەن. لېكىن شۇ ۋاقىتتا قارىسام 300 دەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. خەنزۇ تىلى دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپقا كىردىم، باشقا سىنىپلارغا كىرەلمىدىم، ۋاقتىم سەل ئالدىراش بولدى. غوپۇر سابىت مۇئەللىم ناھايىتى تەمكىن، ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق ھالدا بۇنى چوقۇم داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ئەھۋالىنى مەن تازا ئۇقمايمەن.

«خالىس فوندى جەمئىيىتى» تاقالدى. 2002، 2003ـ يىللاردا بۇ جەمئىيەت تاقىتىۋېتىلدى.

## «5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرىدىكى ساقچى فورمىسى كەيگەن يىۋۇلۇق خىتاي تىجارەتچىلەر

خىتاي ھۆكۈمىتى 80 - يىللاردا ئىسلاھات ئېشىكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان مەزگىللەردە، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەڭ بالدۇر ئورنىدىن دەس تۇرغان كىشىلەر، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى ئاز خىتايچىسى بىلەن، شەرقتە خىتاينىڭ سودا - تىجارەت ئەڭ گۈللەنگەن گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق سودا شەھەرلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى چەكسە؛ غەربتە، غەربى تۈركىستاندىكى ئۆز قېرىنداشلىرى ھېساپلانغان ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قاتراپ سودا - تىجارەتتە تېز كۆتۈرۈلدى. شەرقتە خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەر، غەرپتە چەكسىز كەتكەن غەربى تۈركىستان تۇپراقلىرىغا قاتراپ يۈرۈپ، ئىمپورت - ئېكسپورت شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن بىۋاسىتە ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا مال يۆتكەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلاردىكى مائارىپ سۆيەر روھ يەھۇدىيلاردىن قېلىشمايدۇ. سودا تىجارەتتە يۈكسەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر، ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇر مائارىپىغا مەبلەغ سالدى. غۇلجا شەھىرىدە ئەينى يىللاردا ئۈچ گۆھەر دەپ نام ئالغان «غۇلجا نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى» ، «ئابلىمىت خالىس ھاجىم

فونـدى جەمئىيىتـى» ۋە غوپـۇر زاھىر ئەپەندى قۇرغـان «تەڭرىتاغ كەسـپى تېخنىكـوم مەكتىپـى» قاتارلىقـلار، مانـا مۇشـۇنداق ئۆلمـەس مائارىـپ سـۆيەر روھنىـڭ نامايەندىسـى ئىـدى.

خىتـاي ھۆكۈمىتـى غۇلجـا خەلقىدىكـى تېـز يۈكسىلىشـىنى، بولۇپمـۇ خىتـاي ئوتتۇرىغـا قويغـان «دۆلـەت، كوللېكتىـپ ۋە شەخسـلەر بىرلىشـىپ مەكتـەپ قـۇرۇش» سىياسـىتىدىن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىنتايىـن ياخشـى پايدىلىنىۋاتقانلىقـى كـۆرۈپ ئولتۇرالمـاي قالـدى.

چۈنكـى بۇنـداق بىـر ئويغۇنـۇش، غۇلجىدىكـى ئىسـيانكارلىق روھىغـا ئىگـە، مەدەنىيەتلەرنـى تېز قوبۇل قىلىدىغان، مۇسـتەقىل شـەرقىي تۈركىسـتان جۇمھۇرىيىتىنىـڭ تەمىنى تېتىغـان، «ھۆررا» دېگـەن شـوئارلىرى بىلـەن گومىنداڭنـى قوغلاپ سۈپۈرۈپ ماناس دەرياسـى بويىغىچـە بارغـان، تەقدىـرى ئەينـى يىللاردىكـى دۇنيـا سىياسـەتچىلىرىدىن روزۋېلىـت، چېرچىـل ۋە سـتالىن قاتارلىقلارنىـڭ ئاغزىدىـن چىققـان بىـر قانچە ئېغىـز سـۆز بىلـەن ئۆزگىرىـپ كەتكـەن، مۇسـتەقىل بولۇشـقا بىـر غېرىـچ قالغـان ئۇيغۇرلارنىـڭ، غەربـى تۈركىسـتاندا يـۈز بەرگـەن مۇسـتەقىللىق ھاۋاسـىدىن ئىلھـام ئېلىـپ قېلىشـىدىن ئەنسـىرىدى. چۈنكـى قولىغـا ئازراقـلا پـۇل كىرگـەن ئۇيغـۇرلار، مىللىتىنىـڭ تەقدىرىنـى ئۆزگەرتىـش ئۈچـۈن مەبلـەغ سـېلىۋاتاتتى.

ئاقىۋەتتـە خىتـاي ھۆكۈمىتـى غۇلجـا شـەھىرىگە «ئوتتـۇرا ئاسـىيا خەلقئارالىـق سودا بازىـرى» ناملىـق بىـر بازارنـى قـۇرۇش ئارقىلىـق، بارلىـق ئوتتـۇرا ئاسـىياغا يۆتكىلىدىغـان ماللارنىـڭ ئىمپـورت - ئېكسـپورتىنى مونوپـول قىلىۋالـدى.

ئەينـى يىلـلاردا غۇلجىـدا مۇخبىرلىـق قىلىـش جەريانىـدا غۇلجا شـەھەرلىك خەلـق ھۆكۈمىتـى، غۇلجـا شـەھەرلىك يەرلىـك بـاج

ۋە دۆلەتلىك باج ئىدارىلىرىدىن ئىگەللىگەن ئەھۋاللار كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتەتتى.

1990 ـ يىللاردا خىتاينىڭ جىجياڭ ئۆلكىسى يىۋۇ شەھىرىدىن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرىنى قۇرغان لىيۇ خوجايىن، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە 500 دىن ئارتۇق يىۋۇلۇق تىجارەتچىنى باشلاپ كەلگەن ئىدى. لىيۇ بىلەن بىللە بۇ بازارغا كەلگەن 500 دىن ئارتۇق يىۋۇلۇق تىجارەتچىنىڭ ھېچقانداق تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغاندىن باشقا، ساقچى فورمىسى كىيىشىپ، يانلىرىغا توك كالتەك، تاپانچا قاتارلىق ساقچى قوراللىرىنى ئېسىپ تىجارەت قىلاتتى. ئەگەر غۇلجىلىق بىرەر ئۇيغۇر بۇ بازارغا كىرىپ قالسا، تەپ تارتماستىن بىر ـ بىرىگە «تېرروررچىلار كىردى، دىققەت قىل» دەپ شىۋىرلىشىپ قويۇشاتتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ بازار، ئىلىدىكى 8660 ـ قىسىمدىن قالسا بىردىن ـ بىر زوراۋانلار تەشكىلاتى ھېسابلىناتتى. غۇلجا شەھىرىدە بۇ بازاردىن ئۇقۇشماي مال ئېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە بېرىپ ئىچىنى ئاچسا، مال كەم چىققانلىقى ياكى ناچار مال چىققانلىقى سەۋەبىدىن ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ بازارغا كېلىپ، تىجارەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان بۇ زومىگەرلەردىن تاياق يېگەن ئۇيغۇرلار ئاز ئەمەس. گەرچە يىۋۇلۇق ئاققۇنلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ، تەپ تارتماستىن ساقچى فورمىسى كىيىپ، ساقچى قوراللىرىنى ئىشلىتىپ يەرلىك خەلققە زومىگەرلىك قىلىشى، خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە ساقچىلار قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئەمەلدارلار بۇ خىتايلارغا ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بەرگەن. مۇخبىر ئەينى يىللاردا بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بېقىش ئۈچۈن غۇلجا شەھەرلىك، ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى

ئىدارىلىرىنىڭ سىياسىي قانۇن بۆلۈملىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ساقچىلار ئوچۇق ئاشكارا ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارالىق سودا بازىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى، بۇ بازارغا تېگىپ قويسا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن ئىدى. دېمەك، بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئادەتتىكى بىر بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدىدا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

# 12 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان تالادا قالدى

غۇلجا شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارالىق سودا بازىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن «ئۆمۈچۈك تورى»نىڭ ئىچكى كىرگەنلەردىن، غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلارنىڭ بىرى بولغان قارادۆڭ يېزىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭمۇ بار ئىدى. بۇ بازار ئۇيغۇر سودا - تىجارىتىنى غۇلتىشىنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇنى قۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا ئەنە شۇ قارادۆڭ يېزىسىنىڭ شۇجىسى ئۆز تەۋەسىدىكى ئالتۇن جايدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. بۇ جاي دەل غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، ئاۋات خىتاي بازىرىغا توغرا كېلەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئۆمۈچۈك تورىدىكىلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن مەزكۇر ئاۋات جايدا 12 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان ياشايتتى. بۇ بازار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولغاچقا، بۇ 12 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقاننى كۆچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. نەتىجىدە بۇنىڭدىن جىددىيلەشكەن قارادۆڭ يېزىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ پايپاسلاپ بۇ 12 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، بازار پۈتكەندىن كېيىن بۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە باشقا ئورۇندىن جايلىق يەر ئاجرىتىپ بېرىدىغانلىقى، بازار پۈتكۈچە ئۇلارنىڭ باشقا جايدا ئىجارىگە ئولتۇرۇپ تۇرۇشلىرى لازىملىقى توغرىسىدا يالغان ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قورۇ - جايلىرىنى تارتىۋالغان.

ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كۆزى چۈشكەن يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ - جايىنى، ئەزان باھادا مەجبۇرى تارتىۋېلىشى، ئۇ چاغلاردا ئادەتتىكى ئىشلار بولۇپ، 2010 - يىللارغا كەلگەندە غەربنى ئېچىش سىياسىتى بىلەن، غۇلجا شەھىرىگە پويىز قاتنىغاندىن كېيىن تېخىمۇ نۇرغۇنلىغان كۆچمەن خىتايلار غۇلجا شەھىرىگە ئېقىپ كىرىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش مەقسىتىدە ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ - جايلىرىنى بىر ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى، غۇلجا شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرەر پەرزەنتىمۇ بازاردا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى. ھەتتا، جايلىق يەرمۇ ھەل قىلىپ بېرىلمىدى. نەتىجىدە 12 ئائىلىلىك دېھقان تالادا قالدى. بۇ ھەقتە ئۇلار سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكەندە، ۋىلايەتلىك پارتكومدىن ئەۋەتىلگەن بىر كادىر قىلچە تەپ تارتماستىن خەلققە مىيىقىدا كۈلۈپ: «ۋىلايەتلىك پارتكوم دېگەن يوغان بىر قورام تاش، سىلەر دېگەن بىر تۇخۇم. تۇخۇمنى قانداقمۇ تاشقا ئۇرغىلى بولسۇن» دېگەن. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن دېھقانلار تۆۋەندىكىدەك شېئىرنى يېزىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومى جاۋاب قايتۇرغان.

*پارتكوم ئىكەنمىش يوغان قورام تاش،*
*خەلق ئىكەنمىش يۇملاق تۇخۇم.*
*كادىر ئېيتۇر، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولماس،*
*بىز ئېيتۇرمىز تۇخۇمنىڭ دەردى بولمىسا،*
*ئۆزىنى قورام تاشقا ئۇرماس.*

1997 - يىلى سۆيۈملۈك ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ

شانلىق تارىخىغا قان بىلەن پۈتۈلگەن، «5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن ئۇيغۇرنىڭ مىسلىسىز قەھرىمانلىق بىلەن، «ئاتساڭ ئات» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ مەيدانغا چىققانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەن لىيۇ، بىر كېچىدىلا قۇيرۇقىنى ھادا قىلىپ تۇغۇلغان جايى جېجياڭغا قېچىپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، غۇلجا شەھىرىنىڭ قېنىنى بىرلىشىپ شورىغان «ئۆمۈچۈك تورى» دىكىلەرمۇ كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكلىرىنى ئۈچۈن بىر ـ بىرلەپ ئەملى ئۆسۈپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كەتتى. سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ بۇلىياڭ، لىيۇ بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىشىپ، ئومۇمىي ئوغرىلىقنى تەڭ بۆلۈشۈپ پۇلنى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىگە نازىر قىلىپ يۆتكەپ كېتىلدى. قارادۆڭ يېزىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق باج، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مالىيە، مۇپەتتىش، ساقچى، مال باھا، تاۋار كارانتىن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئەمەلدارلار، بۇ بىر مەيدان ئويۇندىكى ئۆز روللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، خوجايىنى ۋاڭ بولىياڭدىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىشىپ، ئاستا ئەملى ئۆسۈپ كېتىپ قىلىشتى. بىر كۈندىلا خوجايىنى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارالىق سودا بازىرىدىكى تىجارەتچىلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىشتى. ئۇزۇن تارىخلاردا خىتاي ئالدامچىلىقى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە كۆپ قېتىم شاھىت بولغان، قانلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن غۇلجا كوچىلىرىدا يەنە ھاياتلىق داۋاملىشىۋەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرىدىن ئىبارەت بۇ ئولجىنىڭ ئاخىرىغا سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كېيىنكى شۇجىسى جاڭ گۇلىياڭمۇ داخىل بولدى ۋە 1999 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشتى.

# 1 - قىسىم

## ئابدۇخېلىل مىجىت كىم؟

بۇ يىل «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» يۈز بەرگىنىگە توپتوغرا 23 يىل بولدى. ئەينى يىللاردا تىنچلىق يوللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ كوچىلارغا چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرغان بولۇپ، سانسىز ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى تۈرمىلەردە قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي شېھىت بولغان، نۇرغۇنلىغان ياشلار ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان، يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ساراڭ بولۇپ قالغان ئىدى. ئەينى يىللاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىنتېرنېت ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنى قاتتىق قامال قىلىۋالغان ۋە ئاممىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە زادى نېمىلەر بولدى؟ دۇنيا خەلقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى بۇ سوئالغا ھازىرغا قەدەر قايىل بولغۇدەك بىر جاۋابقا ئېرىشكىنى يوق. گەرچە بۇ ھەقتە غۇلجىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېكايىسى بولسىمۇ، ئەمما ئېرىشەلمىگەنلىرىمىز ئېرىشكىنىمىزدىن كۆپ بولدى. 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرىنى رەتلەپ تۇرغۇزۇش ئىشىدا تېخى دەسلەپكى باسقۇچلاردا تۇرماقتىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە 5 ـ ۋە 6 ـ فېۋرال ئۇرۇپ ـ چېقىش، بۇلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى مىللىي بۆلگۈنچى،

ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئورۇنغان ئۇنسۇر، دىنىي ئەسەبىي تېررورچى، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر خەلقى نەزىرىدە غۇلجىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدا، ئۇنتۇلۇپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر مەشرەپىنى قايتا جانلاندۇرغۇچى، 90 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر مىللىي ۋە دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل، مۇنەۋۋەر جەڭچىسى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخېلىل مىجىت، ئەنە شۇ 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرىدا ئەڭ ئالدىدا كۆزگە چېلىقىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى. بۈگۈن بىز 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئارخىپىنى ۋاراقلايمىز. ئابدۇخېلىل مىجىت كىم؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋادىسىدىكى پۈتۈن ياشلارنى ئۆزىگە مايىل قىلالىغان سەركەردە ۋە يولباشچى بولالىدى؟ نېمە ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن شۇنچە ساراسىمىگە چۈشتى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيمىز. سوئاللىرىمىزغا ئابدۇخېلىل مىجىت بىلەن بىر مەھەللىدە ياشىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە پىكىرداش بولغان، ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە باشلانغان مىللىي ۋە دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان، ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇشۈكۈر جاۋاب بېرىدۇ.

**مۇخبىر: سىز بىزگە ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ قەيېرىدە، قانچىنچى يىلى تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

ئابدۇشۈكۈر: ئابدۇخېلىنىڭ قانچىنچى يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن، ئەمما 1970 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. تۇغۇلغان ئورنى ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك تىلىمىز بويىچە غۇلجا شەھەر قارۋاي مەھەللىسى تەرەپتە. قارۋاي مەھەللىسى، هازىرقى ئازادىيۈز يېزىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، هېلىم هاجىمنىڭ كوچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. هېلىم هاجىم كوچىسىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىنى 5 ـ كەنت دەپمۇ قويىدۇ. ئۇ، ئەنە شۇ يەردە تۇغۇلۇپ، شۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان.

**مۇخبىر: ئاتا - ئانىسىچۇ؟ ئابدۇخېلىلنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمە ئىش قىلاتتى؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئابدۇخېلىلنىڭ دادىسى ئابدۇمىجىت قارىكام كېيىن قارىۋاي مەھەللىسىدىن باياندايغا كۆچۈپ كەلدى. شۇ يەردە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، هازىرمۇ هايات. ئانىسى بولسا ئائىلىدە ئابدۇخېلىل قاتارلىق بالىلارنى بېقىپ، تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشتى.

**مۇخبىر: ئابدۇخېلىل مىجىت قانچە قېرىنداش؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئالتە بالىغۇ دەيمەن. ئېسىمدە ئانچە قالماپتۇ، ئالتىدىن كەم ئەمەس.

**مۇخبىر: ئابدۇخېلىل بالىلارنىڭ چوڭىمۇ؟**

ئابدۇشۈكۈر: ياق چوڭى ئەمەس، چوڭى ئابدۇلئەزىز. ئابدۇخېلىل ئۇنىڭ كەينىدىكىسى.

**مۇخبىر: سىلەر بىر مەھەللىدىن بولامسىلەر؟**

ئابدۇشۈكۈر: شۇنداق، بىزنىڭ ئۆي مەھەللىنىڭ بېشىدىراق، ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىراق ئىدى. بېشى تۆپچى مەھەللە، تۆپچى مەھەللىنىڭ ئاخىرى كۆكچىلىك، كۆكچىلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇخېلىللارنىڭ مەھەللىسى.

**مۇخبىر: ئابدۇخېلىلنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقىنى بىلەمسىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئەينى ۋاقىتتا خىتاي مەكتەپتە ئوقۇغان.

**مۇخبىر: قانچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان؟ ئوتتۇرا مەكتەپنى ياكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنمۇ؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىدى. مېنىڭچە تولۇقسىز بولۇشى مۇمكىن.

**مۇخبىر: ئابدۇخېلىل بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانمىدىڭىز؟ ئابدۇخېلىل قانداق خاراكتېردىكى يىگىت؟ مۇشۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرراق مەلۇمات بەرگەن بولسىڭىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئابدۇخېلىل بىلەن ھەمسۆھبەتتە بول-غانىدىم، نەچچە قېتىم بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كەلگەن. بىز بىر مەھەللىدىن ئىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مېنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. نۇرغۇن ئىشلاردا مەندىن مەسلىھەت سوراپ تۇراتتى. نۇرغۇن تەرەپلەردە پىكىرداش بولغان. دەسلەپتە يېڭىدىن سوۋېتنىڭ بازارلىرى ئېچىلغان ۋاقىتلاردا بىللە تىجارەت قىلغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان. ئابدۇخېلىل ناھايىتى ئەقىللىق، ھۇشيار، چىچەن، گېپىدە تۇرىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەكىلى.

**مۇخبىر: سىزگىمۇ مەلۇم، خىتاي ھۆكىمىتى ئابدۇخېلىل مىجىت باشچىلىقىدىكى 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، بىر ئۇچۇم ئوقۇمىغان، قارا قورساق ئۇششاق باللارنىڭ ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتىدۇ. سىز خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ بۇ باھالىرىغا قانداق قارايسىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئەگەر ئۇلار ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز، كوچىدا يۈرگەن مۇنداق پارچە - پۇرات باللار بولسا، نەچچە مىڭ ئادەمنى تەشكىللەپ خىتاي ھۆكۈمىتىنى تىترەتكۈدەك بۇنداق چوڭ داۋالغۇشنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بولالامتى؟ بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇخېلىل دەسلەپتە تەبلىغ قىلىپ چىققان چاغلىرىدا بىر ئۆيدە 20 - 30 بالا ئۇنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشقان. ئابدۇخېلىل ئۆزىمۇ ئىسلام دىنىنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەدىس ۋە ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش، تەھلىل قىلىش جەھەتلەردىمۇ كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇ تەبلىغ قىلغان مۇشۇ 20 - 30 باللارنىڭ ئىچىدە تالىپلارمۇ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرمۇ بولىدۇ، ھۇشيار چېچەنلەر باللارمۇ بولىدۇ. دېمەك، ئابدۇخېلىل ناھايىتى ناتىق، پىكرى ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ قەيىرىنى دېسە، شۇ يەرنى ۋاراقلاپ دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، مۇشۇنداق سۆزلىگەچكە غۇلجىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەخلاقىي ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ئىدى. بىرىنچىدىن، باللارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك تەبلىغكە قاتناشتى. شۇ ۋاقىتتىكى 70 ـ 80 پىرسەنت غۇلجا ياشلىرى ئاق تاماكىنى تاشلىدى. پۈتۈن سورۇن ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە هاراق تاشلاندى. كېيىن خىتاي ئاچقان هەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى پۈتۈنلەي چۆلدەرەپ قالدى. ئاشۇنداق جانلىق نۇتۇقلار بولمىسا، ئاشۇنداق يۈرەكلەرگە تېگىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بولمىسا، ئىنسانلارنى ئۇ دەرىجىدە پاكىزلاپ، ئۇ دەرىجىدە تۈزەپ كەتكىلى بولمايتتى.

**مۇخبىر: ئۇنداقتا بىز ئابدۇخېلىل مجىتكە باها بەرگەندە، ئۇنى خەنزۇچە سەۋىيەسى، دىنىي بىلىمى، نۇتۇق قابىلىيتى يۇقىرى، غۇلجىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدا يۈز - ئابروي تاپقان بىر ياش دېسەك توغرا بولامدۇ؟**

ئابدۇشۈكۈر: دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە دىنىي تەلىم ـ تەربىيەدە يۇقىرى بىلىم ئالغان دېسەك، بەزى ۋاقىتتا رېئاللىققا تازا ماس كەلمەي قالىدۇ. سەۋەبى تاغلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناهايىتى يۈكسەك تاغلار بار دېگەندەك، دىن دېگەن بۇ يامان كاتتا بىر ئىلىم. دىنىنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە يۈكسەك، يۈكسەك ئالىملار بار. ئابدۇخېلىلغا ئادىل باها بېرىشىمىز، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىن دەپ قارايمەن. ئادىللىق ئىسلامنىڭ بىر گۈزەل ئەخلاقى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇخېلىلغا باها بەرگەندە، بىرسى ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئۇنىڭدىن قالسا نۇتۇق قابىلىيتى ناهايىتى ئۈستۈن، خىتايچىسى ناهايىتى ياخشى بولۇپ، دىنىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى راست.

**مۇخبىر: ئابدۇخېلىل مجىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىلىرىگە ئەگەر بىر جۈملە سۆز بىلەن باها بېرىشكە**

**توغرا كەلسە، سىز نېمە دېگەن بولاتتىڭىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئۇلار «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىلىرى» دېگەن بولاتتىم.

## 2 - قىسىم

### غۇلجا شەھرىدە قانات يايغان مەشرەپ ۋە دىنى تەبلىغلەر

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال، غۇلجا.

غۇلجا، خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ 70 كىۋادرات كىلومېتىر يەر كۆلىمىگە، 300 مىڭ نوپۇسقا ئىگە خىلۋەت بىر دىيار (ئەينى يىللاردىكى نوپۇس ۋە يەر كۆلىمى مۇشۇنداق ئىدى).

بۇ شەھەردە بىردە كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بىلەن كۈلۈپ تېلىقىپ، خۇددى مومايدەك قورۇلۇپ قالىدىغان؛ بىردە «ھۇررا!!!» دېگەن چوقان ـ سۈرەنلىرى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي گەۋدە ھېسابلانغان خىتايىنى توختىماي ساراسىمىگە سېلىۋاتقان، باتۇر ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. بۇ شەھەر نوپۇسىنىڭ ئەينى يىللاردا 300 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم.

تارىختا ئىنگلىزلارنىڭ ئىندىيانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە ۋە يوق قىلىش ئۈچۈن بۇۋى مەريەم ھېيلىسىنى قوللانغانلىقى مەلۇم. ئۇلار ئىندىيانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بۇۋى مەريەم ھەيكىلىنى كۆمۈپ قوياتتى ـ دە، ئاندىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەيكەلنى يەنە ئۆزلىرى قېزىپ چىقىرىپ، ئىندىيانلارغا «بۇۋى مەريەم ھەيكىلىنى كۆمۈپ قويغان»

دېگەن تۆھمەتنى ئارتىپ، ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرغىن قىلىش ھەرىكىتىنى باشلايتتى.

بۇ قېتىم خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەقسەتلىك ھالدا ئاق تاماكا ۋە ھاراق - شارابنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغىچە تۆكمە قىلىپ سېتىش ھىيلىسىنى قوللاندى. ناھايىتى ئەرزان باھادىكى زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان ساختا ئاق تاماكىلار، يۇقىرى گرادۇسلۇق «ئىلى داچۈ» دەپ ئاتىلىدىغان ساختا ھاراقلار، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىلىرى ھەمدە مەھەللىلەردىكى بوتكا - دۇكانلارغىچە يامراپ كەتتى. تېلېۋىزور ئېلانلىرىدا بېشىدا ھاراق كومزىكى كۆتۈرگەن ئۇيغۇر قىزنىڭ خىتاي يىگىتنىڭ چاڭقاشلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يۈگرەپ كېتىۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر يەر ئالغان ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئار - نومۇسى بىلەن ئوينىشىدىغان باسقۇچقا يەتكەن ئىدى. ئويغاق ۋە ھوشيار ئۇيغۇر سەركىلىرىنىڭ ئالدىدا ھەق ۋە ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش ياكى چۇقان سېلىشتىن ئىبارەت ئىككى يول تۇراتتى. 5 - فېۋرال كۈنى، غۇلجا سەركىلىرى چۇقان سېلىش يولىنى تاللىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەردى.

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئارخىپلىرىنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا، ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان نام - نىشانسىز ھالدا غايىب بولغان سەركىلەرنىڭ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بۇرمىلانغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە ئۆز خەلقىگە توغرا بولغان ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىدا پەقەت بىر يول بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي ئىسلام يولىنى تاپالىغاندىلا ئاندىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاق تاماكا ۋە ھاراق ـ شاراب بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى مەسخۇش قىلىپ يوق قىلىش ھىيلىسىنى يېڭىپ چىققىلى بولاتتى.

مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار، ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق غۇلجا ئىنقىلابى سەركىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان، ھەمدە 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ پىلان ۋە ئارقا سەپ ئىستراتېگىيە، شۇنداقلا نىشانلىرىدا كۆپلىگەن ئەقلىي ئەمگەكلىرىنى سىڭدۈرگەن، ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«5 ـ فېۋرال غۇلجا ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت قېرىندىشىمىز نۇقتىلىق بىرسى. بۇ قېرىندىشىمىز ھە ـ رىكەتنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى شېھىت بولغانغا قەدەر مۇستەھكەم تۇردى، مۇشۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلدى. ئابدۇخېلىلنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ئاساسەن خەلقنى ئويغىتىش، دىنىي تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش بولدى. ۋەتىنىمىزدىكى دىن ئەمەلىيەتتە ماھىيىتى ئۆزگەرتىلگەن، يۆنىلىشى بۇرمىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئىسلامنىڭ ئەسلى مەنتىقىسىدىن، ئەسلى مۇددىئاسىدىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ (ئابدۇخېلىل) كىشىلەرنى توغرا يولغا، ياخشىلىققا يېتەكلىدى.

ئەسلىدە دىن بىباھا گۆھەر بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت

يولىدۇر. يەنى، دىنىنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭغاندا دىن ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن بىز شۇنداق بەخت يولىنى قولىمىزدا كۆتۈرۈۋالغىنىمىز بىلەن، ئەھۋالىمىز ناھايىتى ناچار، ناھايىتى بىچارە، خار ھالەتتە ئۆتتۇق. چۈنكى بۇ دىن ئەسلى ماھىيىتىدىن بۇرمىلىنىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئۇ بىزگە بەخت ـ سائادەت ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلمىدى.

ئەمدى غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئۇ ئىنسانلارغا مۇشۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇتۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز ئەركىنلىكى، ئازادلىقى ۋە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن بىر يول ھازىرلاپ، ئۆزىنى تونۇشقا باشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇخېلىل قاتارلىق مۇشۇ يولدىكى نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلىرىمىز ۋە تەشكىلاتلار ھەممىسى دېگۈدەك ئاساسىي جەھەتتىن دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى دەپ قارايمەن. دېمەك، ئۇ قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ خالىسا مۇشۇ يولدىكى ئېسىل، مۇنەۋۋەر جەڭچىلەر».

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، غۇلجا ياشلىرىدىكى ئويغىنىش بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەشرەپىنىڭ ئۆزئارا يىمرىلمەس يۇغۇرۇلۇشى ۋە جان بىلەن تەنگە ئوخشاش بىرلىشىپ بىر گەۋدە بولۇشى ئىدى.

«غۇلجا ياشلىرىدا بىر خىل ئويغىنىش بارلىققا كەلگەن. بىز كىم؟ بىزنى كىم ياراتتى؟ بىز نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدۇق؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نېمە؟ بىز مۇشۇنداق قۇل بولۇپ ئۆتۈشكە رازىمۇ؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ‹مۇسۇلمانلار بەختكە ئېرىشتى› دېگەن، قېنى بۇ (بەخت)؟ ئاللاھ يالغانچىمۇ ياكى بولمىسا

بىز نېمە ئۈچۈن بەختكە ئېرىشەلمەيمىز؟ دەپ ئۆزىنىڭ خار ـ زەبۇن ھالىتىدىن ئىنسانلار شۇ ۋاقىتتا ئويغانغان. دەسلەپتە بۇ، قۇرئاننى ئۆگىنىش، قۇرئاندىن ئۆزگە نىجاتلىق يول ئىزدەش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلە ـ ئائىلىلەردە يەتتىدىن، سەككىزدىن، ئوندىن بولۇپ قۇرئان ئۆگەنگەن. ئاندىن بۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى مەشرەپ شەكلىدىن پايدىلىنىپ، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆز كىملىكىنى تونۇشقا يېتەكلەش پائالىيىتى شەكلىدە قانات يايدۇرغان ۋە بۇ پائالىيەتلەر دەسلەپتە ئائىلىلەردىن باشلانغان. دەسلەپتە ئائىلىلەردە بۇ پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. كېيىن مېھمانخانىلاردا ئاتامانلار ئۇلارنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىغان. مەشرەپلەرگە قاتناشقان قېرىنداشلار يىغىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا مۇشۇ پائالىيەتنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرغان.

# 3 - قىسىم

## شېھىت تۇرسۇن سەلەي

بۈگـۈن بىــز ئـۇزاق شــىمالىي ئامېرىــكا قىتئەســىدە تــۇرۇپ بوســتانلىق شــەھەر غۇلجىغــا نــەزەر ســالغىنىمىزدا، ناھايىتــى نۇرغـۇن قەھرىمانلىـق داسـتانلىرىنى قۇچاقـلاپ ياتقـان چارىسـىز بىــر شــەھەرنى كۆرمەكتىمىــز.

بۈگـۈن سـىلەر بىلـەن 5 ـ فېۋرال غۇلجـا ئىنقىلابـى ياراتقـان ئۈيغـۇر قەھرىمانـى ـ شـېھىت تۇرسـۇن سـەلەينىڭ ئارخىپلىرىنـى ئورتاقلاشماقچىمىز.

تۇرسـۇن سـەلەي 5 ـ فېـۋرال غۇلجـا ئىنقىلابـى يـۈز بەرگـەندىن كېيىــن، بىــر يىــل ھەمراھلىــرى بىلــەن بىرلىكتــە پارتىزانلىــق ھەرىكىتـى ئېلىـپ بارغـان. غۇلجـا مەھەللىلـىرى، غۇلجـا خەلقـى، ئۈچـۈن قاتارلىـق يېزىلاردىكـى دېھقانـلار ئۇنـى بىـر يىلغـا يېقىـن ئـۆز قوينىغـا ئالغـان. ئـۇ، 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى غۇلجـا ناھىيـە ئۈچـۈن يېزىسـىدا، ئىلـى ئوبلاسـتلىق ئالاھىـدە تەربىيەلەنگـەن ھەربىـي قىسـىم، ئىلـى ئوبلاسـتلىق زوراۋانلىققـا قارشـى تـۇرۇش ئەترىتـى ۋە 8660 ـ قىسـىم قاتارلىـق خىتـاي تاجاۋۇزچىلىرىنىـڭ ئالاھىـدە تەربىيەلەنگـەن قورالل‍ىق قىسىملىرى ئېلىـپ بارغـان بىرلەشـمە ھۇجـۇم ۋە رەھىمسـىزلەرچە پارتلىتىـش ھۇجۇمـىدا شـېھىت بولغـان. ئـۇ، شـۇ كۈنـى خىتـاي ئالاھىـدە قورالل‍ىـق سـاقچى قىسـمىنىڭ لوگفېـي ۋە نـۇرلان ئىسـىملىك ئالاھىـدە ساقچىسـىنى ئېتىـپ ئۆلتۈرگـەن. ئـۇ شـۇ چاغـدا تېخـى

30 ياشقىمۇ توشمىغان ئىدى.

بۈگۈن شاھىتلار غۇلجا خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇچۈن خەلقى ئارىسىدا يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئىغىزدىن - ئىغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن بۇ قەھرىمانىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

ئالدىنقى قىسىم پىروگراممىزدىن كېيىن، فېسبۇكتىكى ئىخلاسمەنلىرىمىزدىن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ كۆز قاراش - پىكىرلىرىگە ئورۇن بېرىش، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا توغرا باھا بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز. فېيسبۇك ئارقىلىق بىزگە خەت يازغان قېرىندىشىمىز 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى دىمكۇراتىك بىر ھەرىكەت دېيىشىمىزنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش ئىكەنلىكىنى، 5 - فېۋرال كۈرەشچىلىرىنىڭ «دېموكراتىيە» دېگەن بۇ ئىبارىنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى:

«5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە مەن بەك جىق ئىشلارنى ئاڭلىغان. ئۆزۈم بەك قىزىققاچقىمۇ، شۇنىڭغا قاتناشقان ئادەملەردىن تولا سوراپ تۇرۇۋاتتىم. ‹شۇ ۋاقىتلاردا قانداق بولغان؟ نېمە ئىشلارنى قىلغانىدىڭلار؟ (بۇ ھەرىكەتنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولۇپ كەتتىچۇ) بۇ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانمۇ ئەسلىدە؟› دەپ جىق سورايتتىمچۇ، ھەم بۇنىڭغا قاتناشقان باللارنىڭ 5 - فېۋرال دېسە ئاچچىقى كېلىپ قالاتتى ۋە ‹بىز فېۋرال دەپ چىقمىغان، بىز پەقەت ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىمىز دەپ چىققان. ئۇ فېۋرال،

دېموكراتىيە، يەنە ئۇ، بۇ دېگەنلەر بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق› دەپ ئاشۇنداق خاپا بولۇپ قالاتتى...».

بىز بۈگۈن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شەخسلەردىن تۇرسۇن سەلەينىڭ كانادادا ياشاۋاتقان سىڭلىسى بۇسارەم سەلەي بىلەن مۇخبىرىمىزنىڭ ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز. بۇسارەم سەلەي ئاكىسى تۇرسۇن سەلەي ھەققىدە بىزنى بىز بىلمىگەن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**مۇخبىر: سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەمسىز؟**

بۇسارەم: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. مېنىڭ ئىسمىم بۇسارەم سەلەي. غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولدۇم. بىز ئالتە بالا، مەن تۇغۇلۇپ ئۈچ ئاي (مەن 1972 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۇغۇلغان) ئون كۈندىن كېيىن دادام تۈگەپ كەتكەنىكەن. ئاپام ئالتە بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان. بىز شۇ شەرق مەھەللىدە چوڭ بولدۇق. شۇنداق، مەن تۇرسۇن سەلەينىڭ سىڭلىسى بولىمەن.

**مۇخبىر: ئاكىڭىز ھەققىدە ئازراق توختىلىپ بەرگەن بولسىڭىز.**

بۇسارەم: بولىدۇ. ئاكام 1969 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئاكام باشلانغۇچ 5 ـ يىللىقنى پۈتتۈرۈپلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇمىغان. ئاكامنىڭ مىجەزىمۇ شۇنداق ياخشى، خۇشچاقچاق، ئۆزى ئارىلىشىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدىكى سورۇنلارنى قىزىتىدىغان چاقچاقچى، ياخشى مىجەزلىك كىشى ئىدى. ئامال بار باشقىلارغا ياردەم قىلسام دەيدىغان، يامان يوللاردا

يوق، شۇنداق ياخشى ئادەم بولۇپ چوڭ بولغان. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئاكام (غۇلجا شەھەر تاشلەپكىدە پاراخوت ئاشخانا دەپ بىر ئاشخانا بولىدىغان، ھازىرمۇ بارمۇ بىلمەيمەن) پاراخوت ئاشخانىدا تۇرسۇن بەختى دەپ بىر ئۇستا بار ئىدى، شۇ ئۇستىدىن ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەن. ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىپ شۇنداق ئۇستا ئاشپەز بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ تاشلەپكە دوقمۇشتا لەغمەنخانا ئېچىپ، شۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ ( 93 ـ ، 94 ـ يىللىرىغۇ دەيمەن)، 97 ـ يىلى توي قىلدى. توينىمۇ شۇنداق ئاددىيلا ئۆتكۈزدى. مەھەللىمىزدىكى روزىگۈل دېگەن قىز بىلەن توي قىلدى. تويدىن كېيىن ئۇ قىز ئۆيدە ئاپامنىڭ خىزمىتىدە بولدى، ئاكام ئاشخانىسىنى ئېچىپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىسىنى ياخشى ماڭغۇزۇپ چوڭايتىپ دېگەندەك...

زىيارىتىمىز جەريانىدا ئاكىسى تۇرسۇن سەلەي ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بۇسارەم سەلەي، ئاكىسى تۇرسۇن سەلەينىڭ 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتناشمىغانلىقىنى، تېلېۋىزوردىن ئابدۇخېلىل مىجىت باشچىلىقىدىكى «مەشرەپ» گۇرۇپپىسىدىكى ياشلارنىڭ نامايىشقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ياشلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن دېگەندەك مەمنۇن بولمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇسارەم: ئاكام نامايىشقا قاتناشمىدى، لېكىن نامايىش بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا (ئۇ چاغدا مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم بىر ياشقا كىرگەن ۋاقىتلار ئىدى) مەن بالىنى ئېلىپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە قونغىلى بارغان ئىدىم. ئاكام تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ:«ۋوي بۇ بالىلار نېمىشقا نامايىش قىلىدۇ؟ بۇ نامايىشنى قىلمىسا بولاتتى» دەپ تېپىرلاپ كىتىپ بارىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن «ۋاي نېمە بولغاندۇ؟» دەپ بىزمۇ تېلېۋىزورغا قاراپ نامايىشنى

كۆرۈپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئەتىسىدىن باشلاپ مەھەللىدىكى ئاكام بىلەن بىللە ئوينايدىغان يارمۇھەممەد قارىم، ئەنۋەر، ئابدۇۋەلى دېگەن باللارنى كەينى - كەينىدىن بىر ئاخشامدىلا تۇتۇپ ئەكەتكىلى تۇردى. شۇ چاغلاردا ئاكامۇ شۇنداق بىر نېمىدىن ئۈركۈگەندەك بولۇپ قالغان ئىدى. بىزمۇ «ۋىيەي، نېمانداق قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشلاردا بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز.

زىيارىتىمىزنى ئىزچىل قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى 5 - فېۋرال نامايىشىنى ئانچە خالاپ كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

ئابدۇشۈكۈر: ئابدۇخېلىل شۇ ئىشلارنى ئېلىپ بارغان ۋاقىتىدا ھەقىقەتەن مەلۇم ئۇسۇل، تاكتىكا، چارە - تەدبىرلەردە پىكىر ئىختىلاپىمىز بولغان. بۇ گەرچە چوڭ ھالەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى بولمىسىمۇ، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى پىكىر ئىختىلاپى ئىدى. ھەتتا مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇ نامايىشقا چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغان. مەن ئۆزۈم ئۆگەنگەن دىنىي بىلىملىرىمگە ئاساسلانغاندا ئاشكارا دەۋەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىغا مەنسۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتنى ئېلىپ باردى، ئاقىۋەتتە غەلىبە قىلدى. ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ تاللىدىم» دەپ شۇ ۋاقىتتا ئېيتىپ بولدى. ئەمدى دۇنيادا تاكى قىيامەتكىچە ئىسلام دىنىنى ھېچكىم يوقىتالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاشكارا دەۋەت شۇ دەۋرگە مەنسۇپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. ئەمدى ئۇنى تا بۈگۈنگىچە تارتىپ ئەكېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكىم مۇشۇ

كۆنگە ئەكەلسەك، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ياش قېرىنداشلىرىمىزنى خىتاي مۇشۇ باھانىدە ھەممىنى تۈرمىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. نەچچە ئون مىڭ، نەچچە مىڭ بالىلىرىمىزدىن بىز ئايرىلىپ قالىمىز دەپ، مۇشۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا دېگەن مەن ھەم ھازىرمۇ مۇشۇ ئىدىيەدە تۇرۇۋېتىمەن. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ كېچە ـ كېچىدە ھەربىر مەھەللىلەردىن ئوندىن، بەشتىن، ئۈچتىن قىلىپ بالىلارنى تۇتقانلىقى راست. مەن ئۇلار نامايىشقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن خەۋەر تاپتىم.

**مۇخبىر: ئۇ نامايىشتا سىز يوق- ھە؟ نامايىشقا قاتناشمىدىڭىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ياق، ياق، چۈنكى نامايىشنىڭ ئالدىدىمۇ مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، توغرا تاپمىغان. ھازىرمۇ شۇ توغرا تاپمىغان ھالدا تۇرۇۋاتىمەن.

**مۇخبىر: چۈنكى توغرا تاپماسلىقىڭىزدىكى سەۋەب «ئوچۇق- ئاشكارا چىققاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى مۇشۇنى باھانە قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ كېتىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇ بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرى قىرىلىپ كېتىدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن شۇنداق قارشى تۇرغانمىتىڭىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: بىرسى ئۇ ئىدىيە، يەنە بىرسى دىنىي جەھەتتىن، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزۈم توغرا تاپمىدىم. چۈنكى «ئاشكارا دەۋەت قىلىش» دېگەنلىك، «دىنىنى ئاشكارىلاش» دېگەن گەپ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى، مۇشرىكلارنىڭ كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ مەلۇم مەزگىل دىنىنى يوشۇرۇن

تۇتقان. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ، ئۇنى ئاشكارىلاش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئاشكارىلىدى. دېمەك، ئۇ ئاشكارىلىنىپ بولدى، ئاندىن كېيىن دىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىندى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئايەت چۈشۈرۈپ: «مەن ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ تاللىدىم» دەپ بولدى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ خەلقىمىز ئىمانسىز خەلق ئەمەس، ئەسلى ئىمانلىق خەلق. پەقەت مۇناپىق موللىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بىلەن دىنىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان تەرىپى بار. چۈنكى ئەينى زاماندا بۇرۇلۇپ كەتكەن خەلقىمىزنىڭ كاللىسىدىكى بۇرۇنقى دىن بار. شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ» دەپ، مەن ئىككى نۇقتىدىن قارشى تۇرغان.

بۇسارەم سەلەي ئاكىسى ۋە ئائىلىسىنىڭ 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇسارەم: شۇنىڭ بىلەن 5 - فېۋرال بولۇپ بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر كۈنى مەن (ئىككى ھەپتىدىن كېيىنمۇ) ئاپامنىڭ ئۆيىگە باردىم. كېچە سائەت بىر - ئىككىلەر بولغاندا ھەدەم تالاغا چىقىپتۇ، چىقىپ «ۋاي ئاپا!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. نېمە بولدىكىن دەپ چىقىپ قارىساق، ھويلىلارنىڭ پۈتۈن يېرىنى ساقچىلار قورشاپ بوپتۇ.

**مۇخبىر: قايسى كۈنى، ئاشۇ كۈن ئېسىڭىزدە بارمۇ؟**

بۇسارەم: ئېسىمدە يوق جۇمۇ.

**مۇخبىر: قانچىنچى يىللىرى؟**

بۇسارەم: 1997 ـ يىللىرى، 5 ـ فېۋرال ۋەقەسى بولۇپ، ھېلىقى نامايىشلاردىن كېيىن. نامايىش بەشىنچى كۈنى بولغان بولسا، مەن شۇ ئۆيدە ئىدىم، ھەپتىدە بىر كېلىپ تۇراتتىم، بىر ھەپتىدىن كېيىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ، مەن يەنە بىر قونىدۇم. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەدەم كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى، ۋاي نېمە بولدىكىن دەپ يۈگۈرۈپ باغقا چىقساق، قورۇنىڭ پۈتۈن تەرىپىنى ساقچى قورشاپ بوپتۇ.

**مۇخبىر: قانداق نەرسىلەرنى كۆردىڭىز؟ مەسىلەن ساقچىلارنىڭ قىياپىتى قانداقتى؟**

بۇسارەم: قوراللىق، مەسىلەن: كىنولاردىكىدەك ئۆگزىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تاپانچىسىنى تەڭلەپ ياتقانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىنى قاقتى، شۇنىڭ بىلەن دەرۋازىنى ئاچتۇق.

**مۇخبىر: چىقساڭلار ئاتىمىز دەيدىغاندەكلا بىر ۋەزىيەت بارمۇ؟**

بۇسارەم: ئاشۇنداقلا. مەسىلەن: ھېلىقى ئاكامنى قاچسىلا ئاتىمىز دەيدىغان بىر ۋەزىيەت بار ـ دە. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرۋازىنى ئاچساق، شەھەرلىك ساقچىدىكى پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ـ ئۈچ ساقچى ئالدىدا كىردى، كەينىدىنلا قوراللىق ساقچىلار كىردى قورۇغىچە، ھەممىسى بېسىپ كىرىپ بولدى. كىرىپ بولۇپلا، بىر ساقچى ئاپامغا: «ۋاي، ئەنسىرىمىسىلە، ھېچقانداق ئىش يوق، تۇرسۇن مەمەتتىن ئازراق سورايدىغان گەپ ـ سۆزلەر بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز «ۋىيەي»

دەپ ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئاڭغىچە ئاكامنى ئىككى ساقچى ئىككى قولىدىن يېتىلەپ تېپىپ، ئۇرۇپ، دەسسەپ ـ چەيلەپ ماشىنىغا سېلىپلا ئېلىپ كەتتى، قاراڭ.

**مۇخبىر: كېچە سائەت قانچىلەر بولغان ۋاقىت ئاشۇ؟**

بۇسارەم: كېچە سائەت بىر يېرىم، ئىككى بولغان ۋاقىتلار شۇ. ئاشۇنداق قىلىپ ئاكام دېگەننى ئاشۇ دەسسەپ، چەيلەپ، ئۇرۇپ، مىختاپ ماشىنىسىغا ئەپچىقىپ ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتىغۇ دەيمەن.

**مۇخبىر: بىر ئايغىچە خەۋىرىنى ئالالىدىڭلارمۇ؟**

بۇسارەم: چوڭ ئاكام بېرىپ ساقچىلاردىن سوراپ قىلسا، «ۋاي ئىنىڭ بار، ئازراق سورايدىغان ئىشلار بارتتى، بىز سوراپ بولۇپ قويۇۋېتىمىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئايدىن كېيىن، 40 كۈن بولغان ۋاقىتتا، ئاپاملار:«تۈرسۈن ئاكىڭىز چىققىلى تۈرمىدىن، كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتىڭ» دەپ تېلېفون قىلدى بىزگە. مەن بېرىپ ئۆيگە كىرىپ ئاكامنى تونۇماپتىمەن، قارىسىڭىز دېگەن ھېلىقى شۇنداق ئۇستىخانلىق، بەستلىك كەلگەن ئاكام، مېنىڭ كىچىك ئوغلۇمدەك كىچىككىنە بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكامنى تونۇماستىن، مەن: «قېنى؟ ئاكام قېنى؟» دەپ ئىزدەپ كېتىپتىمەن. ئۇ مەشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتىكەن، «ۋاي مانا مەن» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېشىغا ئېسىلىپ كۆرۈشۈپ قىلدىم.

**مۇخبىر: قايسى تۈرمىدە يېتىپتۇ؟**

بۇسارەم: ئاشۇ 40 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگىمۇ ئاپىرىپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ غۇلجىدا بىزنىڭ

مەھەللىدىلا، شەرق مەھەللىدىلا بىر يەر بارتى، ئاشۇ يەردە بىر تۈرمە باركەنغۇ، ئاشۇ تۈرمىگە ئەكىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چاپچالدىمۇ بىر تۈرمە بار دەڭا، شۇ يەرگىمۇ ئاپىرىپتۇ. مۇشۇ مەھەللىمىزدىكى تۈرمىدە قىينىغانىدا پەقەت چىدىماي قالدىم دەپتۇ ئاپالىغا. بىز كۆرمەيمىز، ئاپالى بەدەنلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ بىچارە نەچچە كۈن بىر خىل بولۇپ كەتتى. ئەھۋالنى ئاكام بىزگە ئۆزى دېمىدى. شۇنداق قاتتىق قىيناپ ئاشۇ كىچىك جەينەكتەك قىلىپ قويۇپتۇ. ئاكام شۇنداق يوغان، شۇنداق ئۇستىخانلىق كىشى ئىدى دەڭە. شۇنداق چوڭ، قاملاشقان، چىرايلىق كىشىنى 40 كۈننىڭ ئىچىدە ئاشتا قىلىپ قويۇپتۇ. تۈرمىدىن چىقىپ ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن، ئاپام ئاكامنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماي ئانچە - مۇنچە شورپا، ئۇنى، بۇنى قىلىپ بېرىپ قارىدى، ساقچىلار ئۇنى «سەن ئاشۇ ئىبراھىم ئىسمائىل دېگەننى تۇتۇپ بېرىسەن بىزگە» دېگەن شەرت بىلەن قويۇپ بېرىپتىكەن شۇ ئارىلىقتا بىر ساقچى كېلىپ ئۇنىڭدىن تالاغا چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بىر نېمىلەرنى سوراپ تۇرىدىكەن. ئاشۇنداق قىلىپ يۈردى، يەنە ئاندىن ئارىلىقتا بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ ئاكامغا: «ئاپامنى ساڭا تاپشۇردۇم ئاكا، مەن بۇدا تۈرمىنىڭ ئىچىگە چىدىيالمايمەن، بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن مەن قېچىپ چىقىپ كېتىپ سىرتتا ئۆلەي» دەپتۇ. ئاپامنى چوڭ ئاكامغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقلاردا قېچىپ يۈردى. غۇلجا شەھەرنىڭ ئىچىدە يۈرۈپتۇ، سىرتلارغىمۇ چىقماپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز قېيىنئاناملارنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدى. كېچىلىرى ئانچە - مۇنچە كېلەتتى، مەن ئۆيىگە ئەكىرىپ بىرەر كۈن قوندۇرۇپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ يولغا سېلىپ قوياتتىم. قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرەرمىز ئاكا دېسەم، «ھەي بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ

كېتىدۇ ئۇكام، سەۋر قىلىش كېرەك» دەيتتى. ئاشۇ چاغلاردا بىرەرسى كۆرۈپ قېلىپ چېقىپ قويغانمىكىن، ساقچىلار بىزنىڭ ئۆينىمۇ قورشاۋغا ئالدى. شۇندىن كېيىن ئاكامنى كۆرمىدۇق، شۇ پېتى كەلمىدى...

يەنە بىر فېيسبۇكتىن ئىنكاس يازغۇچى قېرىنداشىمىز، ئابدۇخېلىل مىجىت ئوتتۇرىغا قويغان نامايىشقا چىقىش پىلانى ھەققىدە ئەينى يىللاردا بولۇنغان مۇنازىرە ھەققىدە توختىلىشىنىڭ، ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بارلىق 5 ـ فېۋرال شاھىتلىرىنىڭ كەڭ ـ كۇشادە، ئەركىن مۇنازىرە قىلىشىنى لايىق كۆردۇق.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئارخىپلىرىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا تۇرسۇن سەلەيىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىغا كەڭرى يەر بېرىمىز. شاھىتلار ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن ئوخشىمىغان ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

# 4 - قىسىم

## 26 - ئىيۇن ئۈچىيۇن ۋەقەسى

ئەگەر روھىيىتىمىز قاراڭغۇلۇقتا قالسا، بارلىق جىنايەتلەرنىڭ، بارلىق تۆھمەتلەرنىڭ، ئەبگارلىق ۋە نادانلىقلارنىڭ ئىگىسى بىز بولۇپ قالىمىز. ئەگەر روھىمىز قاراڭغۇلۇقتا قالسا، بارلىق جىنايەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يەردىكى جىنايەتچى گۇناھنى ئۆتكۈزگەن ئەمەس، ئەلۋەتتە. جىنايەتچى بىزنىڭ روھىمىزنى قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرغانلاردۇر.

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا شېھىت بولغانلار، تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلار، مۇددەتسىز كېسىلگەنلەر، خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قاتتىق قىيىن - قىستاق سەۋەبىدىن نېرۋىسىدىن ئايرىلغان هالدا قويۇپ بېرىلگەنلەر، شۇنداقلا خىتاينىڭ تىقلىم - تىقلىم تۈرمىلىرىدە جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇۋاتقانلار بولسۇن، ھەممىسى روھىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقتا قالماسلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ بالدۇر ئويغانغان سەركىلىرىدۇر.

بىز قەھرىمانلىق ھېكايىسىنى سۆزلىمەكچى بولغان تۇرسۇن سەلەيمۇ، ئەنە شۇنداق روھنىڭ قاراڭغۇلۇقتا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلەر جۈملىسىدىن.

ئەينى يىللاردا 300 مىڭ نوپۇسقا ئىگە غۇلجىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە شەھەردە، ئىلى ئوبلاستلىق ھەربىي رايون، ئىلى زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتى، ئالاھىدە

ساقچى قىسىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى بولغاندىن سىرت، يەنە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندە ئىچكىرى خىتايدىن 8660 - قىسىم دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە قوراللىق قىسىمنى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ كەلگەن. نەتىجىدە 300 مىڭ نوپۇسلۇق بۇ شەھەردىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەربىي كۈچىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. دېمەككى، ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمگە بىر ئالاھىدە قوراللىق قىسىم ئەسكىرى توغرا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردىكى خىتاي نوپۇسىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر ئۇيغۇرغا ئۈچتىن ياكى تۆتتىن مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن قوراللىق ساقچى قىسىم ياكى خىتاي ئەسكىرى توغرا كەلگەن. ھەربىي كۈچى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ كېلىۋاتقان خىتاي بۇ مەزلۇم خەلقتىن نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قورقىدۇ؟

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە تانكىلىق قىسىملىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن 8660 - قىسىمنى، غۇلجىدىكى يۈتكۈل خىتايلارنىڭ كوچىلارغا چىقىپ يىغا - زارە قىلىپ قارشى ئالغانلىقى، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ قىسىمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كوچىلارغا چىقىشقا مەجبۇرلانغانلىقى ھېلىھەم كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي جاللاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى، جۈملىدىن سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى پارتلىغان ئىنقىلاب ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان غۇلجا شەھىرىنى ساقچى دۆلىتىگە، جۈملىدىن ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

5 - فېۋرال ئارخىپلىرىنىڭ 3 - قىسمىدا شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇنى

قانـداق قىيىـن ـ قىسـتاققا ئالغانلىقى، ئاخىرىـدا ئۇنىـڭ يەنـە بىـر قېتىـم تۆرمىگـە كىرىشـىنىڭ ئورنىغا، بىپايـان غۇلجا يايلاقلىرى ۋە مەھەللىلـەردە مۆكۈنـۈپ يـۈرۈپ، پارتىزانلىـق ئۇرۇشـى ئېلىـپ بېرىـش ئارقىلىـق خىتـاي تاجاۋۇزچىلىرىنـى ساراسـىمىگە سـېلىش يولىنـى تاللىغانلىقى ھەققىـدە توختالغانىـدۇق.

ئەينـى يىللاردا خىتـاي تاجاۋۇزچىلىـرى يۇقىرىـدا بىـز ئېيتىـپ ئۆتكەنىـدەك، 100 مىڭغـا يېقىـن مۇنتىزىـم ئارمىيـە ۋە قوراللىـق سـاقچىلىرىنى غۇلجـا شـەھىرىدەك 300 مىـڭ نوپۇسـلۇق بىـر كىچىككىنـە شـەھەرگە تۆكۈۋەتكـەن تۇرۇقلـۇق يەنـە دەككـە ـ دۈككـە، ۋەھىمـە ۋە قورقۇنـچ ئىچىـدە ياشـىغان. ئۇلارنىـڭ ۋەھىمىسـى شـۇ يـەردە ئىپادىلەنگەنكـى، خىتـاي سـاقچىلىرى تۇرسـۇن سـەلەي ۋە ئۇنىـڭ ھەمراھلىـرى ئوبلاسـتلىق سـاقچىنى پارتلاتماقچى بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ، تۇرسـۇن سـەلەينىڭ 70 ياشـلىق ئانىسـى تۇرسـۇنخاننىڭ قولىغـا كويـزا سـېلىپ، ئوبلاسـتلىق سـاقچىنىڭ ئۆگزىسـىگە ئولتۇرغـۇزۇپ قويغـان. مەقسـەت، ئۇنىـڭ ئوغلـى تۇرسـۇن سـەلەي ئۆگزىدىكـى ئانىسـىنى كۆرگەنـدىن كېيىـن پارتلىتىشـتىن ۋازكېچەرمىـش. ئەينـى يىللاردا شـەھەرلىك سـاقچى ئىدارىسـىمۇ، بىر قىسـىم بۆلگۈنچىلەر سـاقچى ئىدارىسىنى پارتلىتىدىكـەن دېگـەن گەپنـى ئـاڭلاپ، ۋەھىمىگـە چۈشـۈپ بىـر قانچـە 5 ـ فېـۋرال تۇتقۇنلىرىنـى ئېلىـپ كېلىـپ، شـەھەرلىك ساقچىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكـى كىرىـش زالىغـا باغـلاپ قويغانلىقى مەلـۇم. بـۇ ھەقتىكـى زىيارىتىمىزنـى داۋاملاشـتۇرۇۋاتقان شـېھىت تۇرسـۇن سـەلەينىڭ ھازىـر كانـادادا ياشـاۋاتقان سىڭلىسـى بۇسـارەم سـەلەي مۇنـداق دەيـدۇ:

بۇسـارەم: بىزنـى، پۈتـۈن قېرىنداشـلىرىمنى، قالغـان ئـاكا ـ ھـەدە، كۈيئوغـۇل، كېلىـن ھەممىمىزنـى سـاقچىغا، شـەھەرلىك سـاقچىغا چاقىرتىـپ ئېلىـپ كەلـدى. باغنىـڭ يېنىدىكـى

ئوبلاستلىق ساقچى - ھە؟ يېڭى ھايات تەرەپتىكى شەھەرلىك ساقچىغۇ - ھە؟

**مۇخبىر: ھەئە، شۇنداق.**

بۇسارەم: ئاشۇ شەھەرلىك ساقچىغا ھەممەيلەننى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىمۇ بالىلىرىم بىلەن سۈرەپ ئېلىپ كەلدى.

**مۇخبىر: قانچە ئادەم باردىڭلار شۇ كۈنى؟**

بۇسارەم: شۇ كۈنى بىز چوڭ ئاكام، چوڭ ھەدەم، پاتىگۈل ھەدەم، مەخمۇت ئاكام...

**مۇخبىر: ئاپىڭىزمۇ باردىمۇ؟**

بۇسارەم: ئاپام بارمىدى. مەن بالام بىلەن ياقۇپجان ئاكام سەككىز ئادەم بېرىپتۇق. بالا - چاقىلار بىلەن بولۇپ سەككىز ئادەم بېرىپتۇق. بارساق، بىزگە يىغىن ئېچىپ: «ئەڭ ياخشىسى تۇرسۇن مەمەت سەلەينى تۇتۇپ بېرىڭلار، تۇتۇپ بەرسەڭلار ھايات قالىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، بىزگە تەربىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز:«ۋاي، بىز قانداق تۇتۇپ بېرىمىز ئۇنى؟» دېدۇق. ماڭا:«سەن كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرىپسەن، سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەپتۇ، سەن قاراپسەن» دېدى. «ئاكام كەلمىدى، ئاكام كەلگەن بولسا مەن قارايمەن، تۇتۇپ بەرمەيمەن، نېمىشقا ساڭا تۇتۇپ بېرىمەن؟ ئۇ مېنىڭ ئاكام تۇرسا! قانداق تۇتۇپ بېرەلەيمەن؟» دەپ، ئۇلار بىلەن ئاشۇ يەردە ئۇلار بىلەن مۇنازىرلىشىپ چىقىپ كەتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپام رەھمەتلىك بىچارىنى، 70 ياشقا كىرىپ قالغان موماينى، «بۈگۈن سېنىڭ ئوغلۇڭ ئوبلاستلىق ساقچىنى

پارتلىتىدىكەن، سېنى كۆرسە پارتلاتمايدۇ ئوغلۇڭ» دەپ ئايرىپ، قولىغا كويزا سېلىپ بىنانىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاشۇنداق قىيناپ كەتتى قارا؛ يېرىم كېچىدە ئايرىۋېلىپ.

**مۇخبىر: بۇ، قاچان بولغان بۇ ئىش؟**

بۇسارەم: ئاكام قېچىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا. 97 ـ يىلى بىلەن 98 ـ يىلىنىڭ ئارىلىقلىرىدا، بولغان ئىشلار. «ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرساڭ، سېنى كۆرسە پارتلاتمايدۇ بالاڭ» دەپ ئاشۇ قېرى موماينى ئايرىپ، شەھەرلىك ساقچى بىناسىنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ، قولىغا كويزا سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، قاراڭ. بىز كۆرمىگەننى كۆردۇق. رەھمەتلىك ئاپامنىڭ يۈرەكلىرىمۇ تۈگەپلا كەتتى. مەنغۇ قېيىن ئاپامنىڭ ئۆيىدە ئىدىم.

**مۇخبىر: ئۆگزىگە چىقىپ قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇردى ئاپىڭىز؟**

بۇسارەم: ئۇنى ئېنىق سورىماپتىمەن.

**مۇخبىر: ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟**

بۇسارەم: ئاپامنىڭ ئىسمى تۇرسۇنخان.

**مۇخبىر: قانچە ياشتا ئىدى شۇ چاغلاردا؟**

بۇسارەم: ئاپام 2006 ـ يىلى تۈگەپ كەتتى. 2006 ـ يىلى 76 ياشتا ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ چاغلاردا 60 نەچچە ياش ۋاقىتلىرى بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۆرمىگەننى كۆردى رەھمەتلىك ئاپاممۇ. بىر كۈنى ئاپامنى

ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن، بىر كۈنى چوڭ ئاكام بىچارىنى قولىغا كويزىنى سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئىككىسى شۇ چوڭ ئۆيدە، بىز بولساق قېيىن ئانىلارنىڭ ئۆيىدە بولغاچقا بىزگە ئانچە قىلىپ كەتمىدى ساقچىلار. ئەمما ئاپام بىلەن چوڭ ئاكامنى بەك قىينىدى. ئاشۇنداق قىلىپ رەھمەتلىك ئاپام شۇ كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى (شەرق مەھەللىدە ئاپامنىڭ ھەدىسىنىڭ ياقۇپجان دەپ ئوغلى بار ئىدى، ئاپامنىڭ ئاچىسىنىڭ بىر تاللا ئوغلى ئىدى ئۇ كەپتۇ. شۇ كۈنى مەنمۇ بىزنىڭ چوڭ ئۆيدە ئىدىم) ياقۇپجان كېلىپ، ھەدەمگە كۆسۈلداپ بىر گەپلەرنى قىلدى - دە، ھەدەم ئېتىلىپلا يىغلاپ كەتتى. ئاشۇ 1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنلىرى بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ھەدەم ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتكەنىدى، ئاپام قوپۇپ: «ھەي ياقۇپ نىمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ ماڭا دەۋەر جۇمۇ؟ مېنىڭ يۈرەكلىرىم تەييار. تەييارلىقىم بار مېنىڭ يۈرەكلىرىمنىڭ» دېگەنتى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپجان ئاكام: «ۋۇي كىچىك ئاپا، تۇرسۇن ئاكام شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەنتى...

**مۇخبىر: ئۇچىئۇن ۋەقەسى شۇمۇ؟**

بۇسارەم: ھەئە، شۇ.

**مۇخبىر: قانداق قىلىپ ئاكىڭىز تۇرسۇن سەلەي، ئۇچىئۇن ۋەقەسى بولغان مەيدانغا بېرىپ قاپتۇ؟ ئاشۇ يەردىكى ئۆيدە بۇلار يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتىكەنمۇ؟**

بۇسارەم: بۇ جەرياننى تاھىر ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى بۇلار چىقتىچۇ ئۇچىئۇنغا، مەن بارمىدىم.

**مۇخبىر: مېيىتنى ئېلىپ كەلگىلىمۇ؟**

بۇسارەم: مېيىتنى بەرمىدى. مېيىتنىڭ يېنىغىمۇ بارغۇزمىدى بۇلارنى. مېيىتنى ئاشۇلار ئۆزى كۆمۈۋەتتى.

**مۇخبىر: سىلەرگە ئاكىڭىزنىڭ مېيىتىنىمۇ بەرمىدىمۇ؟**

بۇسارەم: ياقەي، ئۇنى كۆرسەتمىدى. قەبرىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى تېخى. قەبرىسىنىمۇ تۈزلىۋېتىپتۇدەك نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا. تاھىر يەنى مېنىڭ يولدۇشۇم شۇ چاغدا خالمۇرات ئاكام بىلەن بىللە ئۇچئۇنغا بارغان (مېنىڭ چوڭ ئاكام بىلەن). شۇ يەردىكى دېھقانلار، شۇ ۋەقەنى كۆرگەن ئادەملەر تاھىرغا سۆزلەپ بېرىپتىكەن...

چېش تىرنىقىغىچە قورااللانغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، بۇ مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىدىن نېمىشقا بۇنچىۋالا قورقىدۇ؟

شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان قېيىن ئىنىسى تاھىر مجىت ئەپەندى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، قېيىن ئاكىسى تۇرسۇن سەلەيىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەردى.

تاھىر: 1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇچئۇندا تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق قىرىپ قالغان گورۇپپا ھەيئەتلىرى بىلەن بىر يىغىن ئېچىپ، «كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېگەننى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن شۇ يەردە يىغىلماقچى بولغان ئىكەن. خىتاي ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ئۇنىمۇ ئالدىنئالا ئىگىلەپ بوپتىكەن. شۇ كۈنى قەيەردە ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن تارتىپ بىلىپ بولغان ئىكەن. بۇ باللار شۇ يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا ئاساسىي جەھەتتىن قورشاۋغا چۈشۈپ بولغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار شۇ ئۇچئۇن

يېزىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئالتە ـ يەتتە بالا بىر ئۆيگە مۆكۈنۈپتۇ. سەھەر 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سەھەر سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا، سەل قاراڭغۇراق مەزگىل ئىكەن، بۇلار ئەتراپىنى قورشىۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تامدىن ئاتلاپ بىرسىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ ئۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغانىكەن. كېيىن ساقچىلار بۇ قورۇغا كىرىۋالغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ھويلىنى قورشاۋغا ئاپتۇ. بۇ باللاردىمۇ ئاز ـ تولا قورال بولغاچقا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ ھويلىنى قورشاپ، بۇلارنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن جىق ھەرىكەت قىلغان ئىكەن. لېكىن ھەربىيلەردىن، يەنى خىتاي تەرەپتىن كۆپ ئەسكەر چىقىم تارتىپتۇ. شۇ چاغدا بىزنىڭ بۇسارەمنىڭ ئاكىسىنىڭ (تۇرسۇنمەمەتكامنىڭ، يەنى تۇر-سۇن سەلەينىڭ) قولىغا، قولىنىڭ بىر ـ ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەن ئىكەن. كېيىن تۇرسۇن مەمەتكام ھەربىيلەر بىلەن ئېتىشىش جەريانىدا شۇ ئالتە ـ يەتتە بالىنى قاچۇرۇۋەتكەنىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا جەمئىيەتتىكى گەپلەر، يەنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭكى بەزى ۋاقىتتا سورۇنلاردا مەست بولۇپ قېلىپ دەپ بېرىشلىرىگە قارىغاندا، ئۈچ ـ تۆت يۈز ھەربىي شۇ قورۇنى ئۈچ چەمبىرەك قىلىپ قورشىۋاپتىكەن. بۇلاردا ئاز ـ تولا قورال بولغاندىن كېيىن ئېتىشقان ۋاقىتتا، ھەربىيلەر قورقۇپ كېتىپ دۈم يېتىۋالغاندا ئۇيغۇر پارتىزانلىرى ئۇلارنىڭ دۈمبىلىرىنى دەسسەپ، ئالتە بالا ئاشۇ ئۈچ چەمبىرەك قورشاۋنى بۇزۇپ قېچىپ كەتكەن.

**مۇخبىر: بۇ پارتىزان يىگىتلەرنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟**

تاھىر: ئۇ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئېسىمدە.

خەمەت دېگەن بىر پارتىزان يىگىت بار ئىدى. قازاقستان ئۆتكۈزۈپ بەرگەن پارتىزان يىگىتلەر شۇلار. شۇ خەمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئالتە ـ يەتتە يىگىت.

**مۇخبىر: قورال بىلەن قولغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆتكۈزۈپ بەردىغۇ؟**

تاھىر: ھەئە، شۇ. ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا ئىككى بالا شېھىت بولۇپ كېتىپ، شۇلارنىڭ تۆت ـ بەشى قورال بىلەن ئامان ـ ئېسەن ھالدا قازاقستانغا قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ساق قالغان ئەڭ ئاخىرقى بالىلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كېتەلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى قازاقستان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتتىغۇ بەربىر. ئەمما ئۇ بالىلارنىڭمۇ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئەمما تۇرسۇن مەمەتكام ئەتىگەن سائەت بەشتىن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىرگىچە ئېتىشىپتۇ. دېمەك، بۇ يەردە تۇرسۇن مەمەتكامنى تۇتالمىغان. تىرىك تۇتالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇسارەمنىڭ ئاكىسى تۇرسۇنمەمەتكام ئىبراھىم ئىسمائىلدىن كېيىن، ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان ئىكەن. ئاخىرىغا كەلگەن چاغدا، ھېلىقى نۇرتاي دەپ بىر قازاق بالا بار، ئۇ بالىمۇ شۇ يەردە، شۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا ئۆلگەن. ئۆزىنىڭ مەلۇماتىدا «بىز ئىككى تېررورچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق، بىزدىن ئىككى ئادەم قۇربان بولدى، سەككىز ئەسكەر يارىدار بولدى» دەپ تېلېۋىزوردا بەرگەن، شۇ خەۋىرى ئېسىمدە بار. خىتاي ئۆزى شۇ ۋاقىتتا ئاخبارات خەۋىرىدە ئېلان قىلغان بۇ ۋەقەنى. ئەمما بىز شۇ ۋەقەدىن كېيىن چىقساق، بۇ ئالدى- كەينى بولۇپ سەھەر سائەت تۆتتىن چۈشتىن كېيىن بىرگىچە ئون سائەت ئېتىشىش، ئادەتتە بەك چوڭ ئېتىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

بۇ جەرياندا بۇلاردىن جىق ئەسكەر ئۆلگەنىكەن. ئىككى ـ ئۈچ ماشىنا ھەربىي ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكىنى ماشىنىدا توشۇغان. كوچىدا ھەربىي ماشىنىلار ماڭغان، ئاستىدىن قان ئاققانلىقىنى شۇ چاغدىكى جامائەتچىلىك كۆرۈپ گۇۋاھ بولغان. شۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلدى، دەيدۇ. لېكىن خىتاي بۇنىڭغا ئېنىق بىر مەلۇمات بەرمىگەن. ئاخىرى بۇلار شۇ ۋىلايەتلىك ساقچىغا تېلېفون قىلىپ: «بۇ يەردە بەك كۆپ تېررورچى بار ئىكەن، بىز بەك كۆپ ئەسكىرى چىقىم تارتتۇق، تام ئاتلاپ چۈشسەكمۇ، ئۆگزىدىن ئۆمىلەپ چۈشسەكمۇ ئېتىپ تۇرىدىكەن، بىزدىن بەك كۆپ ئەسكەرلىرىمىز قانسىراپ ياتىدۇ، جىق ئەسكەر ئۆلۈپ كەتتى، بۇنى پارتلىتىۋېتىپلا يوقىتىۋەتمىسەك، بىز بۇلارنى تۇتالمىدۇق» دېگەن ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك ساقچىدىن ئىككىنچى تۈركۈمدە ئېغىر تىپلىق قوراللارنى ئېلىپ چىقىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينى تانكا ئاتار ئېتىپ پارتلاتقان ئىكەن. تۇرسۇن مەمەتكام شۇ پارتلاشتا شېھىت بولغانىكەن. پارتلىغاندا بىر يۈزى ئېلىنىپ كەتكەن ئىكەن، شۇ جەسەتنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرگەن، يەرلىكتە قويغانلارنىڭ دېيىشىچە...

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېغىر تىپتىكى زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان خىتاينىڭ ھەر خىل ناملاردىكى قوراللىق قىسىملىرى ماشىنىلىرىنى چىرقىرىتىپ، ئىنتايىن قاتتىق ۋەھىمە ۋە ساراسىم ئىچىدە غۇلجا شەھىرىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرى ۋە غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن يېزىسىنى ئۈچ قات مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنى بۇنچىۋالا ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن كىشىلەر كىم؟ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانى شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىر قانچە تال قورال، تاپانچىغا

ساھىب بەش ياكى ئالتە ئۇيغۇر پارتىزانلىرى.

ئەگەر شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قولىغا قورال چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار؟!

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. سۆزلەيلى! يازايلى!

# 5 - قىسىم

## 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى بىر داستان

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى بىر داستان، ئۇنى ئانىلار بۆشۈك تەۋرەتكەندە قوشاقلار قېتىپ، خۇددى «چىن تۆمۈرباتۇر» داستانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەندەك، ئۇزاق تارىخلارغا قەدەر توشتۇرىدۇ. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا شېھىت بولغان ھەر بىر قەھرىماننىڭ كەچمىشى بىر رومان، ئۇنى ئەۋلادلىرىمىز يېزىپ چىقىدۇ. 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى سۆيۈملۈك مىلودىيە، ئۆلمەس ناخشا. بۇ ناخشىنى ئەجدادلار ئېيتقان، بىزمۇ ئېيتىۋاتىمىز، ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئېيتىدۇ. بۇ سۆيۈملۈك مىلودىيەگە مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە قىسمەتلىرى كىرىشتۈرۈلگەن. ئىنسان ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ئەمما ناخشىمىز ئۆلمەيدۇ.

5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى كۆرۈنۈشتە مەغلۇپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ روھى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مەغلۇپ بولغىنى يوق. 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەڭ ئېغىر ساراسىمىگە سالغان ئىنقىلاب. شۇڭا خىتاي 8660 ـ قىسىم دەيدىغان ئالاھىدە قوراللىق قىسمىنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان مەخپىي قىسىملارنى يۆتكەش ئارقىلىقلا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىنى بىر تەرەپ قىلالىغان. 5 ـ فېۋرال قەھرىمانلىرى ئۆلۈم مەيدانىغا مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇرانە بارالىغان. ئۇلارنىڭ ئورتاق ۋەسىيىتى- بىز ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزمەڭلار، ياش تۆكۈپ يىغلىماڭلار. ئۇلارنىڭ ئەڭ

ئۆكۈنىدىغان ئىش ـ خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىرمۇ ـ بىر ئېتىشىپ شېھىت بولالمىغانلىقى ئىدى.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگىنىگە يىگىرمە يىل بولدى. بىز لەۋلىرىمىزنى قاتتىق چىشلەپ ئۆكۈنۈش ئىچىدە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىزكى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن ناھايىتى كۆپ تۇرماقتا. سۆزلەيلى! يازايلى! 5 ـ فېۋرال تارىخىمىز ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىدىن ئورۇن ئالسۇن!

بىز بۈگۈن قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىتىمىز. بۇ سۆيۈملۈك ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگۈچى تۇرسۇن سەلەيىنىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان قېيىن ئىنىسى، ئەينى يىللاردىكى غۇلجا شەھەر جىگدىلىك مەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ يىگىت بېشى تاھىر مىجىت ئەپەندى. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزگە دىققەت بەرگەيسىلەر.

تاھىر: يەنە بىزنىڭ تۇرسۇن مەمەتكام ئەسلى مەشرەپ گۇرۇپپىسىدا بولغان. نۇرغۇن باللارنى تەشكىللەپ خىتايغا قارشى قورالىق گۇرۇپپىنى...

**مۇخبىر: مەشرەپ گۇرۇپپىسى بولغان ۋاقىتتا، شەرق مەھەللىسىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭمۇ؟**

تاھىر: ياق، ئۇلار شەرق مەھەللىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىسى بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭكى ئالاقىلىشىدىغان باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، دۆڭ مەھەللىدە، شەرق مەھەللىدە، ھەتتا مەمە يۈزىدە، غوجايار يۈزىدە، كېپەك يۈزىدە، نۇرغۇن نۇرغۇن مەھەللىلەردە بۇلار ئالاقىلىشىپ، ئۇلارمۇ

ئـۆز تـورى ئارقىلـىق كېڭىشـىپ ئاخىـرى بـار مەسـىلىھەت بويىچـە قوراللىـق ئىنقىـلاب كۆتۈرمەكچـى بولـۇپ، نۇرغـۇن تەييارلىقلارنـى قىلغـان. يامـان يېـرى سـىز ئۆزىڭىـز بىلىسـىز، بىزنىـڭ شـەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىـڭ ھەممىسـى كوممۇنىستىك خىتاي پارتىيەسىنى قوللايدىغان دۆلەتلەر بولغانـدىن كېيىـن، ئۇلاردىـن بىزگـە يـاردەم كېلىشـى مۇمكىـن ئەمـەس. بـۇلار قوراللىـق قوزغىـلاڭ كۆتـۈرۈش ئۈچـۈن بەزىبىـر مەخپىـي يولـلار ئارقىلىق قـورال كىرگۈزۈشـنى پىلانلىغـان بولسـىمۇ، لېكىـن مەغلـۇپ بولغـان. چۈنكـى ھەربىـر كىرگۈزگـەن قوراللارنىـڭ ھەممىسـى شـۇ قورغـاس تاموژنىسـىدا تۇتۇلـۇپلا، ھېـچ بىـر قـورال بالىلارنىـڭ قولىغا يېتىـپ بارالمىغـان. خىتايمـۇ ئاسـتىرتتىن ئـۇ بالىلارنىـڭ ئارىسـىغا ئـادەم كىرگۈزگـەن ۋە بـۇلاردا قانچىلىـك ئـادەم بـار، بۇلارنىڭكـى ئېلىـپ بېرىۋاتقـان ئىشـلىرى قەيەردىـن قەيەرگىچـە، ھەممىنـى خىتـاي بىلىـپ تۇرغانىكـەن. باشـتا، بـۇلار قەيەردىـن قەيەرگىچـە قىلىـدۇ؟ دەپ ئـازراق قويـۇپ بەرگەنىكـەن. كېيىـن بـۇ تۇرسـۇن سـەلەيىنىڭ بالىلىرىمـۇ تۇتۇلۇشـقا باشـلىدى. ھـەر بىـر تۇتۇلغانـدا ئۇنىدىـن، يىگىرمىدىـن، ھـەر قايسـى مەھەللىـدە نەچچـە يۈزلـەپ، نەچچـە مىڭلاپ تۇتۇلـۇپ كەتتـى. شـۇ چاغـدا تۇرسـۇن مەمەتكامىمـۇ ئاخىـرى ئۆزىنـى ئېلىـپ قېچىـپ، ئاشـۇ تۇتۇلۇشـتىن سـاق قالغـان بىـر تۈركـۈم بالـىلار بىلـەن بـۇ ئىنقىلابنـى داۋاملاشـتۇردى.

**مۇخبىر: قوراللىق ئىنقىلابقا ئۆتتى پارتىزانلىق ئىنقىلابتىن؟**

تاھىـر: قوراللىـق ئىنقىلابقـا ئۆتتـى. لېكىـن قوراللىـق ئىنقىـلاب دېگـەن بىلـەن بالـىلاردا قـورال يـوق.

**مۇخبىر: قورال يوق پارتىزانلىق؟**

تاھىر: پارتىزانلىق. ھەتتا بۇ بالىلاردا پارتلاتقۇچ بومبىمۇ يوق.

**مۇخبىر: شۇنداق ئېيتقان ۋاقتتا، بىز تۇرسۇن سەلەيگە 5 - فېۋرال ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پارتىزان دەپ تەبىر بەرسەك توغرا بولامدۇ سىزچە؟**

تاھىر: بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەرىكەتنى پارتىزانلىق يولى بىلەن ئېلىپ باردى.

**مۇخبىر: پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

تاھىر: مىسال ئالسام مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز بۇسارەم ئىككىمىز بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرساق، يېرىم كېچىدە ئىشىكنى چېكىپ بۇسارەمنىڭ ئاكىسى تۇرسۇن سەلەي كىرىپ كەلدى ئۆيگە. ئۈستى باشلىرى قان، تالادا ئۈچ ـ تۆت بالا بار ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، ئۆزى بىزنىڭ ئۆيگە قويۇپ قويغان كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ئىدى، ئۇنى ئالماشتۇردى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، سوئال سورىمىدىم. ئۇ قېچىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى، چىقىپ كەتتى. كېيىن بىر كۈنى بىر ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولۇپ پاراڭلىشىپ قالدۇق. شۇ چاغدا تۇرسۇن سەلەي تۆڭگانلاردىن 30 ـ 40 تال تاپانچىنى ئېچكىرىدىن كىرگۈزگەنىكەن. ئەھۋالغا قارىغاندا خىتاينىڭ ئىشپىيونلۇق ئورۇنلىرى بىرلىشىپ بۇلارغا قاپقان قۇرۇپ ساتقان تاپانچىكەن ئەسلى. كېيىن بۇنى، ھەتتا بىر كىنولىرىدىمۇ ئوتتۇرۇلۇقتا بەرگەن يەرلىرى بار ئاشۇ ۋەقەلىكنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئۇلار باشتا سىناپ كۆرگەندە راست تاپانچىكەن، كېيىن بۇ تاپانچىغا ئىشىنىپ، ئۇلار قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشماقچى بولۇپ، بۇلارنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا تاپانچىدىن ئوق چىقماي، چىققان ئوقمۇ يىراققا ماڭماي، شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلاردىن بەش ـ ئالتە بالا شۇ يەردە شېھىت بولۇپ، تۇرسۇن سەلەي ئىككى ـ ئۈچ بالا بىلەن ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. بۇ، تاش كۆۋرۈك، تاگشاڭ

تەرەپتە بولغان ۋەقە ئىكەن. دېمەكچى بولغىنىم، باللاردا يەنى ئىبراھىم ئىسمائىل، تۇرسۇن مەمەتكام ئالتە - يەتتە باللىدا بىردىن قول تاپانچىسى، تۇرسۇن مەمەتكامدا بىر توقۇنۇشتا بىر ھەربىيدىن تارتىۋالغان بىر ئاپتومات بار ئىكەن. ئاساسىي جەھەتتىن باللار قورالسىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار ئاساسىي جەھەتتىن ئىنقىلابنى، يەنى پارتىزانلىق ھەرىكەتنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارالمىدى. ھەربىر قەدەمدە تىرىك تۇتۇلۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ باللارنىڭ قولىدا ھېچنېمە بولمىغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئوۋ ئوۋلىغاندەك قوغلاپ يۈرۈپ ئۆي - ئۆيدىن، كوچا - كوچىدىن تۇتالىغاننى تۇتۇپ، قاچقىنىنى ئېتىپ مۇشۇنداق باستۇردى.

1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. بۇ كۈندە پارتىزان ۋە شېھىت تۇرسۇن سەلەي خىتاينىڭ مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن ۋە قوراللانغان قىسىملىرى بىلەن ئېتىشىپ شېھىت بولغان. تۇرسۇن سەلەي شېھىت بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى ۋە قېيىن ئىنىسى، يەنى زىيارىتىمىزنى ئىزچىل قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان تاھىر مىجىت ئىككىسى بىرلىكتە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئۈچۈن يېزىسىغا چىقىپ، تۇرسۇن سەلەينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ۋە شۇ يەردىكى بىر قىسىم دېھقانلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان. ئۇ بىرگە ئەينى يىللاردا ئۈچۈن دېھقانلىرىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى مۇنداق ئاڭلاتتى.

تاھىر: دېھقانلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۈچئۈن ۋەقەسى بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، خىتايلار بۇ مەھەللىدە ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزگەنىكەن. ئاشۇنداق تېررورچىلىققا قارشى تۈرۈش نامىدا تانكىلار بىلەن كېلىپ، بىر - ئىككى ئۆينى پارتلىتىپ دېگەندەك. كېيىن تۇرسۇن سەلەينىڭ مېيىتىنى سۆرەپ ئېلىپ

ماڭغـان ۋاقتتـا، جامائەتچلـك ئـگـە بولغانـكـەن «بـۇ ئۆلـدى، تۆگـدى، كەتتـى. بـز ئەمدى بۇنى يەرلـكـدە قويـمز» دېگەندـن كېيـن... ئـۇلار قوپـۇپ: «ئۇنـداق بولسـا مۇشـۇنداقلا كۆمسـەن، يۇمايسـەن، ئانـداق، مانـداق» دېگەنـدە، جامائـەت: «ۋوي قـزنـق گـەپ قـلـدـكەنسـلەر؟ شـېهت دېگـەن يۇيۇلمايـدۇ، دېمسـەڭمۇ مۇشـۇنداق قويـمـز. بـۇ دېگەن شـېهت» دەپ تۇرسـۇن سـەلەينـڭ مېيتـنـى سـورـۇبـلـپ، يەرلـگـگـە قويغـان ئـكـەن.

**مۇخبــر: ئاشــۇ يەردكــى كـشــلەر مېيتنــى تالـشــپ گــەپ تالـشــش بوپتــۇ - دە ســاقچـلار بـلــەن؟**

تاهــر: هەئـە، ســاقچـلار بـلەن ئاشـۇ يەردـكى پۇقرالار ئارسـدا گـەپ تالـشـش بولـۇپ، كېيـن مېيـت قويۇلـۇپ، ئەتـسـى ئۆيـمۇ ـ ئـۆي ئاختـۇرۇپ، «ئەيەردـن قـورال چـقتـى، مـا يەردـن بومبـا چـقتـى» دەپ، بـۇلار تۆهـمـەت قـلـپـلا خېلـى كـۆپ يـاش باللارنـى تۇتـۇپ كېتـپتـۇ. دېمـەك، «خـتـاي، سـەن تۇرسـۇن سـەلەينـڭ مېيتنـى هـمايـە قـلـپ، بـزدـن تارتـۋالدـڭ» دەپ ئـۆچ ئالـدى، مـەن شـۇنداق چۈشـەندـم. چۈنـكـى ئۇنـڭدـن بـۇرۇن بـۇ ۋەقـە بـلـەن هېچقانـداق مۇناسـۋتى يـوق ئادەتـتـكـى دېهقـان باللـرى ـ دە بـۇلار. تۇرسـۇن مەمەتـكام بـلـەن بـللـە ئېتـلـپ كەتـكـەن بـر باللـڭ ئۆزـمـۇ شـۇ ئۆيـدە، ئـۇ چاغـلاردا دېهقانچـلـق ئـشـلـرـنـڭ تـازا ئالدـراش ۋاقتلـرى ئـكـەن 6 ـ ئاينـڭ 26 ـ كۈنـى. شـۇ ياردەمگـە يـراق بـر تۇغقنـى كەپتـكەن. ئۆيـنى قورشـاۋغا ئالغانـدـن كېيـن تۇرسـۇن مەمەتـكامـلار، ئۆيدـكـى جامائەتچـلـك قاراقويـۇق ئوقـقـا تۇتـۇلـۇپ كەتمسـۇن دەپ، ئۇلارنــى چـقرـۋېتـپتـكـەن. «چـقـپ كېتـڭلار، بـۇ ئۆيـنـى بـكار قـلـپ چـقـپ كېتـڭلار» دېگـەن ۋاقـتتـا، ئـەڭ ئاخـرـدا قالغانـمـۇ بـر يـاش بـالا ئـكـەن. ئۇيقۇسـز بولـۇپ كەيـندـن ئۆيدـكـلـرى بـلـەن چـقـۋاتقانـدا شـۇ

بالىنى ئېتىۋەتكەنىكەن خىتاينىڭ ھەربىيلىرى. نېمە سەۋەبتىن ئېتىۋەتكەن ئۇنى بىلمەيمەن. لېكىن خىتايلار «ئىككى تېررورچىنى ئۆلتۈردۇق» دېگەن ۋاقىتتا، شۇ ئۆلۈپ كەتكەن بىر بالىنى سانايدىكەن - دە، ئۆزى ئېتىۋەتكەن بولسىمۇ. دېمەك، بۇ ئۆيدىن پۇقرالار، ئاددىي دېھقانلار قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرسۇن مەمەتكاملار بىلەن ساقچىلار ئېتىشقان. ئاخىرى تۇرسۇن مەمەتكامنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەن بولار. لېكىن شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ دەپ بېرىشىچە ئوتتۇرۇلۇقتا بىر ۋەقەلىك بار ئىكەن. ئاشۇ قازاق نۇرتاي دېگەن جىق ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ، قانسىراپ ياتقاندىن كېيىن، ئاۋۇ قانسىراپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئاشۇ بىر قوشنىسى، ئاشۇ ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر قوشنا ئۆيدىكى دېھقان، بىر بالىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ ئالدىغا سېلىپ، كەينىدىن ئاپتوماتنى تەڭلەپ ھويلىغا كىرگەن ئىكەن. تۇرسۇن سەلەي، يەنى تۇرسۇنمەمەتكام گۆرۈگە ئېلىنغان دېھقان بالىغا: «بېشىڭنى پەس قىل!» دەپ، ۋاقىراپتۇ. دېھقان بېشىنى پەس قىلغان ۋاقىتتا، ئوق نۇرتاينىڭ ئېڭەك ئاستىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭغا بولار ھەيران قالدىكەن - دە. پارتىزانلار ئاشۇ قوتانغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن، شۇ ئۇدۇلدىكى قوتانغا، ئارىلىقمۇ 20 - 30 مېتىر كېلىدىكەن، تۈن قاراڭغۇسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە. شۇ چاغدا مۇشۇ ئوق گۆرۈگە ئېلىۋالغان دېھقان بالىغا تەگمەي، نۇرتاي ساقچىغا تەگكەن ئىكەن. دېمەك، بۇ توقۇنۇش جەريانىدا بىزنىڭ تۇرسۇن مەمەتكام رەھمەتلىك شېھىت بولۇپ كەتتى. بۇ ۋەقەلىكنىڭ ھازىر ئۆتكىنىگىمۇ نۇرغۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ئېسىڭىزدە بارمىكىن، ھەپتىدە يەتتىدىن - سەككىزدىن ئوچۇق سوت قىلىپ، ئۇ بالىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە قىلمىغانىدى ئۇ بالىلار. لېكىن خىتايلار

قىلالمىغان ئىشنىمۇ قىلغانلىغا چىقىرىپ نۇرغۇن باللارنى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىمۇ، يۈرىكىدىمۇ «مۇشۇلاردىن بىرنى ئېتىپ بولسىمۇ ئۆلەپ كەتمەمدۇق» دېگەن ئارمان بار ئىكەن ئويلاپ باقسام. شۇ تۇرسۇن مەمەتكامىنىڭ شۇ ئاپتومات بىلەن شۇ ئەسكەرلەردىن بىر قانچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، «ھەرھالدا ئازراق بولسىمۇ بۇ بالا ئىنتىقامىنى ئېلىپ بولسىمۇ ئۆلدى» دەپ ئۈچئۈن دېھقانلىرى بەك خۇش بولۇپ كېتىپتىكەن. دېمەك، بىزنىڭ خەلقىمىز ئەمدى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى، يەنى مۇستەملىكىگە قارشى ھەممە يوللارنى سىناپ باقتى. باشتا تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلىپ باقتى، ئەرزىمۇ قىلىپ باقتى، ھەممىسى ئوخشاش ئۇسلۇب بىلەن قوراللىق باستۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە «ئەرز قىلىپ بارساقمۇ تۇتۇپ سولايدىكەن، قاتتىقراق بولۇپ قالساق ئاتىدىكەن بىزنى، نامايىش قىلساقمۇ ئوققا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ھېچنېمە قىلالمىساقمۇ، چىمدىۋېلىپ بولسىمۇ ئۆلسەك ھېساب ئىكەن» دەيدىغان ئىدىيە شەكىللەنگەن.

**مۇخبىر: ئۈچئۈنغا چىققاندا قانچىلىق ۋاقىت تۇردۇڭلار؟**

تاھىر: ئۈچئۈنغا چىققاندا ئۇزاق تۇرالمىدۇق. ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت تۇردۇق. قەبرىستانلىققا باردۇق، بارغان ۋاقتىمىزدا تۇرسۇن مەمەتكامىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ھېچنېمە قويماي توپا يۆلەپلا قويغانىكەن. ئۇ يەرگە بارغاندا كۆچەتتىن بىرنى ئېلىۋالغانىدۇق، كۆچەتتىن بىرنى تىكىپ، خەتمە قۇرئان قىلدۇق. شۇنىڭ يېنىدىمۇ بىر ئۈچ ـ تۆت بالىنىڭ قەبرىستانلىقى بار ئىكەن. ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ باللارمۇ خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارىمىز دەپ بومبا ياساۋاتقاندا، بومبا پارتلاپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن باللار ئىكەن. بۇ باللارنىڭمۇ ئۇ

قەبرىستانلىقنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ قويدۇق. تەرىپىدىكى يەرگە ئۇ بىرىپ قۇرئان

5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى جەريانىدا غۇلجا شەھەر ئىلى دەريا بويى، غۇلجا شەھەر ھەرەمباغ سەي - كۆكتات بازىرى، غۇلجا ناھىيە توخۇچىيۈز ۋە غۇلجا ناھىيە ئۈچۈم يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىدە، خىتاينىڭ ھەرخىل نامىلاردا ئاتىلىپ كەلگەن مۇنتىزىم قوراللىق قىسىملىرىدىكى ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرى، غۇلجا شەھىرىنىڭ يەر شەكلىنى تازا بىلمىگەنلىكى ۋە سانجاق - سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ۋەھىمە ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي تەرەپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ساقچىلارنى ئىشقا سالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئىلى ئوبلاستلىق قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ئابدۇراخمان ئىسمىلىك ساقچى. ئۇ 1998 - يىلى 26 - ئىيۇن كۈنىدىكى ئۈچئۈن ۋەقەسىدە تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق ئۇيغۇر پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قوۋۇرغىسىغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان. ئۇ، ئەينى يىللاردا خىتاي تېلېۋىزىيە قانالىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئۈچۈن ۋەقەسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق ۋە ئىككى ھەربىي ماشىنا ئەسكەر بىلەن ئۈچۈن يېزىسىغا باردۇق. مەلۇماتتا بۆلگۈنچىلەرنىڭ قولىدا پىچاق، قىڭراق دېگەندىن باشقا نەرسە يوق دېيىلگەنىدى. ئەمما بىز ئۈچۈن يېزىسىغا بېرىپ يوغان ئالمىلىق قورۇنى قورشىۋالغان ۋاقتىمىزدا بۆلگۈنچىلەرنىڭ قوللىرىدا قورال بارلىقىنى بىلدۇق. يەنە كېلىپ بۇ قوراللار خىل قوراللار ئىكەن. بۇ بۆلگۈنچىلەر نەدە قورال ئېتىشنى ئۆگەنگەنلىكىن، ھەممىسى مەرگەن ئىكەن، ھە دېگەندە بىز تەرەپتىن لوگىېي بىلەن نۇرلاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. قوراللىق

توقۇنۇش ئۇزۇن داۋام قىلدى. بىز بۇ ئالمىلىق قورۇننىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا بىر ئامبارنىڭ نەرسىنىڭ ئىشىكى قاتتىق تاراقشىپ ئېچىلدى. ئەترەت باشلىقىمىز مېنى ئامبارنىڭ ئىچىگە كىرىشكە شەرەت قىلدى. مەن دەل ئامبارنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەمشىلىۋاتقان ۋاقتىمدا قوۋۇرغامغا ئوق تەگدى. ئەگەر بىر مىنۇت كېچىككەن بولسام ئۆلۈپ كېتەركەنمەن، سەپداشلىرىم جىددىي هالدا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، پارتىيە مېنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇ كۈنى تۇرسۇن سەلەي ئىسىملىك بىر مىللىي بۆلگۈنچى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر باشلىرىنى ئىگىۋېلىشقان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ مۇرىلىرىنى دەسسەپ ۋە قورالىرىنى بۇلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. دېمەك، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۆرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش» دېگەننىدى. ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇراھمان ئۈچئۇن ۋەقەسىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار ساقچى» بولۇپ باھالانغاندىن باشقا، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان قامۇس»قا ئىسمى كىرگۈزۈلگەن.

دۇنيادا يېڭىلمەس قۇدرەتلىك شۇنداق بىر كۈچ بار. بۇ كۈچ ھەرقانداق زالىمنىڭ يادرو قوراللىرىدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچ، ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ كۈچىدۇر. 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ 6 ـ قىسىمىدا بۇ قۇدرەتلىك كۈچنىڭ، تۇرسۇن سەلەينى قانداق ئۆز قوينىغا ئالغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 6 - قىسىم

### تۇرسۇن سەلەي ئۆلمىدى

شۇنداق، خەلقنىڭ كۈچى قۇدرەتلىك، خەلقنىڭ كۈچى ھەرقانداق زالىمنىڭ يادرو قوراللىرىدىنمۇ قۇدرەتلىك. خەلقتىكى بۇ قۇدرەتلىك كۈچنى ئاللاھ بەرگەن. دېمەككى، زالىملارنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى، قورال كۈچى ۋە يادرو كۈچى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقىدەك مەزلۇملارنىڭ ھەممە كۈچلەرگە قادىر ئۇلۇغ ئاللاھى بار.

بۈگۈن 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقى دۇئاغا قول كۆتۈرگەن كۈن، مەنمۇ خەلقىم بىلەن باراۋەر دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋاتىمەن. ئى ئاللاھىم! مېنى كۈرەش ۋە كۈرەشچىلىرىمدىن ئايرىما!

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدە قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان، پىرئەۋنىدەك زالىمنىڭ ئوردىسىدا پىرئەۋنگە قارشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېتىشتۈرۈپ قوغداپ قالغان، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋنگە قارشى قىزىل دېڭىزنى يېرىپ، يول ئېچىپ بەرگەن ئاللاھ بار.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ساھىب تۇرۇقلۇق، تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنى غۇلجا شەھىرىنى قايتىق قامال قىلىپ تۇرۇپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، بىر يىلغا يېقىن تاپالمىغان. تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق پارتىزانلار خەلق قوينىغا خۇددى بېلىق

سۇغا شۇڭغۇغاندەك شۇڭغۇپ كەتكەن ئىدى.

بۈگۈن ئىنچىل هالدا بىزنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان تاھىر مىجىت ئەپەندى، بىزگە خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنىڭ تۇرسۇن سەلەينى قانداق ئۆز قوينىغا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت تەسىرلىك ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

**مۇخبىر: شۇ چاغدا خىتاينىڭ ۋەزىيىتى شۇنداق چىڭ ئىدى. بولۇپمۇ 5 - فېۋرال ۋەقەسى بولغاندىن كېيىن، تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇخېلىل مىجىتلار مەسىلىسىنى ناھايىتى قاتتىق تۇتقانىدى. ئەقلىم ھەيران قالىدىغان بىر ئىش، ناھايىتى زور كۆلەمدە قوراللىق ساقچىلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ غۇلجىغا يۆتكىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 1997 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ساقچىلار تۇرسۇن سەلەينى تاپالمىدى. ئۇنى تاپالمىغانلىقى سىزنىڭچە ئۇلار بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقى، كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ئېنىقلاش، بۇ ئارقىلىق يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى تورغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغانمۇ ياكى ھەقىقەتەن تاپالمىدىمۇ؟ كۈچى ئاجىز كېلىپ قالدىمۇ ياكى خەلق تۇرسۇن سەلەيگە ئىگە چىقىپ بىر يىلغا يېقىن ئارىلىقتا پاناھلىق بەردىمۇ؟سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

تاھىر: تۇرسۇن مەمەتكام باشتا تۇتۇلغان ۋاقتىدا، ئالدى-كەينى بولۇپ 40 كۈن تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدىكى ۋاقتىدا قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان ئىكەن. تۇرسۇنمەمەتكامنىڭ ئايالىنىڭ بۇسارەملەرگە (ئايالىمغا) دەپ بېرىشىچە، ھەممە يەرنىڭ قىيناقلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇشۇ دېۋىزىيەنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىپ قىينىغاندا چىدىماي قاپتىكەن بۇ بالا، بەك ۋەھشىي قىيناپتىكەن، بەزى قىيناقلىرىنى تىلغا ئالغۇسىز. شۇ قىيناقلار جەريانلىرىدا تۇرسۇن مەمەتكام چىڭ تۇرۇپ، «مەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى تونۇيمەن، بىلمەن. لېكىن ئۇ ئادەم بىلەن

بىر يەردە ئىككى كۈندىن ئوشۇق تۇرمايدۇ. مەن ئۇ ئادەمنىڭ قەيەردە تۇرغىنىنى بىلمەيمەن. ئەمما مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، جەمئىيەتكە چىقسام، ئۇ ئادەم بەربىر مەن بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئالاقىلاشقان ۋاقتىدا مەن سىلەرگە تۇتۇپ بېرەي» دەپ يالغان ۋەدە بېرىپ چىقىپتىكەن. مەن، تۇرسۇن مەمەتكامنى تۈرمىدىن چىقىپتۇ دەپ ئاڭلاپ بارغان ۋاقتىمدا، شۇنداق ئۇستىخانلىق، بەستلىك بالىتى، تونۇماي قاپتىكەنمەن. ھەتتا ئاشۇ كىچىكلەپ يىگىلەپلا قالغان ئىكەن ماڭالماي. مەن بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدىمۇ ئورنىدىن بەك تەستە تۇرغان. شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە «ۋاي بولدى ئاكا ئۇلتۇرۇڭ، بولدى» دەپ قوچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. بۇسارەمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئۇبۇرنىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن كىرىپ قارىسا، قان سىيىپتىكەن، قان چىقىپتىكەن. تۇرسۇن مەمەتكام تىۋي قىلىپ بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا تۇتۇلۇپ كەتكەن. تۇرسۇن مەمەتكام ئوتتۇرۇلۇقتا بىرەر ئاي ئۆيدە ياخشى كۈتۈنۈپ ماڭالىغۇدەك بولغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، مەلۇم ۋاقىت مەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئىزدەۋاتىمەن دېگەندەك ھالەتتە يۈردى. كېيىن بىراقلا ھۆكۈمەتنىڭ تورىدىن قېچىپ كەتتى. ئوتتۇرۇلۇقتا قېچىپ يۈرگەن ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە، سىزنىڭ سوئالىڭىزغا ھازىرقى جاۋاب، كەڭ خەلق ئاممىسى تۇرسۇن مەمەتكامنى قويىنغا ئالدى، يوشۇردى، قوللىدى، قۇۋۋەتلىدى.

**مۇخبىر: دېمەك بۇ يەردە خىتتاي تۇرسۇن سەلەيىنى تېررورچى، بىزگە قارشى تەشكىلات قۇرغان تېررورچى دەۋاتىدۇ. ئەمما خىتاي تېررورچى دېگەن كىشىنى خەلق ئۆزلۈمنىڭ پەرزەنتىم، قەھرىمانىم دەپ ئۆزىنىڭ باغرىغا ئېلىۋاتىدۇ، يوشۇرۇۋاتىدۇ.**

تاھىر: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر نەرسىنى قىستۇرۇپ

ئىيتساق، تۇرسۇن مەمەتىكام تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە خىتاي تۇتۇپ قىيناپ، ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتۇپ بېرىسەن دەپ، تۇرسۇن مەمەتىكام بولىدۇ، مەن تۇتۇپ بېرەي، دەپ يالغان ۋەدە بېرىپ چىقىش جەريانىدا، تۇرسۇن مەمەتىكام خىتايلارغا قارشى تېخى ئەمەلىي بىر پائالىيەت ئېلىپ بارمىغانىدى. لېكىن تۇرسۇن مەمەتكامنىڭ يۈرىكىگە، قەلبىگە خىتاينىڭ ئۆزىگە قىلغان قاتتىق زۇلۇمى، قىيىن ـ قىستاقلىرى ئورناپ كەتكەنىدى. بۇرۇن خىتايلارنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالدى، نۇرغۇن ياش باللارنى ئۆلتۈردى، قىينىدى، ئۇ قىلدى، بۇ قىلدى، مۇشۇ خىتايلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالمىغان بولسا، بىزگە مۇشۇنداق زۇلۇملارنى قىلمىغان بولسا، بىز خاتىرجەم ئەركىن ـ ئازادە، ياخشى هايات كەچۈرەتتۇق دەپ تۇرۇپ خىتايغا قارشى بولغان بولسا، كېيىن ئۆزىنىڭ بېشىدىن بۇ ئىشلار ئۆتتى. خىتاينىڭ نەقەدەر ۋەھشىيلىكىنى، نەقەدەر ياۋۇزلۇقىنى ئۆزى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، هازىر چۈشەنسەك يۈرىكىدە خىتايغا قارشى تېخىمۇ چوڭ يالقۇن بار ئىكەن. كېيىن تۇرسۇن مەمەتىكام خىتايغا قارشى هەرىكەتكە ئۆتتى، هەقىقىي پائالىيەتكە ئۆتتى. شۇ چاغدا بىزنىڭكى بۇسارەمنىڭ چوڭ ئاكىسى بىر ئاماللارنى قىلىپ بىر سورۇندا ئۇچرىشىپ: «سەن تېخى ياش، خىتاي سېنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، مەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتالمىدىم دەپ قايتىپ بارساڭ، هېچ بولمىسا ئون ـ ئون بەش يىللىق كېسىلسەڭمۇ، تۈرمىدە جازا مۇددىتىڭنى تۈگىتىپ چىقساڭ. يېقىندا توي قىلدىڭ، سەن بىر بالا ـ چاقىلىق بولار بولغىيتتىڭ. ئاپاممۇ بىر نەۋرىسىنى كۆرەر بولغىيتتى» دېسە، تۇرسۇن مەمەتىكام: «ۋاي ئاكا سەن قايسى نەۋرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟» دەپتىكەن. دېمەك، تۇرسۇن مەمەتكامنىڭ ئۆزىنىڭكى تەن سالامەتلىكىنىڭ قايسى دەرىجىدە

يامانلاشقانلىقنى، ئۆزىنىڭ ھەتتا پەرزەنتلىكمۇ بولالمايدىغانلىقنى ئۆزى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ: «بوپتۇ ئۇكام، ئۇنچىلىك بولۇپ كەتكەن بولساڭ، ھېچ بولمىسا ھاياتىڭنى بولسىمۇ ساقلاپ قال، بىز سېنى چېگرالاردىن بىر ئامال قىلىپ چەتئەلگە چىقىرۇۋېتەيلى» دېسە، «مېنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىم ئۆلۈپ كەتتى، خىتاي ماڭا بەك قاتتىق زۇلۇم قىلىۋەتتى. بۇ مەيداندىن قېچىپ كېتىپ، مەن شۇ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمغا قانداق يۈز كېلىمەن؟» دەپتىكەن.

خەيرىيەت، تۇرسۇن مەمەتكام ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالغان. بىر پارتىزانلىق ھەرىكەتتە تۇرسۇن مەمەتكام بىر ھەربىي خىتايدىن قورالنى تارتىۋالغان ئىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە كېيىن قولغا چۈشۈرگەن ئالتە - يەتتە تال تاپانچا، بىر ئاپتومات بار ئىدى. تۇرسۇن مەمەتكامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇلار سېتىۋالغان تاپانچىلارنىڭ ھەممىسى يالغان چىققان. ئەھۋالدىن قارىغاندا تۇرسۇن مەمەتكام بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بارىمەن دەپ نىيەت قىلغان نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قولىدا ئاشۇ ئالتە - يەتتە تال تاپانچا، بىر - ئىككى ئاپتوماتتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن. دېمەك، شۇنداق كۈچسىز ھالەتتە ئىكەن. ھازىر بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىكەن، بۇرۇنقى دەۋرلەردە كالتەك - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپمۇ ئۇرۇش قىلالىغان بىلەن، ھازىر ئۇ ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان خىتاينىڭ غالجىرلاشقان ئەسكىرىي قىسىملىرىغا قارشى كالتەك - توقماق بىلەن ئىنقىلاب قىلغىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭغىمۇ شۇ قوراللىق بىر قىسىم بولمىسا، قورال - ياراق بولمىسا ئىنقىلاب قىلغىلى بولمايدىكەن. خەيرىيەت، ئەمدى بىزنىڭ تۇرسۇن مەمەتكام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوغلانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قورالسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارمان

بار دەرمان يوق، ئاخىرى ئىنتىقامنى ئېلىپ نەچچە ئونلىغان خىتاي جاللاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولۇپ كەتتى، ئارمانسىز كەتتى دەپ ئويلايمەن.

**مۇخبىر: يەنە باشقا قوشۇمچە قىلىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟**

تاھىر: مېنىڭ باشقا قوشۇمچە قىلىدىغانلىرىم يوق. ئەمدى شۇ تارىخ تارىخ پېتى قالدى. مەن ئويلايمەن، تۇرسۇن مەمەتكام ئۆلمىدى ھايات. چۈنكى جىسمى ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمىدى. روھى ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. خىتاي بىر تۇرسۇن مەمەتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئورنىدىن مىڭ تۇرسۇن مەمەت چىقىۋاتىدۇ، كۆرۈۋاتىمىز. تۇرسۇن مەمەتكاملارنىڭ ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىمىز خىتايغا قارشى كۈرەشلەرنى قىلىپ شېھىت بولۇۋاتىدۇ. ھازىرغىچە بىرمۇ تۇرسۇن مەمەت توختاپ قالغىنى يوق. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەن ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي جەھەتتىن مىللەت سۈپىتىدە قىرىپ تۈگىتىۋەتمەكچى. ئۇنىڭ بىردىنبىر نىشانى باشتا دىنىمىزنى يوقىتىش، كېيىن كىملىكىمىزنى يوقىتىش. ئاشۇنداق قىلىپ بىزنى ئاساسىي جەھەتتىن خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىۋاتىدۇ. تۇرسۇن مەمەتكامنىڭ ياشلىرىمۇ شۇ چاغدا ئوتتۇزلاردا بارمىكىن، 29، 30 ياش ۋاقىتلىرى. شۇ چاغدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق چىرايلىق بالىلار ئىدى، بۇ قىران ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ يۈرىكىدە خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئارمىنى بار ئىدى. ئۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى ئارمانسىز كەتتى. كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ھازىرغىچە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. مەن ئاللاھ تائالادىن مۇشۇ

خىتايلارنىڭ بېشىغا بىر بالا بەرسە، ۋەتىنىمىز بىر ئازاد بولسا، مۇشۇ زۇلۇملاردىن تېزراق قۇتۇلساق، شۇ قارا كۈزلەر ئۈلۈۋەرمىسە دېگەنلەرنى ئويلايمەن.

**مۇخبىر: تۇرسۇن سەلەينى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن 5 - فېۋرال ئىنقىلابىدا قۇربان بولغان شېھىتلارغا نىسبەتەن قەلبىڭىزدە قانداق بىر تۇيغۇ بار؟**

تاھىر: 5 ـ فېۋرال كۈنى قۇربان بولغان شېھىتلارغا نىسبەتەن قەلبىمدە چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار. ئۇلارنى ھازىرغىچە ئەسلەيمەن. شۇڭا ھەر قېتىملىق 5 ـ فېۋرال مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، مەيلى بارىن ئىنقىلابى نامىدا بولسۇن، مەيلى 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى نامىدا بولسۇن، مەيلى 5 ـ ئىيۇل نامىدا بولسۇن، ھەممە نامايىشلاردا بالىلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ نامايىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خىتايغا قارشى بىر ۋارقىرىۋالغىنىمىزدىن ئۆزۈم خۇشاللىق ھېس قىلىپ قالىمەن. مەن بىزنىڭ تۇرسۇن مەمەتكام ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى ھەممە شېھىتلىرىمىزغا ھۆرمىتىم بار. چۈنكى ئۇلارغىمۇ ئىسسىق جان ھەممىمىزگە ئوخشاش ئەزىز ئىدى، ئىسسىق يوتقان ھەممىمىزگە ئوخشاش راھەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئويلاپ، كەلگۈسىدىكى ئۆزىگە كېلىۋاتقان زۇلۇملارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ۋەھشىي بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرىدىن، شۇ ياخشى مۇھىتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئاخىرى نۇرغۇنلىرى نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى چەكتى، نۇرغۇن قىيىن ـ قىستاقلارنى كۆردى. ھەتتا ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان قىلدى. دېمەك، بىز شۇ شېھىتلىرىمىزنى ھەر زامان ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەر زامان ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ روھىغا بىر

چوقـۇم ۋارىسـلىق قىلىشـىمىز كېـرەك.

5 ـ فېـۋرال غۇلجـا ئىنقىلابىدىكـى شـېھىتلىرىمىز ھەققـىدە سـۆز بولغانـدا، ھازىـر گېرمانىيـەدە ياشـاۋاتقان 5 ـ فېـۋرال غۇلجا ئىنقىـلاۋى ھەققىـدە ئىزچىـل زىيارىتىمىزنـى قوبـۇل قىلىۋاتقـان ئابدۇشـۈكۈر ئەپەنـدى ئـۆز ئىچكـى ھېسسـىياتلىرىنى ئىپادىلـەپ مۇنـداق دەيـدۇ:

«بىزنىـڭ بـۇ ئەزىـز قېرىنداشـلىرىمىزنىڭ قانلىـرى ئىنشائاللاھ مەڭگـۈ بىكار ئېقىـپ كەتمەيـدۇ. ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى، شـەپقىتى ۋە تەقدىرىنىـڭ ئورۇنلاشتۇرۇشـى بىلـەن مـەن شـۇ زالىملارنىـڭ قولىدىن قۇتۇلـۇپ ئەركىـن دۇنياغـا چىقتىـم. مانـا بۈگـۈن قېرىنداشـلىرىم بىلـەن ئورتاقلىشـىپ تۇرۇۋاتىمىـز. بىـز پەقـەت غۇلجا ۋەقەسـىدىكى ئەزىـز قېرىنداشـلىرىمىزنىلا ئەمـەس، بەلكـى پۈتكـۈل شـەرقىي تۈركىسـتاندا ھەقىقـەت ئۈچـۈن كـۈرەش قىلغـان ۋە قىلىۋاتقـان، بـۇ يولـدا ۋاپـات بولغـان بارلىـق قېرىنداشـلىرىمىزنى ئۇنتـۇپ قالماسـلىقىمىز، ئۇلارنـى سۆيۈشـىمىز، ئۇلارنـى يـاد ئېتىشـىمىز لازىـم. ھايـات قالغـان قېرىنداشـلىرىمىز بولسـا ھازىرغىچـە تۈرمىلـەردە مۇددەتسـىز يېتىۋاتىـدۇ. مـەن شـۇ قېرىنداشـلىرىمنىڭ چىرايلىقلىقىنـى، پاكىزلىقىنـى، ئېسـىللىقىنى، قەھرىمانلىقىنـى، باتۇرلۇقىنـى ئىنشائاللاھ مەڭگـۈ ئۇنۇتمايمـەن. مـەن دائىـم ئۇلارنـى يادلىغـان ۋاقتىتا مۇشـۇنداق ھاياجانلىنىپ ياشلىرىمنى توختىتالماي قالىمـەن. قېرىنداشـلىرىم، شـۇنىڭ ئۈچـۈن گەپلىرىـم ئېگىـز ـ پـەس چىقىـپ قالغـان بولۇشـى مۇمكىـن. مېنىـڭ پەقـەت سىلەرگە بولغـان ئىلتىجايىـم، قېرىنداشـلىرىمىزنى ئۇنتـۇپ قالماسـلىقىمىز، ئۇلارنـى سۆيۈشـىمىز، ئۇلارنىـڭ يولىدىـن مېڭىشـىمىز ۋە ئۇلارنـى مەڭگـۈ يـاد ئېتىشـىمىز، ئۇلارنىـڭ روھىغـا بىـز يـۈز كېلەلىشـىمىز لازىـم، قېرىنداشـلار!».

# 7 - قىسىم

## 5 ـ فېۋرال نامايىشىغا چىقىش ياكى چىقماسلىق ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاستىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قانلىق ھېكايىسى. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ قارا تۇپراقنىڭ ئاستىدا شېھىتلەر، ئۈستىدە بولسا كۆچلۈك ۋە قەھرىمان بىر مىللەت ياشىماقتا. بۇ تىز پۈكمەس مىللەت ھازىر ئۆزىنىڭ تۈركلەرنىڭكىدەك چاناق قەلئە داستانلىرىنى يازالماسلىقى، چاناق قەلئە شېھىتلەر مازارلىقىنى ھازىر قۇرۇپ چىقالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئاچچىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق روھى تاۋلانغان بۇ مىللەت ھامان بىر كۈنى ئۆز ئەركىنلىكىنى تاپىدۇ.

شۇنداق، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئۇيغۇر مىللىتى نۇرغۇنلىغان نەۋقىران ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما ئۇيغۇر خەلقى شۇنى تولۇق تونۇپ يەتتىكى، غەلىبە بىر مىللەتكە جىق نەرسە ئۆگىتەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما مەغلۇبىيەت ئۇيغۇر خەلقىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، ئۆگىتىۋاتىدۇ ھەم ئۆگىتىدۇ.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغان-لىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. بۈگۈن بىزگە 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى پىروگرامممىزنىڭ ئىزچىل ھالدا قىممەتلىك مېھمىنى بولۇپ كېلىۋاتقان تاھىر مىجىت ئەپەندى، بۇندىن 20 يىل بۇرۇنقى 5 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىنگە قايتىپ، شۇ

كۈنى خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى قانداق باستۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

يىگىرمە يىل بۇرۇنقى 5 ـ فېۋرال كېچىسى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر قارا كېچە بولغانىدى. بۇ كېچىدە تۇتقۇن قىلىنمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، 6 ـ فېۋرال تاڭ ئېتىشى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى غۇلجا شەھىرىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىن كوچىغا چىققان ئۇيغۇرلارنى ئېتىپ تاشلاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن ئىدى.

تاھىر مىجىت: 5 ـ فېۋرال نامايىشى بولغان كۈنى مەن غۇلجىدا ئىدىم. بىز ئۇنىڭدىن بىر- ئىككى كۈن بۇرۇن بۇ ۋەقەنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. بىز 93 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مەشرەپ ئويناشنى باشلىغان ئىدۇق. 93 ـ يىلى مەشرەپ باشلىغاندا بىرىنچى مەشرەپنى بىز ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ چاغدا ئاتۇشتىن چىققان ھەسەن قارىم دېگەن ئادەم باشچىلىقىدا بىز مەشرەپ پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. ئۇ مەشرەپنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقى، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەممىگە ئايان. دېمەك، بىز مەشرەپ قۇراشتۇردۇق. مەشرەپنى بىز باشلاپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى كېڭىيىپ، غۇلجا ھەتتا غۇلجا ناھىيەلىرىگىچە تارقالدى. شۇ چاغدا بىز ئابدۇخېلىل مىجىت، ئابدۇسالام قاتارلىق بىر قاتار مۇشۇ مەشرەپتە باشلامچى بولۇپ ئالدىدا ماڭغان باللار بىلەن يېقىن دوست ـ ئالاقە مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ مەشرەپ ئاخىرقى ۋاقىتتا، خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن توختىتىلىشقا مەجبۇر بولدى. باللار يەنە بۇ مەشرەپتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەگەر مەشرەپنى توسسا، تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئارقىلىق بولسىمۇ باللارنى بىرلەشتۈرۈپ جامائەتنى ياخشى يېتەكلەپ، قالغان

پائالىيەتلىرىمىزنى تەنتەربىيە بىلەن ئىلىپ بارايلى دەپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان. لېكىن خىتاي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىمۇ توسۇپ قويدى، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بار. ئۇنىڭغىمۇ يول بەرمىگەندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ ئارىسىدا نارازىلىق كېلىپ چىقتى. ئابدۇخېلىل مجىت يېتەكچىلىكىدىكى نۇرغۇن مەشرەپ ئەزالىرىنى خىتاي تۇتۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل مجىت 5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىش قىلىپ قارشى پائالىيەتكە ئۆتتۇپ، ئەتراپتىكى باللار ۋە ھەمكارلاشقانلار بىلەن بىللە نامايىشقا چىقماقچى بولدى. باشتا بىزنىمۇ بۇ نامايىشقا «سىلەرمۇ بىللە چىقىڭلار» دەپ دەۋەت قىلغان. چۈنكى شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە غۇلجا شەھىرىدىمۇ نەچچە يۈزلىگەن مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى مەۋجۇت ئىدى. بەزى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى ئابدۇسالام يېتەكچىلىكىدە، بەزىلىرى ئابدۇخېلىل مجىت يېتەكچىلىكىدە ئىدى. ئابدۇخېلىل مجىتنىڭ شۇ نامايىش قىلىش تەكلىپىنى بىز ئۆزىمىزنىڭ دائىرىسىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى مەسلىھەتلىشىپ، «نامايىشقا چىقساق خىتاي بەرىبىر قىرىۋېتىدۇ، نۇرغۇن باللىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە نۇرغۇن باللار بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى دېگەندەكلەر بىلەن قوشۇلۇپ نۇرغۇن باللار تۇتۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ، بىز ۋاقىتلىق نامايىش قىلماي، باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق باللارنى يېتەكلەشنى ئويلاشقانتۇق.

ئابدۇخېلىل مجىت 5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانلىق باستۇرۇلغانلىقى، تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىزمۇ ئۆيغۇر بولغاندىكىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئەھۋال نېمە بولۇپ كەتتى، ئۇقۇپ باقايلى دەپ، شەخسەن مەن ۋە ئۈچ ـ تۆت بالا بىلەن شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ

ئانىلار يىغلىشىۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، دوستلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، باللىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى، تىرىك بولسا نەگە سولىغانلىقىنى، ئەگەر باستۇرۇلۇشتا ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى، باللىرى ئامان ـ ئېسەن بولسا قويۇپ بېرىشنى، ئۇ باللاردا ھېچقانداق گۇناھ يوقلىقىنى تەلەپ قىلىپ يىغا ـ زارە قىلىشىپ تۇرۇپتىكەن. بىز بېرىپ ئۇ كەيپىياتنى كۆرۈپ، بىزنىڭمۇ كۆزلىرىمىزگە يىغا كەلدى. بىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا تۇرۇپ، شۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى بىزمۇ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ شۇ پائالىيەتتە بىللە بولدۇق. كېيىن ھەربىيلەر ماشىنىدا كېلىپ، بىزگە سۇلارنى چېچىپ قوغلاپ، بىزنى تۆت تەرەپتىن قوغلاپ يۈرۈپ، تاشلەپكىنىڭ دوقمۇشىدا قىزىل بايراق ماگىزىن دەپ بىر ماگىزىن بار ئىدى، ئۇدۇلىدا كىتابخانا بار ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ شۇ يەرگە قاپساپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارىلىقتا ئۇ كىچىك باللار بار، چوڭلار، ئاياللار بار، ھەممىمىز شۇ يەرگە قىسىلىپ، قاپسىلىپ قالدۇق. ھەر تەرەپتىن بىزنى قىستاپ قوغلاپ، ئاشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ شۇ تۆت كوچا ئېغىزىغا قاپسىۋالدى. ئېسىمدە بار، بىر ئايال چىقىپ شۇنداق ھېسسىياتلىق سۆزلىدى: «بىز مۇشۇ باللىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق يوقاپ كېتىشىگە قاراپ تۇرامدۇق؟...» دەپ.

**مۇخبىر: قانچە ياشلاردا بار ئۇ ئايال؟**

تاھىر: ئۇ ئايال ئوتتۇرا ياش، شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە ئوتتۇزلاردىن ئاشقان بىر ئايال.

**مۇخبىر: ئوتتۇزلاردىن ئاشقان ئايال، ھە...**

تاھىر: ئۇ ئايال شۇنداق قايناپ ھەممە ياشلارنى

يىغلىتتۋە تتــى . . .

**مۇخبىر: قانچىلىك ئادەم تۇپلاشقان شۇ ۋاقىتتا؟**

تاھىــر: ئادەملــەر ئەمــدى بەزىلــرى توپلىشــىپ تۇرغــان، بەزىلــرى چېچىلــىپ تۇرغــان بولــۇپ مىڭدىــن ئوشــۇق ئــادەم بــار شــۇ ۋاقىتنىــڭ ئۆزىــدە. چۈنكــى ئابدۇخېلىــل مىجىتلار ئەتىگەندىــن باشــلاپ چۈشــكىچە بولغــان ئارىلىقتــا باســتۇرۇلۇپ كەتتــى. نەگــە كەتكىنىنــى خەلــق بىلمەيــدۇ. مۇناســىۋەتلىك ئاتــا ـ ئانىلىــرى، تۇغقانلىــرى، بىــزدەك دوســتلىرى بولــۇپ، باشــتا بىــز بۇنىــڭ ئىــز ـ دېرىكىنــى بېرىــڭلار، جــاۋاب بېرىــڭلار، دەپ تەلــەپ قىلــدۇق. كېيىــن بــۇ خىتــاي بىزنــى قوغــلاپ، ئــۇرۇپ، باســتۇرۇپ بىــر تــار كوچىغــا ئەكىرگەندىــن كېيىــن، بــۇ ئايــال كىشــى چىقىــپ سۆزلىدى.

**مۇخبىــر: دېمەكچــى، 30 ياشــلار چامىســىدىكى بىــر ئايــال كىشــى چىقىــپ ئاشــۇ يــەردە شــۇنداق جاســارەت بىلــەن، خىتــاي ساــقچىلىرى شــۇنداق قورشــاپ تۇرغــان، ۋەزىيــەت شــۇنداق جىددىــي ھالەتتــە قورقماســتىن چىقىــپ مىڭــدەك ئادەمگــە، مۇنداقچــە ئېيتقانــدا نۇتــۇق ســۆزلىدى؟**

تاھىر: نۇتۇق سۆزلىدى.

**مۇخبىر: نېمە دەپ سۆزلىدى؟**

تاھىــر: ئــۇ ئايــال «ئەمــدى قــاراپ تــۇرۇپ مۇشــۇ يــاش باللىرىمىزدىــن بىــز ئايرىلىــپ قالامــدۇق؟ بــۇ باللاردا ھېچقانــداق گۇنــاھ يــوق. بــۇ باللار ئۆزىنىــڭ تەلىپىنــى چىرايلىــق ئوتتۇرىغــا قويىمىــز دەپ چىققــان. مۇشــۇ باســتۇرۇلۇپ كېتىــش، تۇتۇلــۇپ كېتىــش، يوقــاپ كېتىشــلەرگە قارشــى چىققــان، بــۇلار ھېچنېمــە قىلمىغــان. تىنچلىــق يولــى بىلــەن چىقىــپ، ھۆكۈمەتكــە مۇشــۇ تەلىپىمىزنــى ئوتتۇرىغــا قويســاق، بــۇلار مۇشــۇنداق قانلىــق

باسـتوُروُلوُپ كەتسـە، ئۇنـىڭ ئارقىسـىدىن بىـز بۇلارنىـڭ ئىـز ـ دېرىكىنىمۇ قىلالمىساق، بۇلارنىـڭ مۇشـۇنداق يوقـاپ كېتىشـىگە بىـز قـاراپ تۇرامـدۇق؟» دەپ شـۇ مەزمۇنـدا سـۆزلىدى. شـۇنىڭ بىلـەن ھەممىمىـز كۆزلىرىمىزگـە يـاش ئالـدۇق، ئەتراپىمىزنـى ھەربىيلـەر ئاپتومات بىلـەن قورشـىۋالغانىدى. كېيىـن ھەربىيلـەر شـۇ تـوپ ئارىسـىغا كىرىـپ ئـۇ ئايالنىمـۇ ئـۇ سورۇندىن قوغلىـدى، ئـۇ ئايالمـۇ ئاخىـرى نېمـە بولغىنىنـى بىلمىـدۇق، ئادەملـەر بـەك جىـق ئـۇ يـەردە.

**مۇخبىـر: ئادەملـەر بـەك جىـق دەڭ. ھەربىيلـەر قانچىلـك؟ سـاقچىلار قانچىلـك بـار؟ شـۇ ئەتراپتىكـى خىتـاي قورالـلىق كۈچلىرىنىـڭ ئەھۋالـى قانـداق؟**

تاھىـر: مېنىـڭ بىلىشـىمچە قوراللىـق كۈچلـەر ئازكەنتۇق ئەسـلى. چۈنكـى ئـۇلار ئابدۇخېلىـل مىجىتنىـڭ ئادەملىرىنـى باسـتۇرۇپ، نامايىشقا چىققان باللارنـى تۇتـۇپ، سـولاش جەريانـدا ئەسـكىرىي كۈچـى يېتىشـمەي، قوشـۇمچە ئەسـكىرىي كۈچىنىـڭ كېلىشـىنى ساقلاپ، بىزنـى مەلـۇم ئەسـكەرلەر قورشـىۋاپتىكەن. ئۇنـى قانـداق بىلدىڭىـز؟ دېيىـشىڭىز، بىرسـى چىقىـپ: «بولـدۇ، ئۇنـداق بولسـا سىـجاڭ كېلىـدۇ ھازىـر» دېـدى.

**مۇخبىر: سىجاڭ دېگىنىمىز شەھەر باشلىقىمۇ ؟**

تاھىـر: ئاشـۇنداق. «شـەھەر باشـلىقى كېلىـپ سـىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغـا جـاۋاب بېرىـدۇ، شـۇڭا سـىلەر بۇنـداق قالايمىقـان، ۋاراڭ ـ چـۇرۇڭ قىلسـاڭلار بولمايـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن چىرايلىـق رەتلىـك تىزىلىـپ ئولتـۇرۇڭلار» دېـدى. مـەن شـۇ چاغـدا 2 ـ قاتاردىكەنمـەن. شـۇنىڭ بىلـەن بىـز ئولتـۇردۇق. چۈنكـى بىـز راسـت، ئەمـدى شـەھەر باشـلىقى كېلىـپ تەلەپلىرىمىزگـە جـاۋاب

بىرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇق. بىر ئارىلىقتا نەچچە ماشىنا ھەربىي كېلىپ، بىزنى تېخىمۇ چوڭ قورشىۋالدى. بىز چوڭ بىر توپتۇق، بۇلار بىزنى ئىككىگە بۆلۈۋالدى. مۇشۇ 15 ـ 20 قاتار ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ بۆلۈۋالدى. ئارقىدىكىلىرى 2 ـ گۇرۇپپا بولۇپ كەينىدە قالدى. دېمەك، بۇلار ئۆزىنىڭ كۈچى دائىرىسىدە بىزنى قورشاپتۇ دەپ ھېس قىلدىم كېيىن. بىزمۇ چۈشەنمىدۇق، نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ دېدۇق. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمىدۇق. شۇ ئارىلىقتا بۇلار كالتەك بىلەن بىزنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كاللامغا نېمە كەلدى دېگەندە، بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتىش كەلدى. چۈنكى بۇلار بەك ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى.

**مۇخبىر: تۇيۇقسىزلا باشلاندىما بۇ ئۇرۇش؟**

تاھىر: ھەئە، تۇيۇقسىزلا باشلاندى، بىز ئۆزىمىز ھەيران قېلىپ...

**مۇخبىر: ھەربىيلەر ئۇرۇۋاتامدۇ، ساقچىلارمۇ؟**

تاھىر: ھەربىيلەر ئۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يەردە ساقچى يوق، ھەممىسى ھەربىي، قوراللىق قىسىم، ھەربىيلەر ئۇرۇۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە سىجاڭ كەلسە تەرەپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويساق، ئاشۇ تۇتۇلۇپ كەتكەن بالىلار ساق ـ سالامەت بولغانلىرى، ھايات قالغانلىرىنى بىر ئەچىقىۋالساق ھېچ بولمىسا، دېگەن ئۈمىدتە مۇنداق ئولتۇرغانتۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنى شەھەر باشلىقى ئەمەس، كالتەك ـ توقماق بىلەن كۈتۈۋالدى. شۇ چاغدا تاياق دەستىدىن مېنىڭ بېشىمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ، شۇ ئارىلىقتا مەن ئامال بار قېچىشنى ئويلاپ ئۇياققا ئۇرۇنۇپ، بۇ ياققا

ئۇرۇنۇپ ئارىلىقتا بىر يوچۇق چىقتى. شۇ يوچۇقتىن مەن قاچتىم، كەينىمدىن ئىككى ـ ئۈچ بالا قېچىپتۇ. ئوتتۇرۇلۇقتا ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم قېچىپ كېتىۋېتىپ. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ توپتىن قېچىپ چىقتىم. ھازىر ئويلىسام ئۈچ ـ تۆتىمىزمۇ، تۆت ـ بەشىمىزمۇ قېچىپ چىقالاپتۇق شۇ توپنىڭ ئىچىدىن. شۇنىڭ بىلەن ئارقىدا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، دېدىم ئەمەسىمۇ، ئاشۇ 2 ـ گۇرۇپپىدىكىلەر قورشاۋسىز ئىدى، ئۇلارنى قورشاپ بولالماپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈپ، قولىغا تاش ـ كېسەك دېگەندەك نېمە چىقسا شۇنى ھەربىيلەرگە قارىتىپ ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇ باللارنى ماشىنىغا بېسىپ چوڭ تۇتۇش بولۇپ، ئۇ كەينىدىكى 2 ـ سەپكە بۇلار ياش ئاققۇزۇش بومبىلىرىنى ئېتىپ، تۇتالىغانلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتتى. دېمەك، 5 ـ فېۋرال كۈنى ئەتىگەن ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتنىڭ باللىرىنىڭ نامايىشىنى بۇلار قانلىق باستۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرلىك ساقچىغا يىغىلغان شۇ دەۋاگەرلەرنىمۇ ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، ئاخىرى ئۇنىمۇ كوچىغا قىستاپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئالداپ تۇتقۇن قىلدى. ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىش جەريانىدا قانچىسىنىڭ ئۆلگىنىنى، قانچىسىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكىنىنى، ئۇنىڭدىن مېنىڭ تەپسىلىي خەۋىرىم يوق. 6 ـ چېسلا كۈنى بۇلارغا مەخسۇس بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن، كوچىغا كىم چىقسا ئېتىڭلار، دەپ. قازانچىغا كىرىدىغان مۇشۇ تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىنى ئاساسىي جەھەتتىن قامال قىلىپ بوپتۇ تۆت كوچىنى، مەدرىسىنى...

**مۇخبىر: گەلەنتىردىن چىققاندىن كېيىن قازانچىغا كىرىدىغان يولنى دەمسىز؟**

تاھىر: ھەئە، تونۇر بازىرى، تونۇر بازىرى دەپ قويامدۇق؟ تونۇر بازىرىنىمۇ توسۇپتۇ بۇلار. تاشلەپكە، تاقچىلىق دەپ قويامدۇق، ئۇ يەرنىمۇ توسۇپتۇ. خەنسۇ بازىرىغا بارىدىغان يولنىمۇ توسۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرگەنلەر چىقالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قاپتۇ. مەن تەلىيىمگە چوڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغاچقىمىكىن بىلمىدىم، بۇلار بىلەن مېڭىۋاتىمىز. بۇ ساقچىلار، ھەربىيلەرنىڭ ئەلپازلىرى شۇنچىلىك يامان، ئالدىمىدا يەتتە ـ سەككىز بالا بار. ھازىرمۇ ئېسىمدە بار، بۇرۇن مەن سىزگىمۇ دېگەن بۇ باللارنى، ياش ـ ياش باللار ئىكەن، ئالدىمىزدا بىر توپ بولۇپ مەھەللىگە كېتىش ئۈچۈن يولنىڭ بىر چېتىدە كېتىۋېتىپتىكەن. بۇلارنى ھەربىيلەر كۆرۈپ بىر ھەربىي ماشىنا توختاپلا، يەتتە ـ سەككىز، ئون ھەربىي چۈشۈپ، بۇلارنى ۋارقىراپ قوغلىدى، قوغلىغاندىن كېيىن بۇلار قورقۇپ كېتىپ قاچتى. بۇ ھەربىيلەر مىڭ قىلسىمۇ ھەربىي بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا مۇشۇنداق توم، بېشى توم، ئۈچى تەرىپى ئىنچىكىرەك، بىر جوتونىڭ سېپىدەك بىر كالتەكلەر باركەن قولىدا، شۇ كالتەك بىلەن ئاشۇ باللارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇردى، مېڭىسىگىلا ئۇردى.

بىز بىر يەرگە قىسىلىپلا قالدۇق. شۇ يەردە ئېسىڭىزدە بارمىكىن بىر بانكا بارتى، بانكىنىڭ بۇلۇڭىدا بىر تار كوچا بار ئىكەن، شۇ كوچىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇق بىز. شۇ يەردە ھازىرمۇ ئېسىمدە، يەنە ئىككى ئايال كىشى قارشى تەرەپتىن مېڭىپ كېلىۋېتىپتىكەن، بىر ئايال كىشى ئىككى قات، بۇ ئايال يىغلاپ كەتتى. بىز ئەرلەر قورقۇپ بۇلۇڭغا تىقىلىپ كەتتۇق. ئاشۇ ئايال ھەربىيلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ خىتايچىلاپ تىللىدى. ھەربىلەر ئۇ ئايالغا چېقىلمىدى. لېكىن بىرسى تارتىۋالدى

كالتىكنى، كالتىكنى كۆتىرىپ بىرسى يېنىغا بارغانتى، شۇ ئايالمۇ شۇنداق غەزەپ بىلەن تىللىدى، يىغلاپ تىللىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە. شۇ ئىشمۇ ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا، ئېسىمدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىدىن، پۇتىدىن تۇتۇپ ماشىنىنىڭ كەينىگە تاشلاپلا ئالتە ـ يەتتە بالىنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە مانداق قاراپ قويۇپ بىزگە گەپ قىلمىدى، ئارىسىدا چوڭلار بولغاچقا مەنمۇ شۇ چوڭلارنىڭ ھىمايىسىدە ساق قاپتىمەن ئويلىسام.

**مۇخبىر: دىمەك، شۇ كۈنى 5 - فېۋرال، 6 - فېۋرال ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇلار پۈتۈن دىققىتىنى ياشلارغا قارىتىپتۇ - دە؟**

تاھىر: ھە، ياشلارغا قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئازراق ئىلگىرىلەپ سۈنگۈنىبىن بىرلەشمە دوختۇرخانا، غۇلجا شەھەرلىك بىرلەشمە دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئېسىڭىزدە بولسا بۇ يەردە قاتارىسىغا دۇككانلار بار ئىدى. شۇ يەردە كىچىك ـ كىچىك باللار 12 ياش، 13 ياش شۇنداقراق باللار، چوڭ باللار ئەمەس. شۇ باللار قورقۇپ كېتىپ ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئۈستىلىرىگە، ماگىزىنلارنىڭ ئۈستىلىرىگە چىقىۋاپتۇ ـ دە، بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئاشۇلارنىمۇ ساقچىلار چۈش دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. ئۇلار قورقۇپ كېتىپ چۈشمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى شۇ يەردە تاپانچا بىلەن، ئاپتومات بىلەن ئاتتى. دىمەك، شۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، بىز ئاشۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆيىمىزگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىۋالدۇق. ياش باللاردىن قانچىلىك بالىنىڭ كوچىغا چىقىپ ئۆلگىنىنى، قانچىلىك بالىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى، ئۇنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ ئاخبارات بەك قاتتىق قىسىلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ تەكشۈرەيدىغان، نازارەت

قىلىدىغان، بىرىپ كۆرىدىغان ئۇنىداق مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق، چىققان ئادەمنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇلار مېنىڭ ئۆيگە كېتىش جەريانىدا قورشاۋغا ئېلىنغان گىلەنتىردىن تاشلەپكە بازارغىچە بولغان 500 مېتىر ئارىلىقتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم.

**مۇخبىر: دېمەك، بىزنىڭ 5 - فېۋرال ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ.**

تاھىر: ھەئە، چۈنكى بۇ نامايىش غۇلجا شەھىرىنىڭ پۈتۈن يېرىدە بولغانلىقتىن، بۇ قىرغىنچىلىق، بۇ زۇلۇم يۈز بەردى. مېنىڭ كۆرگىنىم مۇشۇنچىلىك. دېمەك، 5 ـ فېۋرال، 6 ـ فېۋرال كۈنلىرى خىتاي نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنى قىردى، سولىدى. مىسال بىزنىڭ ئىمىنجان دەپ كۈنجە مەھەللىلىك بىر ئاغىنىمىز بولغان، شۇ بالىمۇ شۇ مەشرەپتە تۇتۇلۇپ كىرىپ كەتكەن بالا ئىدى. شۇنداق بالىلاردىن ئىككى ـ ئۈچى ئېسىمدە بار. شۇ بالىلارمۇ ئاخىرى چىقىپ، ئالدى ئۈچ ـ تۆت ئاي، كەينى بىرەر يىلدىن كېيىن تۈگەپ كەتتى. بۇلارنى يالىڭاچلاپ، يەر ئاستى سوغۇق ئۆيلەرگە سولاپ قويۇپ، ئۇرۇپ، قىيىنغانىكەن. بۇلار سوغۇقتا يالىڭاياق، كىيىمسىز ئۇزۇن تۇرۇپ، بۆرەكى ئىششىپ كېتىپ، سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن، نەتىجىدە بۆرەك زەئىپلىشىپ ئاخىرى سالامەتلىكى كۈندىن- كۈنگە ناچارلىشىپ، سولاقتىن چىققاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن بالىلىرىمىز تۈگەپ كەتتى. 5 ـ فېۋرال ۋەقەسىدىن كېيىن بىر گۇرۇپپا بالىلار، نامايىش قىلىشاق بەربىر قىرىپ تاشلىۋېتىدىكەن، بىز بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن مۇشۇ ياشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالمىساق بولمايدۇ، دەپ خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىدە بۇسارەمنىڭ ئاكىسى تۇرسۇن مەمەتكامىمۇ بار ئىدى.

# 8 - قىسىم

## 1997 - يىلى 5 - ۋە 6 - فېۋرال كۈنلىرىدىكى غۇلجا ۋەزىيىتى

«بىر قېتىم ئالدانساڭ باشقىلاردىن كۆر، ئەمما كۆپ قېتىم ئالدانساڭ ئۆزۈڭدىن كۆر» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. بىز كۆپ قېتىم ئالداندۇق. ئالدانمىدۇق، بەلكى چارىسىز قالدۇق. يەنى، خىتاي بىلەن رۇستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تاغ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ قالدۇق. نى - نى ئارسلانلىرىمىز بۇ خىل رەھىمسىز رىئاللىق ئالدىدا چارە ئىزدەپ تېپىرلىدى. ھەتتا چارە سۈپىتىدە ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتتى. چارە، پۇرسەت بىلەن قوشماق. سەن چارىلىك بولغاندا پۇرسەتلەر قاچقان، سەن پۇرسەتكە ئېرىشكەندە چارە سەندىن قاچقان بولىدۇ. ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، چارىسىزلىك مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئەسلى چارىسىزلىق، قولۇڭدا بار بولغان چارىنى چارە ئورنىدا ئىشلىتەلمەسلىكتۇر. تارىخ ماھىيەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى شەرھىيلىمەيدۇ، بەلكى يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تارىختىكى تەجرىبىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن خەلق. ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۇرسىتى قاچقان خەلق. بۈگۈن - ئەتە پۇرسەت قولغا چۈشكەن شارائىتتا، ئۇلار تارىختا ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقنى تەكرارلىماسلىقى، پۈتۈن مىللەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىر چارە سۈپىتىدە ئۆزلىرىنى كوچىلارغا ئېتىشى مۇمكىن.

1997 - يىلى 6 - فېۋرال كۈنلىرىدىن ئېتىبارەن غۇلجا

شەھىردە ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك قورشاۋ ۋە ھەربىي ھالەت، غۇلجا خەلقىگە تارىختا ئەجدادلىرى دۇچ كەلگەن دەھشەتلىك باستۇرۇشلارنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. بۇ كۈنلەردە خىتاي ھەربىي كۈچلىرىنىڭ پۈتۈن شەھەرنى ئوققا تۇتۇپ، ئىككى كۈندە يوق قىلىۋېتىدىغانداك ئەلپازى بار ئىدى.

شەھەر سوغۇق، شەھەر پۈتۈنلەي دۇنياغا تاقاق. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا تۇتاشقان چېگرالار تاقالغان. بۇ ھەقتە دۇنياغا ئۇچۇر تارقىتىدىغان بىرمۇ چەتئەللىك مۇخبىرى يوق. يەنى، ئىنتېرنېت ئۇچۇر ـ ئالاقىسى تېخىمۇ يوق ئىدى. قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە ياكى يۇقىرىقى مەھەللىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىدىن خەلق خەۋەرسىز ئىدى. ئەگەر خىتاي پۇقرالىرى بولمىغان بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرىنى ئىككى كۈندە تۈپتۈز قىلىۋېتەر ئىدى.

خىتايلار غۇلجا شەھىردە ئۈچ نەرسىدىن ئىنتايىن بىئارام، ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئۇلار ـ مەشرەپ، پۇتبول ۋە ئىبادەت. مەشرەپ، پۇتبول ۋە ئىبادەت ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مىراسەتچى، قازى، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەھكىمىسى بولۇپ كەلدى. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى پارتلىغانغا قەدەر، خىتايلار بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مىنالاردەك تارقاپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى. 1997 ـ يىلى 6 ـ فېۋرال كۈنىدىن ئېتىبارەن باشلانغان قاتتىق ھەربىي ھالەت، ئۆي ئاختۇرۇشلار شۇ ۋەجىدىن بولۇپ، بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارغا ئۇيقۇ يوق ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن مەھەللە ـ مەھەللىلەرنى، ئاندىن قورولارنى قورشاپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگىچە چارلاش ئېلىپ بېرىپ دېگەندەك، نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى ئىزدەيتتى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ياش باللار قالمىغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار تالا ـ تۈزگە چىقالمايتتى.

چۈنكى ئەسكەرلەر مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇلارنى قاتتىق ئۇراتتى.

ئۇيغۇرلار 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئۆزى ئۈچۈن چارىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى. غۇلجا شەھرىدە قانچە مىڭلىغان ياش يىگىت غايىب بولغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى قايسى تۆشۈكتىن ئىزدەشنى بىلمەيتتى. 5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققان باللار تۇتقۇن قىلىنغاندىن باشقا، 6 ـ فېۋرال كۈنىمۇ نۇرغۇن ياشلار تۇتقۇن قىلىندى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى. غۇلجا شەھەرلىك يېڭى هايات تۈرمىسى، كۈنەس قارا بۇغرا تۈرمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى تۈرمىسى، ئىلى دىۋىزىيە تۈرمىسى، چاپچال سۇ تۈرمىسى ۋە تېكەس تۈرمىسى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇتۇلغان ياشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. 5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققان ياشلارنى تۇتقۇن قىلغان خىتاي ئەسكەرلىرى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قوللىرىنى بويۇنلىرىغا ئارتىلدۇرۇپ، قولىغا كويزا، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ، قارا هەربىي ماشىنىغا نىقتاپ تىققانچە تېكەس تۈرمىسگە ئاپىرىپ، خۇددى مال چۈشۈرگەندەك چۈشۈردى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ئاق مومىنى ئۇزىتاتتى ـ دە، ئاندىن ئىتتىك تارتىۋېلىپ: «سېنى ئاللاهىڭ قۇتقۇزسۇن» دەپ مازاق قىلىپ ئوينايتتى.

6 ـ فېۋرال كۈنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغان ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا قايتا يىغىلدى ۋە پەرزەنتلىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق توپى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولۇپ، توپ ئىچىدە خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ قويۇۋەتكەن قۇلاقلىرىمۇ بار ئىدى. خەلق توپى بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئۇلارغا كوچىلاردىن ئۆتۈۋاتقان

يولۇچىلارمۇ قوشۇلدى. غەزەپلەنگەن خەلق شەھەرلىك ساقچىخانا ئالدىدا قاتتىق سوغۇققا قارىماي بىر قانچە سائەت تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى يەنىلا ئالالمىدى. نەتىجىدە غەزەپلەنگەن ئاتا - ئانىلار توپى نامايىشقا ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. كالتەك، توقماق كۆتۈرگەن ئىككى ماشىنا ئەسكەر ئىنتىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەلپازى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گىتلېر فاشىستلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئەسكەرلەر كالتەك - توقماق بىلەن خەلقنى دۇمبالاشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئاققۇزىدىغان بومبا ئاتتى. بىر قانچىلىغان جەڭگىۋار قىز - چوكانلارنىڭ چاچلىرىدىن سۆرىگەنچە ھەربىي ماشىنىلىرىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى. تاياق - توقماق ۋە ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنىڭ زەربىسىدىن ماڭالماي يولدا يىقىلىپ قالغان كىشىلەرنى، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئاپشاركا ئىتلىرى تالايتتى. بۇ مەنزىرىگە چىداپ تۇرالماي قالغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇدۇل كەلگەن خىتاي دۇككانلىرىنى، خىتاي تاكسىلىرىنى ئۇرۇپ - چېقىشقا باشلىدى. مانا بۇ تارىختىكى خىتايلار تەرىپىدىن«6 - فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەشھۇر«5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئىنقىلابنىڭ 2 - كۈنى ئىدى.

6 - فېۋرالدىن ئېتىبارەن غۇلجا شەھىرىدە قاتتىق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى. ھەربىي ھالەت بىر ئايچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپكى بىر ھەپتىدە غۇلجا ئاسمىنىدىن قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى. ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا ناھىيەسىگە، شۇنداقلا شەرقىي بەش ناھىيەگە بارىدىغان يول ۋە يول ئېغىزلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغان بولۇپ، بۇ جەرياندا كۆزگە

چىلىققان ھەرقانداق ئۇيغۇر قوپاللىق بىلەن ئاختۇرۇلاتتى. مەھەللە ـ مەھەللىلەردە قاتتىق تىنتىش ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ مەھەللىسى ھېسابلانغان قارۋاي مەھەللىسى، كۆكچى مەھەللىسى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك تاشيول ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسى، يەنى ھازىرقى ھەرەمباغ، ئالتۇنلۇق قاتارلىق مەھەللىلەر قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، 5 ـ فېۋرالدىن كېيىن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان نۇقتىلىق مەھەللىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يېتىشكەن ئانا ۋەتىنىڭدە، ئۆز يۇرتۇڭدا مۇستەملىكىچى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، بازارغا كىرىش ۋە چىقىشتا تەكشۈرۈلۈش نېمىدېگەن خورلۇق-ھە!

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بازارغا چىققان، كىرگەن ۋە چوڭ يوللاردىن ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ خىل تەكشۈرۈشلەرنى ھەر قېتىم باشتىن كەچۈرگەن، غۇرۇرى دەپسەندە بولغان خەلقنىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى. خەلق چارىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئومۇميۈزلۈك شەھەر قانداقتۇر چىن تۆمۈر باتۇر، سادىر پالۋان ۋە غېنى باتۇرلارنى سېغىنغان ئىدى. كىشىلەر قاياقتىندۇر قورال كۆتۈرۈشكەن رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ پەيدا بولۇپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى بىر كېچىدە تېرە ـ پېرەن قىلىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دېمەك، خەلق ئاخىرقى چارىنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئەمما پۇرسەتنى ئاللىقاچان قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن، بۇنداق پۇرسەتنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىگە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

سۇنىڭ كۈچى يېنىكتۇر. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

ھەر قېتىمدا كىچىك ـ كىچىك توپىراق ۋە قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، ناھايىتى چوڭ ۋادىلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئىنسان يېڭىلگەنگە تۈگىمەيدۇ، ئەمما پەس كۆرۈلگەنچە تۈگەيدۇ. غەلىبە، غەلىبە مېنىڭ دېگەنلەرگە مەنسۇپتۇر. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ يوللىرىدا كۈچلۈك توساقلار بولمىغان تەقدىردە، بۇ يول ئىنسانلارنى بىر مەنزىلگە ئۇلاشتۇرالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئارقىلىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ قەدەر ۋەھشىي سىياسىتىنى كۆرمىسە ئىدى، ئازراق ھوقۇق ۋە ئەمەل، ئازراق ئۆستۈرۈلگەن مائاشلارغا مەست بولۇپ، بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىدا ئاللىقاچان ئاسسىملاتسىيە بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

6 ـ فېۋرال كۈنى غۇلجا شەھىرىدە غەزەپلەنگەن ياشلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قارشى، ئاتالمىش «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكىتى»گە چېتىشلىق دېگەن باھانە بىلەن، غۇلجا شەھىرىدە 2 ـ تۈركۈمدە تۇتقۇن قىلىش باشلاندى. 6 ـ فېۋرال كۈنىدىكى ئۇرۇش ـ چېقىش ۋەقەسى باھانىسىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە ئون بەش ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «6 ـ فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى»، ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن «خورلۇق، دەپسەندىچىلىك قارشى ھەق ـ ئادالەت كۈرىشى» دەپ ئاتالغان ئىدى. 1997 ـ يىلى 6 ـ فېۋرال ھەرىكىتىدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك تىنتىش، تۇتقۇن قىلىش قارا دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولغانلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. مۇددىتى توشۇپ چىققانلار ساراڭ بولۇپ قالاتتى ياكى بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىگە قارىتىلغان، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش، بۇ ھەرىكەت بىلەن يانمۇ ـ يان باشلىنىپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ نەپەس ئالغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى. شەھەر سوغۇق، شەھەر چارىسىز، شەھەر تاقاق...

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قارا تارىخ تەكرارلانماقتا ئىدى. غۇلجا شەھىرى خۇددى گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ سوبىبور تۈرمىسىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان ياشلار، زىيالىيلار بۇ سوبىبور تۈرمىسىدىن قېچىش پىلانىنى تۈزدى. ئاخىرى ئۇلار زالىم خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قۇلۇپلانغان بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ قاچتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ دەرۋازىسى چىقتى. ئۇلار بۇ قارا دەرۋازىنىڭمۇ قۇلۇپىنى چاقتى. قېچىش جەريانىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوققا تۇتۇلۇپ شېھىت قىلىندى، نۇرغۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ قېچىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قاچالىغان ئۇيغۇرلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار شۆبىسى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇيغۇر مىللىتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە چۇقان سالدى. بۇ ھەرىكەت ئەينى يىللاردا گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ سوبىبور تۈرمىسىدىن قاچقان يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرىگە بەك ئوخشايتتى. بۇ قېچىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇيغۇرلار تۈركىيە، ياۋروپا، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرگە يەرلىشىپ، ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئىسىم ۋە بۇ كىملىكنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

2002 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈرمىلىرىنىڭ بىرى بولغان گۇەنتانامو تۈرمىسىدە بەش ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى

ھەققىدە خەۋەر تارقالغانىدا دۇنيا ھەيران قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابابەكرى قاسىم بىلەن ئادىلجان ھېكىم 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەنە شۇ دۇنياغا تاقالغان غۇلجا دەرۋازىسىنى چېقىپ قاچقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. گۇەنتانامودىن ئىلى ۋادىسىغا سوزۇلغان بۇ بىپايان، ئەمما خائىن ۋە زالىملار كۈچ تالىشىدىغان كەڭرى جۇغراپىيەدىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دېگەن بىر سادا، بىر نىدا ياڭراشقا باشلىدى. گۇەنتانامو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ھازىر ئالبانىيەگە يەرلەشتۈرۈلگەن ئابابەكرى قاسىم، 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتناشمىغان ياش ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غۇلجىنىڭ تاقاق دەرۋازىسىنى چېقىپ قاچقانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن 5 ـ فېۋرالغا بىۋاستە قاتناشمىغان. مەن ئۇ مەزگىلدە تاشلەپكىدە رەختچىلىك قىلىۋاتقان بولۇپ، ئەتىگىنى سەككىز يېرىمدا دۇكانغا ماڭسام، نەق شۇ باللار ئاشۇ ياقتىن لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، تاشلەپكى تەرەپكە قاراپ ماڭغان ئىكەن.

ئۇنىڭ 5 ـ فېۋرال ۋەقەسىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى، كاللىسىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالنى پەيدا قىلغان.

ئابابەكرى: ئۇ يەردىن شەرق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلار كىيىملىرىنى يېشىپ، ئۇ يەردىن ماڭدى. ئۇ يەردىن شۇ ماڭغان پېتى مەنمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ، مۇشۇ چوڭ يولنى بويلاپ گېزىتخانىنىڭ ئالدىغا بارغان ۋاقتتا ھەربىيلەر، ساقچىلار باللارنى قورشاپ ئۇرۇپ، بېسىپ، سولارنى چېچىپ، ماشىنا ـ ماشىنىغا تىقىپ ئۇلارنى ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

ئـۇ يەردىــن قايتىــپ شــەھەرلىك ھۆكۈمەتنىــڭ ئالدىغـا كەلسـەك، شـەھەرلىك سـاقچىنىڭ ئالدىـدا ئـۇ يەردىـمۇ بىـر تۈركـۈم باللارنـى تۇتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشـۇ خەنزۇلارنىڭ ئاپپاراتلىرىدا ھەممىسـى شـەھەرلىك ھۆكۈمەتنىـڭ ئالدىغا يۈتـۈن خەلـق يىغىلىـپ كېتىپتىكـەن. شـۇ يـەردە باللىرىمنـى تۇتتـۇڭ دەپ بارغـان ئاتـا ـ ئانىلارغـا ئۈسـتىدە تـۇرۇپ بىرسـى ئـوق چىقىرىپتىكـەن، بىزنىــڭ باللاردىـن بىـر ـ ئىككىسـىگە، ئاتـا ـ ئانىلارنىـڭ بىر نەچچىسـىگە ئـوق تېگىپتـۇ. شـۇنىڭ بىلەنـلا شـۇ يـەردە يۈتـۈن خەلـق يىغىلىپتۇ. شـۇ مەزگىلللـەردە ئـون بـەش كـۈن، يىگىرمـە كـۈن ھەربىـي ھالـەت بولـدى. ھەتتاكــى، كوچىلارغـا چىقىشـتىنمۇ ئەيمەنـدۇق، بەزىــدە مەخپىــي ھالــدا كەچلىــرى، كۈندۈزلــرى چىقتــۇق، ئايلانــدۇق. باللارنـى كوچىـا ـ كوچىلارغـا تىقىـپ بىھۇدە ئۇراتتـى. ئـەڭ ئاخىرى مۇشـۇ كىملىكـى يوقلارنـى چىقارمـدى. كوچىـلار قامالغاندىـن كېيىن كىرەلمـدى. كىملىكـى بـارلار كەچلىـرى ئانچـە ـ مۇنچـە ئايلىنىـپ قىلـدۇق. ئاشـۇ ئايلىنىـپ يۈرۈشـتە كەلگۈچىمـۇ قورقىدىغـان ھالەتتـە شـۇنداق خەتەرلىـك بولـۇپ كەتكەنىـدى. كېچىلىـرى نەچچىلىرنـى ئـۇرۇپ چـالا ئۆلـۈك قىلىـپ تاشـلىۋەتكەن، ئىگىسـى يـوق. بىزنىــڭ باللاردىنمـۇ شـۇ قېۋرالـدا كىرىـپ كەتكەنلەردىـن بـەش ـ ئالتىسـى سـاراڭ بولـۇپ يېنىـپ چىقتـى. باللارنىـڭ بەزىلىرىنـى ئـۈچ يىلدىــن تارتىــپ مۇددەتســىزگىچە كەســتى. شــۇ كېســىلگەن باللارنىــڭ ئايىغــى ھازىرغــا قــەدەر چىقىــپ بولمىــدى. شــۇ نامايىشــقا ئــۆزۈم قاتناشـمىغان بولسـاممۇ، شـۇ ھالەتنـى ئـۆز كـۆزۈم بىلـەن كۆرگەندىـن كېيىـن، بـۇ خىتـاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن بۇنـداق قىلىدۇ؟ بىزنىڭ خەلقىمىزگـە بولغـان نېمانـداق ئۆچمەنلىـك بـۇ؟ نېمىشـقا شـۇنداق بولـدۇ؟ دەپ، شـۇنىڭدىن كېيىــن ئىزدىنىـش ئارقىلىــق ئاخىــرى بىزنىڭكــى مۇســۇلمان بولــۇپ قالغانلىقىمىــز ئۈچــۈن، بــۇ خىتــاي ھۆكۈمىتىنىــڭ ئەسـلىدە ئىسـلام دىنىغـا بولغـان دۈشـمەنلىكىدىن

بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، «توختا، بىز ئۆزىمىز ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشىمىز كېرەككەن» دېگەن ئويغا كەلدىم. شۇ 5 - فېۋرالنىڭ سەۋەبىدىن مەنمۇ 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1998 - يىلىنىڭ باشلىرى ئىسلامغا قايتىپ، ناماز باشلاپ، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشتەك نەرسىلەرنى بىز مەھەللىدىكى باللار بىلەن باشلاپ، ئۇ نەچچىمىز تاكى ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولدۇق دېگەنگە قەدەر ئۆگەندۇق. شۇنداق 5 - فېۋرالنىڭ سەۋەبىدىن بىز ئىسلامغا قايتتۇق...

ئابابەكرى دىن ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

كىملىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، مەن ھەقىقەتەن «بۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىتى مۇنداق مىللەتكەن» دەپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخىنى ئوقۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن نەرسىلەردە ئىزدەندۇق. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇرلار دېگەندەك نەرسىلەرگە قىزىقمايتتىم. بولۇپمۇ مېنىڭ ھاياتىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يۈزدە يۈز مەيلى دىنىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئاڭ جەھەتتىن بولسۇن، چەك - چېگرا مەسىلىسىدە بولسۇن، ئۇ قېرىنداشلىرىمىنىڭ نامايىشى ئاساسەن مەن ئۈچۈنلا قىلىپ قويغاندەك بولدى...

ئۇ، ئۆزىدە يۈز بەرگەن مىللىي كىملىك ئويغىنىشىنىڭ 5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى بىلەن بىخلانغانلىقىنى ۋە بۇ يېتەكچى ئىدىيەنىڭ ئۇنى گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قەدەر باشلاپ كىرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مۇشۇ يەرلەرگە كېلىشىمىزگە، ھەم چەتئەلگە چىقىشىمىزنىڭ

ھەممىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن «ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلارمىز» دېگەن ئاڭنى كاللىمىزغا سىڭدۈرۈشقا شۇ 5 ـ فېۋرال سەۋەب بولغان...

5 ـ فېۋرال روھىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋەتەن، مىللەت تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى ھەققىدە توختالغان ئابابەكرى قاسىم يەنە مۇنداق دەيدۇ:

شۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىش ھازىر پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئومۇملاشقان...

1997 ـ يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىن گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە بولغان بۇ بىپايان جۇغراپىيەدە ئوينىغان رولى ھەققىدە، ئامېرىكا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تور بېتىدە يوپۇرماق تەخەللۇسىدا ماقالە ئېلان قىلغان بىر ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن زالىملارنىڭ ئىتلىرى قوغلىسىمۇ، ئاپتوماتلارنىڭ تاتاتىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، يەردە قاپقان، ئاسماندا تور قورۇلسىمۇ ئۇلار توختىماي ئالدىغا قاراپ، تاڭغا قاراپ يۈگۈردى. بىپايان، ئەمما خائىن ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە، تاغۇ ـ بوستانلىقلىرىدا، ئافغانىستان دەشتلىرىدە ۋە تورا ـ بورا تاغلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالدى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ قانچىلىغان سەپداشلىرى دۈشمەن ئاپتوماتىدا شېھىت قىلىندى، قانچىلىغان سەپداشلىرى قولىدا كويزا، پۇتىدا ئىشكەل سېلىنغان ھالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ھەدىيە قىلىندى. قانچىلىغان سەپداشلىرى خىتاينىڭ باھار بايرىمىلىق كۆڭۈل ئېچىش سوۋغىسى قىلىندى. قانچىلىغان سەپداشلىرى خىتاي تۈرمىلىرىدە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى

ئـورۇق، دۈشـمىنى كۈچلـۈك بولسـىمۇ، ئـۇلار ھۆرلۈكتـىن ئىبـارەت بۇ كۈچلـۈك مەشـئەلنى كـۈچ ئـۇلاپ كۆتـۈرۈپ ماڭماقتـا ئـىدى. ئاخـىرى ئـۇلار ئەركىنلىـك، ھۆرلـۈك ناخشىسـىنى ياڭرىتىـپ دۇنياغـا تارالدى. ئـۇلار ۋە ئۇلارنىـڭ سەپداشـلىرى ئىچكـى قورۇقلـۇق، ئىلـى، تارىـم، زەرەپشـاندىن تاكـى گۈەنتانامـو تۈرمىسـىگىچە بولغـان بـۇ خەرىتىـدە ئۆچمـەس ئىزلارنـى قالـدۇردى.

شـۇئارىمىز، 5 ـ فېـۋرال غۇلجا ئىنقىلابـى ھەققـىدە بىلمەيدىغان ـ لىرىمىـز بىلىدىغانلىرىمىزدىـن كۆپ. مەقسـىتىمىز، تارىـخ ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن!

# 9 - قىسىم

## 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، غۇلجىدىكى ئىلغار ئىدىيەلىك زىيالىيلار ۋە دىنىي زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى پەرىشان ئىدى. نۇرغۇنلىغان ياشلارنى خىتاي ساقچىلىرى سوراق جەريانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ياكى بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى» دېگەن يالغان تۆھمەت بىلەن ئائىلىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ ئىدى. بۈگۈن بىز ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان تىنتىش ھەرىكىتى جەريانىدا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان، خىتاي ساقچىلىرى سوراق جەريانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالدى» دېگەن يالغان بانايى ـ سەۋەب بىلەن ئائىلىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان قەھرىمان غۇلجا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئاران بىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. شۇ ۋەجىدىن يۈرەكلىرىمىز خۇددى شەبنەم سوققان ياپراقتەك تىترىمەكتە، چارىسىزلىك ئالدىدا تېپچەكلىمەكتىمىز.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەھرىمان غۇلجا خەلقى «ئاللاھۇ ئەكبەر!!!» دېگەن تەكبىر سادالىرى ئىچىدە بىر سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ جىنازىسىنى، خۇددى تەنتىراۋاننى كۆتۈرگەندەك ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، پەلەكتە سەير قىلدۇرغىنىچە غۇلجا شەھەر قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى. شۇ كۈنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەندى. ئەمما خەلقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك كۈچكە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ مەنىۋى مەسىلىلەرگە سىياسىي تەدبىرلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى.

ئەينى يىللاردا غۇلجا خەلقى ئارىسىدا ئابدۇسالام ئەپەندى، ئابدۇسالام قارىم قاتارلىق ناملار بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن، غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇسالام ئەپەندى، دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتە يېتىشكەن ئىلغار ئىدىيەلىك غۇلجا ياشلىرىدىن بىرى ئىدى. بۈگۈن بىز 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق پىروگراممىزنىڭ 9 ـ سانىدا ئابدۇسالام قارىمنىڭ ئارخىپلىرىنى ۋاراقلايمىز.

ئابدۇسالام قارىمنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى سوراق قىلىمىز دېگەن باھانە بىلەن ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىپ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇسالام قارىمنىڭ جىنازا نامىزى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى خەلق قوزغىلىپ كەتكەن، خىتاي قوراللىق كۈچلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۆرەشكە پىلتە يېقىلىشقا تاس قالغان جىنازا نامىزى بولغان.

بۇ ھەقتە گۈلشەن ئابدۇقادىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان تاھىر ئەپەندى، ئابدۇسالام قارىمنىڭ ئەينى يىللاردا غۇلجىنى مەركەز قىلغان مەشرەپ پائالىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە باشلامچىلىق

رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

ئابدۇسالام بىزگە ۋە باللارغا ئاساسىي تەۋسىيە قىلىدىغىنى «قەتئىي سىياسىي گەپ قىلماڭلار!!!» ئىدى.

**مۇخبىر: ئابدۇسالام دېگەن ۋاقتىڭىزدا قايسى ئابدۇسالام؟**

تاھىر: دۆلەت مەھەللىدىكى ئابدۇسالام ئىدى. ئۇ بالا ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ مەشرەپكە كېلىپ مەشرەپنى قانداق قىلىش، باللارنى قانداق يېتەكلەپ مېڭىشنى سۆزلەيتتى. ھەتتا ئابدۇخېلىل مىجىتلەر «دىنىي ئىسلام ئارقىلىق باللارنى تەربىيەلەپ، بىز يامان يولدىن قايتۇرىمىز» دېگەن ۋاقتىدا، ئابدۇسالام دىنىي تەبلىغنى بەك ئارىلاشتۇرۇۋالساق، خىتاي: «بۇلار بۇنى دىنىي سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى، بۇلار مەشرەپنىڭ ماھىيىتىنى بۇزمىلاپ دىنىي تەشكىلات قۇردى ياكى بولمىسا دىنىي جەھەتتىن باللارنى تەشكىللەپ مانداق تەشكىلات قۇردى، ئۇ قىلدى، بۇ قىلدى دەپ نۇرغۇن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ بىزنى باستۇرىۋېتىدۇ، بىز مەشرەپنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن دىندىن خالىي پائالىيەت ئېلىپ بارايلى» دەپ شۇنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئابدۇسالام ئۆزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، دىندىمۇ، پەندىمۇ ياخشى يېتىشكەن بىر بالا ئىكەن. چۈنكى ئۇ ۋەزىيەتنى...

**مۇخبىر: دىندىمۇ ئوقۇغانمۇ ئۇ بالا؟ ئابدۇسالام قارىم دەپمۇ قويىدىكەنغۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟**

تاھىر: بىلمىدىم، بىراق دىندىمۇ، پەندىمۇ بار بالا ئىدى. ئۇ بالىنىڭ قانداق ئوقۇغان، كېلىپ چىقىشى قانداق؟ مەن ئۇ ھەقتە تازا ياخشى مەلۇماتىم يوق. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتتا خىتاي بۇ بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. دېمەك، بۇ بالا «بىز ئاساسىي جەھەتتىن تەبلىغ قىلماي، ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت،

قائىدىلىرىمىز، ياخشى پەندى - نەسىھەتلىرىمىز بويىچە شۇ باللارنى يامانلىقتىن توسايلى. ھازىر ھۆكۈمەت مەشرەپنى قانداق قىلىپ باستۇرىمىز، قانداق قىلساق قالپاق كىيگۈزۈپ بولارنى يوقىتالايمىز دەپ ئاران - ئاران تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، بىز تەبلىغنى بەك ئاساس قىلىۋالساق، بىزگە دىنىي تونىنى كىيگۈزۈپلا، بولار دىن تارقاتتى، دىن تەشۋىق قىلدى، ئۇ قىلدى، بۇ قىلدى دەپلا بىزنى جايلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ مەشرەپنى ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىمىز، ئويۇن - چاقچاق، كۈلكە بىلەن مۇشۇنداق ئېلىپ ماڭساق، خىتاي بىزگە ئالدىراپ قالپاق كىيگۈزەلمەيدۇ، ھەم مەشرەپنىمۇ بىز ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالايمىز. دېمەك، ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالساق، نۇرغۇنلىغان ياشلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرالايمىز» دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى بۇ بالا. خەيرىيەت، بىز بۇ بالىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق مەشرەپلەرنى ئورۇنلاشتۇراتتۇق، ھەر بىر مەھەللىگە بېرىپ تەۋسىيە قىلاتتۇق، ئۇ مەھەللىدە مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئابدۇخېلىل مىجىتمۇ ئۆز دائىرىسى بويىچە مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنى كېڭەيتتى. دېمەك، مەشرەپلەر ئاساسىي جەھەتتىن ھەر بىر مەھەللىلەردە قورۇلۇشقا باشلىدى.

ئابدۇسالامنىڭ ئۆلۈمىگە مەن قاتناشتىم. مەن بارغان ۋاقىتىدا تېخى يۇماپتىكەن. ھەتتا، يۇيىدىغان ئۆيگىمۇ ساقچىلار، يۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچىلار ھېچكىمنى كىرگۈزمەي ئىشىكتە تۇرۇۋاپتىكەن، شۇ يەردە ئۆزلىرى تەيىنلىگەن بىر - ئىككىسى ئابدۇسالامنى يۇيۇۋېتىپتىكەن. شۇ ئارىلىقتا بىر چېلەك ئىسسىق سۇ كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئىسسىق سۇ باھانىسى بىلەن كىرىپ چالا - پۇلا كۆرگەن بولدۇم. ئابدۇسالامنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆك، كۆپكۆك، پۇتلىرى، يانلىرى...

**مۇخبىر: مېيىتنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز؟**

تاھىر: كۆردۈم، كۆرگەندىمۇ بەك قىسقا ۋاقىتتا كۆردۈم. چۈنكى سۈنى ئەكىردىم، چىقىپ كەتتىم. شۇ چاغدا بىر قارىۋالدىم، خالاس. قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئابدۇسالامنىڭ مېيىتى يۇيۇپ ـ تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەسچىتكە ئاپىرىپ نامىزىنى چۈشۈردۇق. نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ياش باللار ئاساسىي جەھەتتىن «كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىمىز» دېدى. چوڭلار: «بىزنى ئاياڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار. سىلەر بىر ئىش چىقىرىپ قويساڭلار، يەنە سىلەردىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز. ئەڭ ياخشىسى ماشىنىدا ئاپىرايلى» دەپ ئازراق دەتالاش بولدى. لېكىن ياش باللار قەتئىي ئۇنىماي جىنازىنى مۈرىمىزدە كۆتۈرۈپ، ئېلىپ ماڭدۇق. ھازىر ئېسىمدە، بەك جىق ئادەم قاتناشقان ئىدى...

**مۇخبىر: قانچىلىك ئادەم قاتناشقاندۇ سىزچە؟**

تاھىر: تەخمىنەن ئون مىڭغا يېقىن دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەر توپىنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىنى چوڭ كوچىدا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن يۈتۈن غۇلجىنىڭ ياشلىرى بار. بۇ جىنازا نامازغا ئاڭلىغان، خەۋەر تاپقان باللارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تەكبىر توۋلاپ جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭدۇق.

**مۇخبىر: قەيەردىن ئېلىپ ماڭدىڭلار؟ ئۆيى قەيەردە ئىدى؟**

تاھىر: ئېسىمدە قېلىشىچە، دۆڭ مەھەللە گۈللۈك مەسچىتتە نامىزىنى چۈشەردى.

**مۇخبىر: قايسى ئاي، كۈنلىرى ئېنىق ئېسىڭىزدىمۇ؟**

تاھىر: ئاي، كۈنلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ.

**مۇخبىر: 5 - فېۋرال بولۇپ قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن تەخمىنەن؟**

تاھىر: ئېسىمدە قېلىشىچە 5 - فېۋرال بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بولغان ئىش...

**مۇخبىر: تۇرسۇن سەلەي شېھىت بولۇشىنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ؟**

تاھىر: ياق، ئالدىدا. ئۇ ئىشلار ئالدىدا.

**مۇخبىر: بىر يىلنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىكەن - دە بۇ؟**

تاھىر: ھەئە، بىر يىل ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلار بۇ. 97 - يىلى 5 - فېۋرال ۋەقەسىدىن كېيىنلا خىتاي ساقچىلىرى كېلىپ، ئابدۇسالامنى «بىر ئۇنئالغۇ لېنتىسىنىڭ گېپى بار، بىرسى ئۇنئالغۇ لېنتىسى بەرگەن دەيدۇ، سەن ئاڭلاپتىكەنسەن، شۇ باللارنى تېپىپ بەر» دەپ تۇتۇپ كېتىپ، ساقچىلار ئۆزلىرى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن «بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى» دەپ مېيىتنى تاشلاپ بەرگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ساقچىلار ئابدۇسالامنىڭ قازاقىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان بىر ئاكىسىغا تېلېفون قىلىپ: «دەرھال كەل» دەپ، ئاكىسىنى چاقىرتقان. ئاكىسى جىنازىسىغا ئاران ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن. ئابدۇسالامنىڭ جىنازىسىنى قارا دۆڭ زەرەتگاھلىقىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئىككى چەتتىكى خەلق يىغا - زارە قىلىشىپ، ھەسرەت چېكىشىپ قالغان ئىدى. ئابدۇسالامنىڭ جىنازا نامىزىغا مەسچىتكە بېرىپ قاتنىشالىغانلىكى

ئـادەم قاتناشـقان. ھەربىيلـەر يولنىـڭ ئىككـى چېتىـدە قوراللىـق ھالەتتـە بولـۇپ، ھەتتـا قـارا دۆڭ زەرەتگاھلىغىغـا قـەدەر قورشـاپ بوپتىكـەن. بىنـا ـ بىنانىـڭ تۆپىلىرىنـى ئېغىـر تىپلىـق ئاپتوماتـلار بىلـەن قورشـاپ ياتقـان ئىكـەن. يـول تۆپىدىكـى مۇھىـم ـ مۇھىـم يەرلەرگــە، ھەتتــا بىنالارنىــڭ تۆپىلىرىگىمــۇ بــۇلار ئەسـكەرلەرنى ئورۇنلاشـتۇرۇۋېتىپتىكەن. «ئەگـەر شـۇنداقلا بىـر ۋەقـە چىقارسـا، قىرىپلاۋېتىــڭلار» دېگــەن بۇيــرۇق بــار ئىكــەن ئەسـلى. شـۇنىڭ بىلـەن ئابدۇسـالامنىڭ مېيىــت نامىزنــى ئاساســي جەھەتتىــن خـەۋەر تاپقانلىكـى غۇلجا ياشـلىرىنىڭ ھەممىسى تولـۇق قاتنىشـىپ، شـۇنداق ئۆتكۈزگــەن ئىــدى. شـۇنداق تەسـىرلىك، دەبدەبىلىــك بولغـان، خەلـق ئابدۇسـالامنى بـەك ياخشـى كۆرەتتـى.

ئابدۇسـالام غۇلجـا شـەھرىدە تۇغۇلغـان. ئابدۇسـالام بىلـەن ئارىلاشـقان ۋە تونۇشـقان ۋاقتىمىـز بـەك قىسـقا بولـدى. چۈنكـى بىـز مەشـرەپ تەشـكىللىنىپ مەلـۇم ۋاقىتتىـن كېيىـن تونۇشـتۇق. ئـۇ بـالا بىزنىـڭ مەشـرەپ گۇرۇپپىمىـزدا ئەمەسـتى، ئۆزىنىـڭ دائىرىسـىدە ئىـدى. لېكىــن بىزنىــڭ مەشـرەپكە چاقىرغـان ۋاقىتتـا بىزگــە قاتنىشــىپ ياخشــى ســۆزلەرنى قىلىــپ بېرەتتــى.

**مۇخبىر: سىز قايسى مەشرەپ دائىرىسىدە ئىدىڭىز؟**

تاھىـر: مـەن جىگدىلىك مەھەللە مەشـرەپ گۇرۇپپىلىرىدا بولدۇم، كېيىنكــى ۋاقىتــلاردا كاتىپمــۇ بولــدۇم، يىگىــت بېشــىمۇ بولــدۇم. ئىشـقىلىپ شـۇ ۋاقىتنىــڭ ئۆزىــدە بىزنىــڭ مەشــرەپ گۇرۇپپىمىزغـا كېلىــپ، شــەرق مەھەللىــدە چــوڭ جامائەتلەرنــى يىغىــپ، يەتتــە ـ سـەككىز مەشـرەپ گۇرۇپپىلــرى بىرلىكتــە مەشـرەپ ئۆتكۈزگــەن ۋاقىتىمىــزدا، ئابدۇســالامۇ كېلىــپ ياخشــى ســۆزلەرنى قىلىــپ، نۇرغـۇن ياخشــى پاراڭلارنــى قىلغــان. يەنــى، ياشــلارنى قانــداق قىلسـاق قۇتۇلدۇرالايمىـز؟ دېگـەن مەسـىلە ھەققىـدە سـۆز قىلغـان.

بۇ بالىنىڭ قىلىۋاتقىنى ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق توغرا بىر يول ئىدى. ھەتتا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتمۇ ھېچنېمە تاپالمايتتى بۇ بالىدىن. ياشلارنى يامان يولدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەيدىغانلا تەلپى بار ئىدى. بەك ئىلمىي، بەك جانلىق، بەك ياخشى بالا ئىدى، ھەرقانداق ئادەمنى سۆزلەپ قايىل قىلالايتتى. بۇ بالا بىزگە بەك ياخشى تەسىرلەرنى بەرگەن. ئۇ بالا بىلەن شۇنداق سۆھبەتلەردە بىللە بولۇپ قالاتتۇق، مۇڭدىشىپ قالاتتۇق. لېكىن مەن ئۇ بالىنىڭ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى دېگەندەك تەرەپلىرىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىكەنمەن.

**مۇخبىر: ئەمما دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتىن سىز قايىل بولغانتىڭىز، شۇنداقمۇ؟**

تاھىر: ھەئە، قايىل بولغان. ئۇ بالا بىلەن نەچچە قېتىم بىر قانچە سورۇنلاردا بىللە بولغان.

**مۇخبىر: ئاساسلىق سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن ئازراق ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ قايسى مەشرەپ گۇرۇپپىسىدا سۆزلىگەن قايسى سۆزى سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان؟ قەيەردە؟**

تاھىر: شەرق مەھەللىسىدە «شىپاڭ» دەپ قويىمىز، شۇ يەردە بىر مەشرەپ بولغان چاغدا ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ مۇشۇ مەشرەپ توغرىلىق سۆزلىگەن. يەنى، بۇ مەشرەپنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇ مەشرەپ كۆرگەن بالىلارنىڭ ئەخلاقلىق بولىدىغانلىقى، يامان يوللارغا ماڭمايدىغانلىقى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدىغانلىقىنى، مەشرەپنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى بەك سىستېملىق، ئەتراپلىق، كونكرېت سۆزلەيتتى بۇ بالا. ماڭا مۇشۇ بەك تەسىر قىلاتتى. ھەرقانداق ئادەمنى، ئەڭ قىسقىسى، خىتاي ئىشپىيون قىلىپ

ئارىمىزغا كىرگۈزگەن بەزىبىر ئۇيغۇر ساقچىلارمۇ، بۇ بالىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ چىقىپ كېتەتتى، مەن مۇشۇنداق ئويلايمەن. ئۇلار بۇ بالا خاتا سۆزلىمەيدىكەن، توغرا گەپ قىلىدىكەن، دەيتتى.

**مۇخبىر: بەزىلەر ئابدۇسالام قارىم دەيدىكەنغۇ بۇ بالىنى؟ قارىلىق ياكى ئىماملىق قىلغان ئىشلىرى بارمۇ؟**

تاھىر: بۇ بالا دىندىن، پەندىن ھەممىنى مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلەيتتى. ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق قايىل قىلاتتى. بەلكىم دىنىي جەھەتتىن مەلۇماتى بار دەپ قارايمەن مەنمۇ. بولمىسا خەلق ئۇنداق قارىم دېمەيدىغۇ. لېكىن ئۇ بالا بەك بىلىملىك بولۇپ، دىنى ۋە پەننى جەھەتتە يېتىشكەن ئىدى. بۇ بالىنىڭ دىنىي جەھەتتىن بىلىمىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى مەن ياخشى بىلمەيمەن.

ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان راملە خانىم، ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ سابىق ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ رابىيە قادىر خانىم بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا كېلىپ، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئەھۋال ئىگەللىگەن. راملە خانىم ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە مۇخبىرىمىزغا مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېدى:

بۇنى ۋەقە دېمەي، «غۇلجا قىرغىنچىلىقى» دېسەك بولىدۇ. ۋەقە دېسەك، بىر ئاز ئادەتتىكى ئىشتەك بولۇپ قالىدىكەن، بۇ بىر قىرغىنچىلىق. 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىشتىن سەل بۇرۇن پەيزىۋاتتا قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتتى. يەر تەۋرەشتىن

كېيىن، بىز تىجارەتچىلەر ھەممىمىز بىر نەرسە يىغىپ، پەيزىۋاتقا يادەم قىلىمىز دەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، يولدىشىم كامىل رابىيە قادىرغا: «سىز ئۆزىڭىز ئوتتۇرغا چۈشمىسىڭىز پۇل ئۇنداق ياخشى يىغىلمايدىكەن، بولسا سىز بىللە چۈشۈپ بىر تەشۋىق قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز» دېدى. رابىيە قادىر خانىم تاغارنى كۆتۈرۈپ بىرلا چۈشۈۋىدى، پۈتۈن ئادەم پۇلى بار پۇلىنى، مېلى بار مېلىنى بىرگە بەردى. ئۇ يەردە نۇرغۇن نەق پۇل يىغىلدى. شۇ ۋاقىتتا پەيزىۋاتتا يەر تەۋرەپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ئايدەك بولۇپ قالغان ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەيزىۋاتقا كەتتۇق. ئەمدى ئۇ ئىشلار بەك جىق، ئۇلارنى تەپسىلىي دېمەيمەن، مۇشۇ ئىش مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا دەۋاتىمەن. بىز پەيزاۋاتتىكى ۋاقتىدا غۇلجىدىن ماڭا تېلېفون كەلدى: «ۋاي تونۇگۇن غۇلجىدا مۇشۇنداق نامايىش بولۇپ، خىتايلار يامان قاتتىق باستۇرۇپ كەتتى. كىچىك ـ كىچىك ياش باللارنى ۋىلايەتنىڭ ئىچىگە يىغىلىۋالدى، پۈتۈن ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، قىشتا يالاڭاچ قىلىپ قويۇپ، نۇرغۇنلىرىنى بۆرتالا تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتتى، نۇرغۇنلىرىنى ماۋۇ دېڭىزىيەنىڭكىگە ئېلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى بەردى. بۇ خەۋەرنى شۇ زاماتىلا رابىيە خانىمغا يەتكۈزدۈم. رابىيە قادىر خانىم ئامېرىكىدىكى سىدىق ھاجىمكامغا تېلېفون ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن سىدىق ھاجىمكام بۇ ئىشلارنى دۇنياغا ئاڭلاتتى. بۇ ئىشلار بولغاندىن كېيىنلا بىز ئۇ يەردىكى ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن غۇلجىغا ماڭدۇق. غۇلجىغا بېرىپ نۇرغۇن ئائىلىلەر بىلەن كۆرۈشتۇق. ھەر بىر ئائىلىدىن ئىككىدىن ـ ئۈچتىن باللار تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ تۇتۇپتۇ، نۇرغۇن ياشلار تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. بەزىلىرىنى يەر ئاستى تۈرمىدە، بەزىلىرىنى سۇ تۈرملىرىگە سولاپتۇ. شۇنداق قىلىپ

بۇ ئەھۋاللارنى ئىنقىلاپ، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇرمىدىكى نۇرغۇن باللارنىڭ تىزىملىكىنى ئالدۇق. شۇ ۋاقىتتا شەرق مەھەللىدە، دوقمۇشتا چوڭ بىر قورۇ بار ئىدى. شۇ يەردە بىر ئابدۇسالام ئەپەندىم دەپ بىرەيلەن بار ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى «ئەپەندىم» دەيدىكەن. شۇ بالىنىمۇ شۇ ۋاقىتتا تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىپتىكەن. ئۇنى ئەكىرىپ كېتىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن «ئۇستۇنكى قەۋەتتىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى» دەپ بۇ بالىنىڭ جەسىتىنى بېرىپتۇ. كېيىن ھەدىسى مۇشۇ ئىشلارنى دەۋا قىلىمەن دەپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدە، رابىيە خانىمدىنمۇ ياردەم سوراپ كەلگەن ۋاقىتتا يىغلاپ تۇرۇپ بىزگە ئەھۋالنى دەپ بەرگەن. ئۇ خانىم قان يىغلاپ: «ئىنىم ياش ئىدى، ناھايىتى تەقۋادار ئىدى، ئىنىمنىڭ ھېچ گۇناھى يوقتى، بىكاردىن ـ بىكار تۇتۇپ كېتىپ ئۆلتۈرگىنى بەردى، مېيىتنى يۇيۇشقا كىرگەنلەرگە سىرتقا چىقىپ ھېچنېمە دېمەيسەن دەپتۇ. بەدىنى شۇنداق يارا، كۆكىرىپ كەتكەن جاراھەت ئىزلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ ئۇستۇنكى قەۋەتتىن تاشلىۋېتىپتۇ» دېگەنىدى. بۇ ئابدۇسالام ئەپەندىمنىڭ خەلق ئىچىدە، ياشلار ئىچىدە ئىناۋىتى بار، تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىكەن. ئۇنىڭ جىنازىسىنىمۇ نەچچە مىڭ ئەسكەر، ھەربىيلەر جامائەتنى قورشاپ تۇرۇپ ئۇزاتقان ئىكەن.

بۇ غۇلجا قىرغىنچىلىقى، ئىشقىلىپ غۇلجا تارىخىدا نۇرغۇن ئىنقىلابلار بولدى، نۇرغۇنلىغان قىرىشلار بولدى. ئەمما بۇ غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىكى ئاساسلىق ئوبيېكت ياشلار، كىچىك باللار ئىدى. بىر تۇركۇم ياشلارنى، خىتاي ھەر بىر ۋەقە چىقىرىپ بىزنى قىرغىنغا ئوخشاش، ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىرىپ، ياشلىرىمىزنى بىر قۇر تازىلىدى.

راملە خانىم يەنە 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى غۇلجا

ۋەقەسى دېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بۇ ھەرىكەتنى «غۇلجا ئىنقىلابى» ياكى «غۇلجا قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتاش لازىملىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

تەشۋىقات دېگەن بەك مۇھىم نەرسە، خىتاي پۈتۈن يالغان تەشۋىقاتلاردا غەلىبە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بىز راستىنىمۇ بەزىدە مەيدانلارغا چىقىرالمايۋاتىمىز. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىمۇ چوڭ بىر قىرغىنچىلىق بولدى. ۋەقە دېگەن بىرەر ئىش بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يۇمشاق يوللار بىلەن، نورمال يوللار بىلەن ھەل قىلىدىغان ئىشنى ۋەقە دەيمىز دەپ قارايمەن. «قوراللىق باستۇردى» دېگەنلىك، «قىرغىنچىلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»دىمۇ رەسمىي ھالدا تانكىلار بىلەن قان ئاققۇزۇپ، مىللەتنى، ياشلارنى ئۆلتۈردى. خىتايلار ئاشۇ ۋاستىلەر بىلەن، توقماقلار بىلەن قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. دېمەك، بۇ بىر مىللەتكە بولغان تاجاۋۇزچىلىق، قىرغىنچىلىق. بۇنى بىز قىرغىنچىلىق دەپ ئالساق، تەسىرى كۈچلۈك، ھەم ئەمەلىي بولىدۇ دەپ قارايمەن. ھەم خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق قىرىۋاتقانلىقىنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاغزى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەيمىز دەپ قارايمەن.

مۇخبىرىمىز يەنە ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئالبانىيەدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئابابەكرى قاسىم بىلەنمۇ، شېھىت ئابدۇسالام قارىم ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

**مۇخبىر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابابەكرى، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە غۇلجا شەھرىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان ۋەقەلەرنىڭ بىرى، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ سوراق قىلىمىز دېگەن باھانە بىلەن غۇلجا خەلقى، بولۇپمۇ غۇلجا ياشلىرى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئابدۇسالام**

**قارىمنى ئەكرىپ كېتىپ، «بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى» دەپ، ئەتىسى ئابدۇسالام قارىمنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقەگە ھېچقانداق غۇلجا خەلقى ئىشەنمىگەن. سىز ئابدۇسالام قارىمنى تونۇمسىز؟**

ئابابەكرى: ھەئە تونۇيمەن، تونۇيمەن.

**مۇخبىر: ئابدۇسالام قارىم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

ئابابەكرى: ئابدۇسالام قارىم بىلەن بىز يېقىن ئۆتەتتۇق، مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ بەك ئەخلاقلىق، مۇلايىم، ئېسىل بۇرادەر ئىدى. ئۇ بۇرادەر شۇ ۋاقىتىدا پەقەت تەبلىغچى ئىدى. ئابدۇسالام قارىم ئاساسەن تەبلىغ قىلىش بىلەن بىرگە، باللارغا قۇرئان ئۆگىتەتتى. باشقا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇ بالىدىن گۇمانلىنىپ ئەكرىپ كەتكەن. ئۇلار ئۇنى «ئابدۇخېلىللارنىڭ ياردەمچىسى» دېگەن گۇمان بىلەن ئەكرىپ كېتىپ، سوراق جەريانىدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن «بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى» دەپ مېيىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ بالا ئاساسلىقى ناھايىتى ئەخلاقلىق، ھەم يېتىشكەن قارى بولغانلىقتىن ياشلار ناھايىتى قوللايتتى. ئابدۇخېلىللارنى قانداق قوللىسا، ئابدۇسالام قارىمنىمۇ ياشلار شۇنداق قوللايتتى. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخېلىلدىن كېيىن، ئابدۇسالامنى بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ قالمىسۇن، مۇشۇ يېتەكچى بولۇپ قالمىسۇن، دەپ كۆزدىن يوقاتتى.

**مۇخبىر: شۇ كۈنى سىز ئابدۇسالام قارىمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنا شقا نىمىتىڭىز ؟**

ئابابەكرى: ياق، مەن ئۇ كۈنى بارالمىدىم. دادام ئاغرىپ

قالغانلىقتىن، بالىنستتا بولۇپ قىلىپ بارالمىدىم. ئەمما ئۇ ناماز ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە بولغان، ھەتتا جىنازىسىنى ئېلىپ ماڭغاندا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ساقچىلار زەرەتگارلىققىچە چىقىپ، ناھايىتى قاتتىق نازارەت ئاستىدا يەرلىككە قويۇلغاندى. ئەپسۇس، مەن بۇ كۈنى چىقالمىدىم.

**مۇخبىر: ئاشۇ كۈنى غۇلجا خەلقىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى بەك كۈچلۈك ئىدى دەيدۇ - ھە؟**

ئابابەكرى: مېيىتنى ماشىنىغا سالمايمىز، كۆتۈرۈپ چىقىمىز دەپ ئاشۇ يەردە دەتالاش قىلغاندىن كېيىن، ساقچىلار«ماشىنىغا سالىسەن» دېگەن ۋاقىتتا، «ماشىنىغا سالمايمىز» دەپ خېلى يەرگىچە كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىكەن. ماشىنىغا سالىسەن دەپ ئاكىسىغا بېسىم قىلىپ: «ئۇ بىنادىن چۈشۈپ كەتتى. ھېچكىمگە بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمايسەن» دەپ بېسىم ئىشلەتكەن. مېيىت يۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىنادىن چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىنى بىلگەن، ئاكىلىرىمۇ بىلگەن. ئەمما ئۇنىڭغا ساقچىلار بېسىم قىلىپ، دېگىلى قويمىغان. ئەگەر بۇنى خەلققە دېسەڭ ئانداق قىلىمىز، مۇنداق قىلىمىز دەپ تەھدىت قىلىپ، زەرەتگارلىققىچە ساقچىلار مەخپىي قورشاپ، يەرلىككە قويغان. مېيىتنى زەرەتگارلىققا ماشىنىدا ئېلىپ چىقمىز؛ ياق، ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ چىقىمىز دەپ جەڭگى ـ جېدەل بولغان ئىكەن، كېيىن بالىلار كېلىپ ماڭا: «مۇنداق بولدى، ناھايىتى تەستە يەرلىككە قويدۇق، ھەممە يەرنى ساقچىلار قورشاۋغا ئالدى» دەپ ئېيتىپ بەرگەن. ئابدۇسالام قارىمنى ھەقىقەتەن غۇلجا ياشلىرى ھەممىمىز ياخشى كۆرەتتۇق. بەك ئەخلاقلىق، ناھايىتى مۇلايىم، ياخشى بالا ئىدى. مەن ئۆيلىرىگە بارغان، ئۆيلىرىگە بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلگەنىدۇق، ياخشى بالا ئىدى ئۇ.

# 10 - قىسىم

## شېھىت ئىبراھىم ئىسمائىل

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى تىلغا ئېلىنغانىدا، بۇ ئىنقىلابقا تامغىسىنى ئۇرغان، غۇلجا خەلقىگە ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان، ھەممە ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى ئارقىسىدا تاشلاپ كەتكەن يەنە بىر شەخسنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ شېھىت ئىبراھىم ئىسمائىل.

5 ـ فېۋرال شاھىتلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى ئىبراھىم ئىسمائىل ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بولۇپ، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ۋە تەرجىمىھالى يېزىلغان تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى مەھەللە ـ مەھەللە ۋە بازار ـ رەستىلەرگە كەڭرى چاپلانغان ۋە تارقىتىلغان. غۇلجىدىن ھەر قايسى ناھىيەلەر ۋە شەھەرلەرگە تۇتىشىدىغان چوڭ قاتناش تۈگۈنلىرىدە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ھالدا ئىبراھىم ئىسمائىل ئۈستىدىن تىنتىش ئېلىپ بېرىلغان. تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بولغىنى شۇكى، ئىبراھىم ئىسمائىل خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «ئىبراھىم ئىسمائىل تاشلەپكىدە ئاياغ مايلىتىۋاتقان ئىكەن، ساقچىلار يېتىپ كېلىشىگە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئىبراھىم ئىسمائىل خىتاي بازىرىدا تاۋۇز يەۋاتقان ئىكەن،

ساقچىلار كېلىشىگە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئىبراھىم ئىسمائىل تۆنۈگۈن پالانچى مەھەللىدە تەبلىغ قىلىپتۇ، بۈگۈن پۈستانچى مەھەللىدە تەبلىغ قىلىدىكەن» دېگەن سۆزلەر غۇلجا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم تاكى ئىبراھىم ئىسمائىلنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قولغا چۈشۈرۈپ، قاتتىق قىيىن - قىستاقلاردىن كېيىن تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىقىرىپ، ئۆز قىلمىشىغا مەجبۇرىي پۇشايمان قىلدۇرغانغا قەدەر كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان بىر قىسىم 5 - فېۋرال شاھىتلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەينى چاغدا خىتاي دائىرىلىرى 75 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاران 300 مىڭ نوپۇسقا ئىگە غۇلجا شەھىرىدە، ئالتە - يەتتە ئايغا يېقىن قاتتىق تىنتىش ئېلىپ بېرىپ ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتالمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشتى» ، «ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۆيىدە قوندۇردى» دېگەن باھانىلەر بىلەن ھەر قايسى ساھەلەردىن مىڭلارچە كىشىنى قولغا ئالغانلىقى مەلۇم.

ئەينى چاغدا غۇلجىدىكى يەرلىك ساقچى دائىرىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غۇلجىدا سىياسىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 8660 - قىسىم قاتارلىق ئورگانلاردا 100 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ساقچى بار بولۇپ، بۇنداق زور قوشۇن ۋە قاتتىق تىنتىشتا ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى مەقسەت، ئىبراھىم ئىسمائىلنى بىر مەزگىل ئىلاھىيلاشتۇرۇش ۋە ئاندىن قولغا چۈشۈرۈش ھىيلىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە جەڭگىۋارلىقىنى سۇسلاشتۇرۇش، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن جەڭگىۋار ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتقۇن قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاش ھىيلىسى يوشۇرۇنغان ئىدى.

ئېگىلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسىنى، «ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۆيىدە قوندۇردى» دېگەن باھانە بىلەن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە سىياسىي سالاھىيىتى نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈرۈلۈپ تۇرغان.

5 - فېۋرال ئارخىپلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا ئاكىسى شېھىت تۇرسۇن سەلەي ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن بۇسارەم سەلەي خانىم، زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىزنى بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى.

**مۇخبىر: ئىبراھىم ئىسمائىل ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ بىلىدىغانلىرىڭىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

بۇسارەم: بىز 98 - يىلى قېيىنئانامنىڭ ئۆيىدىن ئۆي ئايرىپ چىقتۇق، قانچىنچى ئايلاردا چىققان بولغىيتتى، 97 - يىلىنىڭ ئاخىرى چىقتۇقمۇ ئىشقىلىپ، يېزىلىق دوختۇرخانا قورۇسىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئۇ مەھەللىدە ئابباس دەپ بىر بالا بار ئىكەن. بىر كۈنى ساقچىلار ماشىنىسىنى چىرقىرىتىپ شۇنداق جىق مېڭىپ كەتتى، ئارقا دېرىزىمىز چوڭ يولغا قاراپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن دېرىزىدىن مۇنداق قارىسام، ساقچىلارنىڭ ھەممىسى غۇيۇلداپ بەشكېرەم تەرەپكىلا كېتىپ بارىدۇ. «ۋاي نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دېسەك، «ئىبراھىم ئىسمائىل تۇتۇلۇپتۇ» دەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەشكېرەم مەھەللىنىڭ دوقمۇشتىلام ھەجەر بوۋى دەپ بىر ئايال بار ئىدى، شۇ ئايالنىڭ ئابباس دېگەن ئوغلىمۇ بۇلارغا چېتىشلىق ئىكەن. شۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتۇپ كېتىپتۇ.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىبراھىم ئىسمائىلنى يەمچۈك قىلىپ،

غۇلجا شەھرىدە قاتتىق تىنتىش ۋە قولغا ئېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزا يېڭىنۇر كوچا 75 ـ نومۇرلۇق قورۇدا، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا قولغا ئالغان.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئىسمائىل تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا پەيدا بولۇپ، ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق تۆۋە قىلغان ۋە بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، دەرھال قورال ـ ياراقلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئەمما بۇ تەۋسىيە قىلىشلارنىڭ قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلار ئارقىلىق بولۇۋاتقانلىقى، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئالدى تەرەپكە چاپلاپ قويۇلغان بىر پارچە قەغەزنى ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقى، غۇلجا خەلقىنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ يېقىنلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تاياق زەربىسىدىن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ ۋە ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى نۇرسىز ۋە ھارغىن ئىكەن.

ئاردىن بىر يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھرىدە ئوچۇق سوت ئېچىلىپ، ئىبراھىم ئىسمائىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شۇ كۈنى ئىجرا قىلىنغان. بىر مەزگىل ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئىبراھىم ئىسمائىل ئارخىپى مانا شۇنداق يېپىلغان. ئەمما غۇلجا خەلقى نۇرغۇنلىغان سىرلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە خاتىرىلەپ كەلمەكتە.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەن ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ، خىتاي ساقچىلىرى سورىغان «نېمە ئۈچۈن باشقا شېھىتلەردەك ئۆزلىرى بىلەن ئېتىشمىغانلىقى» ھەققىدىكى سوئالىغا، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى

ھەققىدە توختالغان تاھىر ئەپەندى ئۆزى بىلىدىغان مەلۇماتلارنى بىرگە ئېيتىپ بەردى.

**مۇخبىر: ئىبراھىم ئىسمائىل خىتاي ساقچىلىرىغا قولىدا تاپانچا بار ھالەتتە تۇتۇلۇپتىكەن - ھە؟ ئەمما ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمەپتىكەن. مۇشۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

تاھىر: «ئىبراھىم ئىسمائىل قولىدا قورال بولغاندىن كېيىن نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ؟! نېمە ئۈچۈن تىرىك تۇتۇلىدۇ؟!» دەپ، جەمئىيەتتە بەك جىق گەپ - سۆز بولۇپ كەتتىغۇ، «مانا، مانا ئىبراھىم ئىسمائىل تۇتۇلۇپ، نۇرغۇن ئادملەر چېتىلىپ، خىتاي نۇرغۇن ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى» دېگەندەك. ئىبراھىم ئىسمائىل تۇتۇلۇپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، مېنىڭ ئاڭلىغان خەۋىرىمگە قارىغاندا، ئىبراھىم ئىسمائىلدىن ساقچىلار سوراپتىكەن. ئۇلار: «سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە قورال ئىشلەتمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسەتمىدىڭ؟» دېگەن ۋاقىتىدا، ئۇ: «مەن ئۇ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇردۇم، شۇلارنىڭ تۇزىنى يېدىم، ئەگەر مەن سىلەرگە قورالىق قارشىلىق كۆرسەتسەم، سىلەر مېنى ئېتىۋېتەتتىڭلار، مەنمۇ سىلەردىن بىر- ئىككىڭلارنى ئاتار بولغىيتتىم، بىراق سىلەر مەن بىلەن قوشۇپ كىچىك باللارنىمۇ ئېتىۋېتەتتىڭلار...» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى ئۇ ھويلىنى مەن بىلەتتىم، ئۇ مېنىڭ بىر ئاغىنەمنىڭ ھويلىسى ئىدى، پۈتۈن مەھەللىدىكى ئۇششاق باللار كىرىپ ئوينايدىغان ھويلا ئىدى. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى زادى ھويلىنىڭ ئىچىدە كىچىك باللاردىن بەش - ئونى ئوينايتتى. ئىبراھىم ئىسمائىل: «مەن شۇ ئۆينىڭ تۇزىنى يېگەچكە، شۇ كىچىك باللارنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سىلەرگە قورالىق قارشىلىق كۆرسەتمىدىم» دەپتىكەن...

شۇنداق، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. غۇلجا خەلقى ئارىسىدا تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر شېھىت ھېكايىسى ئابدۇۋەلى ئابابەكرىنىڭ ھېكايىسى.

خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ مۇنتىزىم قوراللانغان 8660 ـ قىسمى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە ئەترىتى قاتارلىق ئالاھىدە قىسىملىرى بىلەن چەكسىز كەتكەن غۇلجا مەھەللىلىرى، ئېتىزلىقلار، تاغ ـ دەريالار ۋە يايلاقلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ شېھىت بولغان ئابدۇۋەلى ئابابەكرىنىڭ ھېكايىسى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى جەريانىدا بىپايان ئىلى ۋادىسىدا يۈز بەرگەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ يەنە بىرى.

شېھىت ئابدۇۋەلى ئابابەكرى، غۇلجا شەھەر تاشيول ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابابەكرى ئاكىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئابابەكرى ئاكا غۇلجا شەھەر تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىشچىسى ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرى قاتارىدا ئابدۇۋەلى ئابابەكرىگىمۇ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى سانىنىڭ جىق بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى قورقۇنچاقلىقى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن غۇلجا شەھىرىنىڭ يەر شەكلىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 5 ـ فېۋرال پارتىزانلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئېغىر زىيان تارتىدۇ. نەتىجىدە غەزەپلەنگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پارتىزانلىرىمىز تۇرۇشلۇق يېزىنى قورشاپ، پارتىزانلىرىمىز مۆكۈنگەن دائىرىلىرىنى بومبىلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نە قەدەر ئاجىز ئەسكىريي قىسىم

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق توقۇنۇشلاردا مەرگەنلىكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن ئامان قالغان شېھىت ئابدۇۋەلى ئابابەكرى، بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ ۋە غۇلجا شەھەر بۇيۇنداي يېزىسىدىكى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ يارىسىنى داۋالىتىدۇ. كېيىن باشقىلارنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن ئۇنى داۋالاۋاتقان دوختۇرمۇ تۇتۇلۇپ كېتىدۇ. ئابدۇۋەلى ئابابەكرىنىڭ ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىملىق توقۇنۇشلار جەريانىدا ياخشى بىلگەن خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى، ئۆزلىرىدىن كۆپ چىقىم بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بايانداي يېزىلىق ساقچىخانىدىكى بىر ئاكتىپ ئۇيغۇر ساقچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئابدۇۋەلى ئابابەكرى پاناھلانغان دېھقاننىڭ ئائىلىسىنى قورشىۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا ئابدۇۋەلى ئابابەكرى يەنىلا قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى غۇلجا شەھىرىدىن ئۈرۈمچىگە ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيەگە بارىدىغان بارلىق يوللارنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ، مەھەللە ـ مەھەللە ۋە غۇلجا بازار ئىچىدە قاتتىق كىملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى يىگىرمە تۆت سائەت غۇلجا تەۋەسىدە بېسىقمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. مۇستەھكەم قورغان غۇلجا مەھەللىلىرى، غۇلجا خەلقى ئۆز قەھرىمانى ئابدۇۋەلى ئابابەكرىگە قۇچىقىنى ئاچىدۇ، ئۇنى يوشۇرۇپ ساقلايدۇ.

بىر قانچە ئايغا سوزۇلغان قاتتىق تىنتىش نەتىجىسىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئابدۇۋەلى ئابابەكرىنىڭ غۇلجا شەھەر بايكۆل كەنتىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. بۇ قېتىم غالجىرلاشقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پەقەت ئابدۇۋەلى ئاباببەكرى

ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يوشۇرۇنغان قورۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بايكۆل يېزىسىنى قورشاۋغا ئالىدۇ.

1998 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئايلىرىدا غۇلجا شەھەر بايكۆل يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە قورشاۋدا قالغان ئابدۇۋەلى ئاتابەكرى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ھەربىي ماشىنا بىلەن بايكۆل يېزىسىغا خۇددى چۈمۈلىدەك تۆكۈۋېتىلگەن، ئېغىر تېپىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقىغا پەرۋا قىلماي، شېھىت بولۇش يولىنى تاللايدۇ ۋە بىر كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق تىنىتىش نەتىجىسىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇلار يوشۇرۇنغان ئائىلىنى بومباردىمان قىلىشى بىلەن شېھىت بولىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئابدۇۋەلى ئاتابەكرى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇۋەلى ئاتابەكرى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئىدى.

ئابدۇۋەلى ئاتابەكرى شېھىت بولۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىغا بىر مەكتۇپ كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ مەكتۇپتا ئۆزىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ شېھىت بولۇش يولىنى تاللىغانلىقىنى، تىرىك قولغا چۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ يولنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ بۇ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ۋە ھەرگىز پۇشايمان قىلماسلىقىنى، شېھىت بولغاندىن كېيىن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزمەسلىكىنى، ياش تۆكمەسلىكىنى، قەيسەر ۋە مەردانە بولۇشلىرى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئۆتۈنگەن.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئابدۇۋەلى ئاتابەكرى شېھىت بولغاندىن

كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ ۋە ئابدۇۋەلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئولتۇرۇشلۇق ئىلى ۋىلايەتلىك تاشيول ئاسراش ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا، ئونغا يېقىن قوراللىق ساقچىنى قاراۋۇللۇققا ئەۋەتىپ نەزەربەند ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاپابەكرى ئەپەندىنىڭ ئۆينى ئاختۇرۇپ، ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ئۆمۈر ئىشلەپ يىغقان قىرىق مىڭ يۈەن خىتاي پۇلىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئائىلىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئۆزلىرى شېھىت بولغاندىن كېيىن ياش تۆكۈپ يىغلىماسلىقنى، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزمەسلىكنى ئالاھىدە تەلەپ قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ شېھىتلىك يولىنى رازىمەنلىك بىلەن تاللىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

مانا بۇ 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى روھى، مانا بۇ شېھىتلىك روھى.

تارىختىكى نۇرغۇنلىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار ئۆزلىرى نىشان قىلغان كىچىك مىللەتلەرنى يوق قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتلەرنى تەشۋىقات ئارقىلىق سېستىش ھىيلىسىنى قوللانغان ۋە بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ چىققان. مەسىلەن: يەھۇدىيلار، ئافرىقىلىقلار، ئىندىيانلار، بېرمىدىكى روھىنگا مۇسۇلمانلىرى ۋە ئۇيغۇرلار.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى شېھىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرى بەدىلىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي تەشۋىق قىلىۋاتقاندەك زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى، ئەيدىز بىمارى، ھۇرۇن، ئەبگار بىر مىللەت ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتتى.

# 11 - قىسىم

## 5 ـ فېۋرال ۋە غۇلجىدىكى تۇرمىلەر

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان تۇرمىلەر ئاساسلىقى ئېلى ئوبلاستلىق ساقچى تۇرمىسى، بىڭتۇەن قارمىقىدىكى 4 ـ دىۋىزىيە تۇرمىسى، چاپچال سۇ تۇرمىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك يېڭى هايات تۇرمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1997 ـ يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش جەريانىدا، غۇلجا شەھەرلىك يېڭى هايات تۇرمىسىگە سولانغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ گۇەنتانامو تۇرمىسىدە ياتقان، هازىر ئالبانىيەدە ياشاۋاتقان ئابابەكرى قاسىممۇ بار ئىدى. ئۇ، غۇلجا شەھىرى يېڭى هايات تۇرمىسىدە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ئابابەكرى قاسىم: مەن 97 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى هەق يولغا كىرىپ، مەسچىتلەرگە بېرىپ يۈرگەنلىكتىن خىتايلارنىڭ تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالغاچقا، 98 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خىتايلار مېنى تۇتۇپ ئاپىرىپ سولىغان. شۇ ۋاقىتتا تۇرمىدە ياتقاندا ئاساسىي جەھەتتىن 5 ـ فېۋرالدا تۇتۇلغان باللار بىلەن بىللە ياتتىم. فېۋرالدىن كېيىنكى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى دەريا بويى كۆۋرۈكىدىكى، سەي بازىرىدىكى ئېتىشىش ۋەقەسىدە تۇتۇلغان

شۇ باللار بىلەن بىللە ياتتىم. شۇ باللارنىڭ ئىچىدە كۆۋرۈكتە ئېتىشىش بولغاندا، بىر بالىنىڭ پۇتىغا ئىككى پاي ئوق تېگىپ، يەنە بىر پاي ئوق بولسا چېكىسىدىن كىرىپ، قۇلىقىنىڭ كەينىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قان ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، داۋالاتماستىن شۇ پېتى ئەكېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ قويغان ئىكەن. ئۇ بالا ئاشۇ پېتى ساقىيىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ بالا ئالتە ـ يەتتە ئاي تاماق يېيەلمەي، بالىلار ئاغزىدىن قوشۇق بىلەن يېگۈزسە، بۇرنىدىن چىقىپ كېتىپ، داۋالىنالماي بەك قىينالدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ شىپالىق بېرىپ، ئوق مېڭىسىنى يېرىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق زەخمە بولماي ساقىيىپ قالغان ئىدى. بۇ بالىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ، تېكەسلىك بالا ئىدى، مۇددەتلىك كېسىلدى. شۇ بالىغا داۋالاش ئۈچۈن دورىمۇ بەرمىگەن ئىدى. ساقچىلار ھېلىقى بالىنى كۆرۈپ «سەن تېخى ئۆلمىدىڭمۇ؟» دەپ چۆچۈپ كەتكەن، شۇ دەرىجىدە ۋەھشىي.

**مۇخبىر: بۇلار سىز ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر- ھە؟**

ئابابەكرى: ھەئە، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر.

**مۇخبىر: سىز شۇ باللار بىلەن بىللە تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا تولۇق قۇراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن غۇلجا ياشلىرىنىڭ ئارىسىدىكى دەريا بويى ۋە سەي بازىرىدىكى ئېتىشىشلار ھەققىدە باشقا گەپ سۆزلەر بولغانمۇ؟**

ئابابەكرى: بۇ باللار ئاساسىي جەھەتتىن 5 ـ فېۋرالدا قولغا چۈشمەي قالغان باللار ئىكەن، بۇ باللارنىڭ ھەممىسىگە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ باللار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن «ئالىمادىس تۇتقىلى كەلسە، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز»

دېگەن ئاساستا شۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىكەن. 98 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەن تۈرمىگە كىرسەم، دەريا بويىدىكى، كېپەكيۈزىدىكى ئېتىششلاردىكى شۇ باللارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ بولغان ئىكەن. بۇ باللار 3 ـ ، 4 ـ ئايلاردا تۇتۇلۇپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

پىروگراممىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان، ئىلى ئوغلانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرىلىك پەرزەنتى، ئۇستا مەرگەن، ئېلى ئوبلاستىلىق زوراۋانلىققا قارشى تۈرۈش ئالاھىدە ئەترىتىدىكى خىتاي غالچا ئەسكەرلىرىدىن لوڭفىي بىلەن نۇرلانىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان خىتاي ئەسكەرلىرىنى يارىلاندۇرغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر 26 ـ ئىيۇن ئۇچۇن ۋەقەسىنىڭ قەھرىمان شېھىتى تۇرسۇن سەلەي، ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ ۋەھشىي تۈرمىلەرنىڭ بىرى بولغان دىۋىزىيە تۈرمىسىدە قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرىغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ بىرى.

تۇرسۇن سەلەينىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان سىڭلىسى بۇسارەم سەلەي، ئىلى دىۋىزىيە تۈرمىسىدە تەن جازاسىغا ئۇچرىغان ئاكىسى تۇرسۇن سەلەينىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىنى قايتا سەمىگلارغا سالىمىز.

بۇسارەم: ئاكام تۇتۇپ كېتىلىپ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتىغۇ دەيمەن.

**مۇخبىر: بىر ئاي ئۆتكۈچە خەۋەر ئالالمىدىڭلارمۇ؟**

بۇسارەم: چوڭ ئاكام بېرىپ ساقچىلاردىن سورىسا، «ئىنىڭ بار، ئازراق سورايدىغان ئىشلار بار ئىدى، بىز سوراق قىلىپ

قويۇۋېتىمىز» دەپتۇ. 40 كۈن بولغان ۋاقىتتا، ئاپاملار بىرگە تېلېفون قىلىپ: «تۇرسۇن ئاكىڭىز تۈرمىدىن چىقتى، كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتىڭ» دېدى، باردىم. ئۆيگە كىرىپ، ئاكامنى تونۇماپتىمەن. ئاكام ئۇستىخانلىق، يوغان بالا ئىدى، مېنىڭ كىچىك ئوغلۇمدەك كىچىككىنە بولۇپ قاپتۇ. ئاكامنى تونۇماستىن، «ئاكام قېنى؟ ئاكام قېنى؟» دەپ كېتىپتىمەن. مانا مەن دەپ، ئورنىدىن تۇردى، ئېسىلىپ كۆرۈشتۇق.

**مۇخبىر: قايسى تۈرمىگە سولانغان ئىكەن شۇ ۋاقىتتا؟**

بۇسارەم: 40 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگىمۇ ئاپىرىپ بېقىپتۇ، غۇلجا شەرق مەھەللىسىدە بىر دىۋىزىيە تۈرمىسى بار ئىدى، شۇ تۈرمىگىمۇ ئەكىرىپتۇ، كېيىن چاپچال سۇ تۈرمىسىگە ئاپىرىپتۇ. ئايالىنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىچە، ئاكام دىۋىزىيەنىڭ تۈرمىسىدە قىينىغاندا «چىدىماي قالدىم» دەپ كېتىپتۇ. بىز كۆرمىدۇق، ئايالى بەدەنلىرىدىكى قىينىغان ئىزلارنى كۆرۈپ، نەچچە كۈن شۇنداق بىئارام بولدى. شۇنداق قاتتىق قىيناپ، ئۇستىخانلىق يوغان ئادەمنى كىچىككىنە جەينەكتەك قىلىپ قويۇپتۇ.

ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ گۇەنتانامو تۈرمىسىدە ياتقان، ھازىر شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئادىلجان ھاكىم، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن «قانۇنسىز تەبلىغ پائالىيىتىگە قاتناشقان» دېگەن گۇمان بىلەن 1997 - يىلى5 - فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇتۇلۇپ، بەش كۈن، ئاندىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن 2 قېتىم تۇتۇلۇپ، 18 كۈن ۋە 36 كۈن، ھەر قېتىم تۇتۇلغاندا ئوخشاشلا غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات تۈرمىسىگە سولانغان 5 - فېۋرال شاھىتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات تۈرمىسىنى، «ۋەھشىي تۈرمىلەرنىڭ

بىرى» دەپ تەرىپلىدى ۋە بۇ تۈرمىنىڭ قىيناش ئۇسۇللىرىنى ئاڭلاتتى.

ئادىل: غۇلجا يېڭى ھايات تۈرمىسى، ۋەھشىي تۈرمىلەرنىڭ بىرى. تۈرمە كامېرلىرى ناھايىتى كىچىك، نورمالدا تۆت كىشى ياتسا بولىدىغان كامېرلاردا ئاستى ئۈستى قىلىپ، سۇپا چىقىرىپ، ئۈستىدە ئون، ئاستىدا ئون، جەمئىي 20 ئادەمنى ياتقۇزغان. پۈتۈنلەي سېمونت، كىچىك بىر تال ھاجەتخانىسى بار، يۇيۇنۇش مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق ئىبادەت قىلغىلى بولمايدۇ. ۋەھشىيلىكنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ، دېسەكمۇ ھەم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەڭ ئاددىي قىيناش ئۇسۇلى - توك بىلەن قىيناش.

**مۇخبىر: توك بىلەن قىيناش قانداق قىيناش؟ سىزمۇ مۇشۇ قىيناشقا ئۇچراپ باقتىڭىزمۇ؟**

ئادىل: ھەئە، مېنىمۇ توك بىلەن قىينىغان. ئۇلاردا توك سىمى بار. ئىككى پۇتىڭىزغا، قولىڭىزغا، بېلىڭىزغا چاتىدۇ، كۆچلۈك - ئاجىز قىلىدىغان نەرسىسى بار، ئىتتىك پىرقىراتسا توك كۆچلۈك كېلىدۇ، باللارنى شۇنىڭدا قىينايدۇ. كېچىچە قىلىدۇ. سوراقچىسى بار، سوراقچى سورايدۇ، ئۆزى بىرەر دېلو تۇرغۇزالمىسا، قىيناشلار يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ، ئىشەنمەستىن داۋاملىق قىينايدۇ.

ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان تاھىر مجىت ئەپەندى، غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسىگە سولىنىپ، مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم دوستلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 5 - فېۋرال ئىنقىلابىدا يېڭى ھايات تۈرمىسىگە قامالغان نۇرغۇنلىغان

ئۇيغۇر ياشلىرى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندە نورمال ئادەمدەك بولالمىغان.

تاھىر: ئون يىلدىن ئون بەش يىلغىچە تۈرمىدە يېتىپ، مۇددىتى توشۇپ يېنىدىن چىققان بالىلار بار ئىدى، ئىككى - ئۈچىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام، كۆلدىغان، غەم يەپ بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرىدىغان، سالام - سائەت قىلسا قايتۇرىدىغان، بولمىسا ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپلا كۈلۈپ، كاللىدىن ئايرىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپتۇ دەپ پاراڭ قىلىپ بەردى ئەھۋالنى بىلىدىغان دوستلار. بالىلار قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپتۇ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالايلا دېگەن ئوخشايدۇ.

ئالدىنقى قىسىم پروگراممىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى «5 - فېۋرال» غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، 90 - يىللاردا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا يۈز بەرگەن مىللىي ۋە دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى، مەزلۇم شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىز پۈكمەس ئوغلى، شېھىت ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنى غۇلجا شەھەردىكى تەن جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان، غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسىگە سولىغان. ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىپ، 5 - فېۋرال نامايىشى يۈز بەرگەن كۈنى نامايىشقا چىققان مىڭلارچە غۇلجا ئوغۇل- قىزلىرى قاتارىدا يەنە قولغا ئالغان. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇنى بۇ قېتىم پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە تەن جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان چاپچال تۈرمىسىگە قامىغان.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئابدۇخېلىل مجىتنى تاكى ئۇ 2000 - يىلى شېھىت بولغانغا قەدەر، ھېچقانداق سوتلىمىغان ۋە ئۇ

ھەققىدە ھۆكۈممۇ ئېلان قىلمىغان. ئۇنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت چاپچال تۈرمىسىدىكى دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاقلار تۈپەيلى نىمجان بولۇپ قالغان. ئۇ دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاق سەۋەبىدىن «ئاللاھ بىر» دېگەن بۇ مۇقەددەس ئېتىقادقا خائىنلىق قىلىپ قوياسلىقى ئۈچۈن تىلىنى چاينىۋالغان. ئابدۇخېلىل مىجىت تۈرمىدە يەنە بىر ئايغا يېقىن ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئاخىرى شېھىت بولغان...

ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېچبىر زامان ۋە ھېچبىر دەۋردە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا روھى جەھەتتىن تەسلىم بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۆلمەس داستاننى، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە يېزىپ قالدۇرۇپ شېھىت بولغاندا ئەمدىلا 30 ياشتا ئىدى.

ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ چاپچال تۈرمىسىگە سولانغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، زىيارەتىمىزنى ئىزچىل قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

ئابدۇخېلىلنى خىتايلار شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن تۇتۇپ تۈرمىگە سولىدى، ھەم ئۇنىڭدىن: «خىتايلارنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلامسەن؟» دەپ سورىدى. ئابدۇخېلىل باشتىن ئاخىرى: «مەن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا سېنىڭ قانۇنلىرىڭنى ئېتىراپ قىلمايمەن، سېنىڭ قانۇنىڭنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى مېھرىبان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك. ئاللاھ بىزگە پەقەت بىرلا قانۇن چۈشۈرگەن، شۇنىلا ئېتىراپ قىلىمەن» دېدى. ئۇلار بىزنىڭ قانۇنىمىزنى ئېتىراپ قىلامسەن؟ دەپ باشتىن ئاخىرى ئۇنىڭغا شۇنى ئېتىراپ قىلغۇزالماي، تۈرمىدە قىيناپ شېھىت قىلىۋەتتى.

**مۇخبىر: ئېنىق قايسى تۈرمىدە بىلەمسىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: باشتا ئېنىق بىلمىدۇق، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن چاپچال تۈرمىسىدە شېھىت بولۇپ كەتتى، ئاۋۋال ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلدى. شېھىت بولغاندىن كېيىن، يەرلىكتىكى قويغانلاردىن بىرسى مېنىڭ دوستۇم، چاپچاللىق بالا ئىدى، شۇنىڭدىن ھاياتىنى، دەپنە قىلىنىشى جەريانىنى ئۇقتۇق.

**مۇخبىر: ئۇ بالا سىزگە نېمىلەرنى دەپ بەردى؟ يەرلىكتە قانداق قويۇلۇپتۇ؟ ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپتىمۇ؟**

ئابدۇشۈكۈر: ئائىلىسىگە بېرىلمىدى، ئابدۇخېلىلنىڭ بىر تاغىسى بار ئىدى، بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى. شۇنى چاقىرتىپ كېلىپ تۆت - بەش تۇغقىنى بىلەنلا يەرلىكتە قويۇپتۇ. ماڭا دەپ بەرگەن بالىنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇخېلىل ناھايىتىمۇ بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئىكەن، بەلكىم شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئورۇقلاپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يوق قىلىش ۋە قىرىپ تۈگىتىش سىياسەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

مەنمۇ بىر مەزگىل دىۋىزىيە تۈرمىسىدە ياتقان، مېنىڭ نەزىرىمدە خىتايلار بىر مەھەللىدە ئىككى تېررورچى بار دېسە، شۇ مەھەللىدىكى پۈتۈن ئادەمنى قىرىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىتايغا سادىق ئاكتىپلار بولسىمۇ كارى يوق.

شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنىڭ غۇلجا بىڭتۇەن قارمىقىدىكى 4 - دىۋىزىيە تۈرمىسىگە قامالغان چاغدا، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىينالغانلىقى ھەققىدە توختالغان تۇرسۇن سەلەيىنىڭ قېيىن ئىنىسى تاھىر مىجىت مۇنداق دېگەن ئىدى.

تاھىر: تۇرسۇن مەمەتىكام باشتا تۇتۇلۇپ 40 كۈندە چىققان جەرياندا، قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغانىكەن. ئۇ ئايالىغا دەپ بېرىشىچە، ھەممە يەرنىڭ قىناقلىرىدىن ئۆتتۈپ، دۈشمەنلىك تۈرمىسىدە قىينىغاندا چىدىماي قالغان بولۇپ، بەك ۋەھشىي قىينىغان ئىكەن، بەزى قىناشلىرىنى تىلغا ئالغۇسىز. شۇ قىناقتا تۇرسۇن مەمەتىكام ئاخىرى: «مەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى تونۇيمەن، بىلىمەن، لېكىن ئۇ ئادەم بىر يەردە ئىككى كۈندىن ئوشۇق تۇرمايدۇ، ھازىر قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، ئۇ ئادەم مەن بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئالاقىلاشسا مەن تۇتۇپ بېرەي» دەپ يالغان ۋەدە بېرىپ چىققان ئىكەن.

**مۇخبىر: ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۇرسۇن سەلەينى قىيناش ئۇسۇللىرىدىن ناھايىتى ۋەھشىي بولغانلىرىدىن بىرى، جىنسىي ئەزالىرىغا سىم ماڭغۇزغان ئەھۋاللار بار دەيدۇ؟ سىزمۇ شۇنداق ئاڭلىغانمۇ؟**

تاھىر: ھەئە ئاڭلىغان. تۇرسۇن مەمەتىكام تۈرمىدىن چىققاندا، كۆرۈشكىلى بارغاندا تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ، كىچىكلەپ كەتكەن ئىكەن، ھەتتا تونۇماپتىكەنمەن. ئورنىدىنمۇ تۇرالماي قالغان، «بولدى ئاكا، تۇرماڭ» دەپ قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كەتتۇق. ئايالىنىڭ دېيىشىچە، ئوبورنىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن، كەينىدىن كىرىپ قارىسا قان سىيگەن ئىكەن.

# 12 - قسىم

## غۇلجا ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى

ئالدىنقى قىسىملاردا توختۇلۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، سىرلىقلاشتۇرۇلغان ئىبراھىم ئىسمائىل ئويۇننى ئويناپ چىققان ئىدى. ئالىقانچىلىك شەھەر غۇلجىدا يىڭنە يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ھەممىگە ئاڭلىنىدۇ. ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىبراھىم ئىسمائىلنى قولغا چۈشۈرەلمەيۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان ۋە بۇنى باھانە قىلىپ، مىڭلىغان ياشلارنى ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ «ھالىدىن خەۋەر ئالدى، ئۆيىدە قوندۇردى، پاراڭلاشتى، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىدى» دېگەن گۇمانلار بىلەن قولغا ئالدى. ئىبراھىم ئىسمائىلنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، كېچىلىرى ساقچى ماشىنىلىرىنى چىرقىرىتىپ، مەھەللە - مەھەللىلەردە ۋە ئۆي - ئۆيلەردە ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان پۈتۈن مەھەللىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى پاراكەندە قىلىپ كەلگەن ئىدى.

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خىتاي تاجا-ۋۇزچىلىرى غۇلجا ناھىيە توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى مۇتەللىپ ئائىلىسىدە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن ئالاقىسى بار نۇقتىلىق ئائىلە دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن.

مۇتەللىپ ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرتاي: «ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەن گۇمان بىلەن 8 يىللىق كېسىلگەن ئىدى. كىچىك ئوغلى ئابدۇرازاقنىمۇ «ئىبراھىم ئىسمائىلنى باقتى» دېگەن گۇمان بىلەن داۋاملىق يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا ئەكىرىپ كېتەتتى. ھېيتنى بىر ئوغلى بىلەن بولسىمۇ دەرقەمدە ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان مۇتەللىپ ئاكا، ئىككى كالىسىنى سېتىپ، خىتاي تاجاۋۇزچى ساقچىلىرىغا 10 مىڭ يۈەن كېپىللىك پۇلى بېرىپ، كىچىك ئوغلى ئابدۇرازاقنى ھېيتلىق كېپىللىككە ئېلىپ چىققان ئىدى. ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئائىلىنىڭ ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىنىمۇ ئارتۇق كۆردى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى.

ئەينى چاغدا غۇلجا ناھىيە توخۇچىيۈز يېزىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقنى، ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان سەيپىدىن ئەپەندى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ.

سەيپىدىن: بۇ ۋەقە غۇلجا ناھىيەسى توخۇچىيۈزى يېزىسىدا يۈز بەردى. ئەسلى ئابدۇرازاقنى فېۋرال ۋەقە ـ سىدىن بىر ئاي بۇرۇن تۇتقان ئىدى.

**مۇخبىر: ئابدۇرزاقنى نېمە سەۋەب بىلەن قولغا ئالغان ئىدى؟**

سەيپىدىن: ئابدۇرازاقنى «سەن ئىبراھىم ئىسمائىلغا قارىدىڭ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلدىڭ» دەپ تۇتقان ئىدى. ئەمما ئابدۇرازاقنى تۇتۇش ئالدىدا ئابدۇرازاقنىڭ ئاكىسى نۇرتاينى «سېنىڭ ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن ئالاقەڭ بار» دەپ تۇتۇپ 8 يىل كېسىۋەتتى. ئابدۇرازاقنى فېۋرالدىن بىر ئاي بۇرۇن تۇتۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن قويۇۋېتىپتىكەن، فېۋرالغا بىر ھەپتە قالغاندا يەنە قايتىدىن تۇتۇپ: «ئون مىڭ يۈەن تۆلىسەڭلار،

كېيىللىككە قويۇپ بېرىمىز» دەپتۇ. دادىسى بېقىۋاتقان ئىككى كالىسى بار ئىكەن، شۇنى سېتىپ، ئون مىڭ يۈەن تۆلەپ ئېلىپ چىققان ئىكەن.

ئابدۇرازاق 6 - فېۋرال كۈنى، يەنى ئايەم كۈنى ئائىلىنى ئېلىپ توخۇچىيۈزىگە، يەنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە ئايەملەپ كىرىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا ھازىرقى ئوبلاستلىق ساقچىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر بەگنىڭ ئوغلى نۇرتاي بىر نەچچە ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئابدۇرازاقنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇلار كىرگەن ۋاقىتتا ئۆيدە ئابدۇرازاق، دادىسى ۋە ئىككى ئىنىسى بىللە نامازشام ئوقۇۋاتقان ئىكەن. دادىسى پەرزنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرغان، باللار بولسا سۈننەتنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ساقچى كېلىپ: «بالاڭنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق» دەپتۇ. ئابدۇرازاقنىڭ دادىسى: «ھوي، تېخى قايسى كۈنلا ئون مىڭنى تۆلەپ ئېلىپ چىققانىغۇ؟» دېسە، «ياق، ئېلىپ كەتمىسەك بولمايدۇ» دەپتۇ. دادىسى: «ئېلىپ كەتسەڭ ئېلىپ كەت، بۈگۈن ئايەم بولغاندىكىن، نامىزىنى ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇۋالسۇن ئاندىن ئېلىپ كەت» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار دادىسىنى سىلكىشلەپ قوپاللىق قىلىپتۇ. ئاڭغىچە ئابدۇرازاق نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ: «دادامغا نېمىشقا بۇنداق قوپاللىق قىلىسەن؟ ئېلىپ كەتسەڭ، مېنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا كەينىدە تۇرغان بىر ھەربىي قولىدىكى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن دادىسىنى يەنە ئۇرىدىكەن، ئابدۇرازاق ھەربىينىڭ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، بۇلارغا بېرىپتۇ. بۇ ئارىلىقتا نۇرتاي دېگەن ساقچى سىرتقا قېچىپ چىقىپ، سىرتتىكى بىر ماشىنا ھەربىينى باشلاپ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئابدۇرازاق بولسا قولىدىكى مىلتىق بىلەن بىر نەچچە ھەربىينى ئېتىپتۇ. شۇيەردە ئابدۇرازاقنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق

بولـۇپ، ئۇنــى كۆزىتــپ يۈرگــەن بىــر خىتــاي ســاقچى بۆلارنىــڭ ھويلىسـىغا ئارقـا تامدىــن چۈشـۈپ دادىسـىنى، ئابدۇرازاقنــى، ھــەم ئۇنىـڭ ئىككـى ئىنىسـىنى، ئاندىـن ئـوق ئاۋازىنـى ئـاڭلاپ يۈگـۈرۈپ كىرگــەن ئابدۇرازاقنىــڭ بىــر ئاغىنىســى ئېتىۋېتىپتــۇ. بــۇ جەريانــدا ئابدۇرازاقنىـڭ بىـر يېرىم ياشـلىق ئوغلىنى بۆشـۈكتىن يېشـىپ يەرگە قويۇپتىكــەن. بــالا چاچرىغــان قاننىــڭ ئارىســىدا قانغــا مىلىنىــپ يېتىــپ قاپتــۇ. بــۇ ۋاقىتتــا ئۆيــدە ئابدۇرازاقنىــڭ ئايالــى، 70 ياشــتىن ئاشـقان ئانىسـى بــار بولـۇپ، ئانــا بولۇۋاتقــان ئىشـلارغا چىدىمــاي مەشـنى كۆتـۈرۈپلا ئېلىـپ چىقىـپ، سـىرتتىكى سـاقچى ماشىنىسـىغا ئېتىپتـۇ، ماشـىنىغا ئـوت كېتىپتـۇ. شـۇنىڭ بىلـەن مومايىنـى سـولاپ ئـون يىللىـق كېسـىۋەتتى، ئاكىسـى نۇرتايىنىـڭ قىزىمـۇ بـار ئىكـەن شـۇ ۋەقـەدە، شـۇ قىزىنىمـۇ توقـقـۇز ئـاي تۇتـۇپ تۇرغاندىـن كېيىـن قويۇۋەتتــى. مۇشــۇ ئىشــلار ســەۋەبلىك تۈرمىدىكــى ئابدۇرازاقنىــڭ ئاكىســىنىڭ جــازا مۇددىتىنــى يەنــە بــەش يىــل ئۇزارتتــى.

**مۇخبىر: مومايىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟**

سەيپىدىن: ئېسىمدە ئېنىق يوق.

**مۇخبىر: ئاكىسىنىڭ جازا مۇددىتىنى بەش يىل ئۇزارتتى دەڭ.**

سەيپىدىن: ھەئە.

**مۇخبىر: ئايالى بىلەن قانغا چىلىشىپ قالغان ئوغلى ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟**

سـەيپىدىن: ھەئـە ھايـات. ئايالـى غۇلجـا ناھىيە تۇرپانيۈزىلىـك ئىـدى، ۋەقەدىــن كېيىــن شــۇ يەرگــە قايتىــپ كەتتــى. ئابدۇرازاقنىڭ ئاپىسـى تۈرمــدە ئىــدى، تۈرمىدىــن ھايــات چىقتىمــۇ ياكــى ئۆلـۈپ كەتتىمـۇ، بىلمەيمــەن. مومايىنــى ئېلىــپ كېتىــپ ئىككــى - ئــۈچ يىلدىـــن كېيىـــن، ئابدۇرازاقلارنىـــڭ بىـــر ھەدىســـى تۈرمىگـــە

موماينى كۆرگىلى بارسا، موماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاچلىرى چۇشۇرۇۋېتىلگەن ھالدا مەھبۇس كىيىمى بىلەن چىقىپتىكەن.

**مۇخبىر: قانچە ياشلاردا بار ئىدى موماي؟**

سەيپىدىن: 70 لەردە بولسا كېرەك.

**مۇخبىر: دېمەك، شۇ ۋاقىتلاردا تۈرمىلەردە مومايلارمۇ بار ئىكەن - دە؟**

سەيپىدىن: ھەئە.

**مۇخبىر: قانغا مىلەنگەن بوۋاق بالا ھازىر قانچە ياشقا كىرىپ قالغاندۇ؟**

سەيپىدىن: 1997 ـ يىلى بىر يېرىم ياشتا بولسا، ھازىر بەلكىم 20 ياشلاردا بولسا كېرەك.

**مۇخبىر: شۇنداق بولغاندا، شۇ كۈنكى ۋەقەدە بىر ئائىلىدىن قانچە ئادەم ئۆلگەن بولىدى؟**

سەيپىدىن: دادا بىلەن ئۈچ ئوغۇل ۋە ئاغىنىسى بولۇپ جەمئىي بەش ئادەم.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدىكى ئارخىپلارنى رەتلەپ تۈرغۇزۇشتا دەسلەپكى باسقۇچلاردا تۇرماقتىمىز.

بىز يۇقىرىدىكى توخۇچىيۇز قانلىق قىرغىنچىلىقى ئارقىلىق، 70 ياشلىق مومايىنىڭمۇ 10 يىللىق كېسىلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇق.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كۈنىمىزگە نەزەر سالغان

ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر ئانىلىرى ۋە خانىم ـ قىزلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تىز پۈكمەس مەيدانىنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇلارنىڭ تىخى ئىچىلمىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغاندا، ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانلىرى قاتارىدا شەرەپلىك تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالغۇسى.

# 13 - قىسىم

## مەشرەپ ئەسلىگە كېلىۋىدى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلتۇرالماي قالدى

1990 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان بۇ ئون يىل، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا، جۈملىدىن غۇلجا تارىخىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنى تارىخ سەھنىسىدىن يوق قىلىش مەقسەت قىلغان «قوش تىل مائارىپى» سىستېمىسىنى يولغا قويغان، يەنە بىر تەرەپتىن ساختا خېروئىن ۋە يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق ـ شارابلارنى ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامرىشىغا كۆز يۇمۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنى بىخۇد، ئەبگار ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشقان بىر دەۋر بولدى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەيدىز ۋە زەھەرلىك چېكىملىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ياش يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن مۇسىبەتلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇر مائارىپىنى يوق قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. ئىلى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان رايونلاردىكى ئويغاق ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى بىر تەرەپتىن زەھەرلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تىلى ۋە دىنىنى يوق قىلىش ئارقىلىق ھالاك قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، پۈتۈنلەي ھاراق ـ شاراب ۋە زەھەردىن قول ئۈزۈپ، ئانا تىل

مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەت بۆشۈكى ھېسابلانغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ئەخلاقىي جەھەتتە ئاجايىپ زور ئوڭشىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر مىللىتىدىكى بۇنداق غايەت زور ئوڭشىلىش خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە ئەينى يىللاردىكى ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولغان، ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى:

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە ئوڭشىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ زادى ئولتۇرالماي قالدى. شۇڭا بۇ يىگىتلىرىمىز ئويناۋاتقان مەشرەپلەرنى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىپ يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىرىمىز تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇتبول ئوينىسا، بۇنىڭغىمۇ ئولتۇرالماي قالدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى پۇتبول مەيدانلىرىغا سۇ قويۇپ بېرىپ ياكى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ پۇتبول ئوينىشىغا يول قويمىدى. ھەتتا بەدەن چېنىقتۇرۇشنىمۇ قانۇنسىز دەپ بېكىتتى. ھەرقايسى مەھەللىلەردە ھاراق ئىچمىگەن، ئاق تاماكا چەكمىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى ئۈچتىن، بەشتىن تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولاش باشلاندى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قېرىنداشلىرىمىز ئاخىرى 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قوللىرىغا لوزۇنكىلارنى ئېلىپ، «بىز ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تونۇيمىز، خىتاينىڭ قانۇنىنى تونۇمايمىز» دەپ كوچىلارغا چىقىپ، بىۋاستە ھالدا خىتاي ئاساسى قانۇنىغا قارشى تىنچلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئىدى. لېكىن خىتاي بۇ نامايىشقا تۈرلۈك بەتناملارنى چاپلاپ، ئۆزىنىڭ مۇناپىقلىرى ئارقىلىق پۇقرا خىتايلارنى ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىن ياش يىگىتلىرىمىزگە ئارتىپ، بىزنىڭ ئالتۇندەك

چاقناپ تۇرغان يىگىتلىرىمىزدىن نەچچە مىڭنى قولغا ئالدى، بۇلارنى تۇتتى، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. ئۇلارنى 20 يىل، 30 يىل، ھەتتا مۇددەتسىز كەستى. شۇ قاتاردا ئىلى 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا باشتىن ئاياغ رەھبەرلىك قىلغان ۋە قانات يايدۇرغان ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز شېھىت قىلىندى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مەشرەپنى قانداق توسقانلىقى ۋە 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قانداق بىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە توختالغان، ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان، ئەينى يىللاردا ئىلى مەشرىپى، جىگدىلىك مەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن تاھىر مىجىت ئەپەندى، ئەگەر ئەينى يىللاردا غۇلجىدىكى ھەممە مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى ئابدۇخېلىل مىجىتقا ئەگىشىپ نامايىشقا چىققان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ نامايىش 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ نامايىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

تاھىرمىجىت: ئەينى چاغدا خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن مەشرەپنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇيغۇر ياشلىرى مەشرەپ مەجبۇرى توختىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، چېچىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، پۇتبول كوماندىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنداق قىلغاندا جامائەتچىلىكنى ياخشى يېتەكلەپ ماڭغىلى بولاتتى. ئەمما تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ قانات يېيىشىنى خىتاي ھۆكۈمىتى يەنىلا قاتتىق توستى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا نارازىلىق كېلىپ چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىقلار يىگىت بېشى بولۇۋاتقان كۆپلىگەن مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىدىكى ياشلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل مىجىت ئۆز مەشرەپ گۇرۇپپىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ، نامايىشقا چىقىشنى قارار

قىلدى ۋە باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىغا، شۇنداقلا مېنىڭ مەشرەپ گۇرۇپپامغىمۇ، 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەتىگەندە نامايىشقا چىقىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلغان ئىدى. ئەمما بىز ئابدۇسالام مەشرەپ گۇرۇپپىسى، تۇرسۇن سەلەي مەشرەپ گۇرۇپپىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، «ئەگەر نامايىشقا چىقساق، خىتاي بىزنى قىرىۋېتىدۇ. نۇرغۇن ياشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي غۇلجا شەھىرىدە مۇشۇنى باھانە قىلىپ قاتتىق تىنتىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز مەشرەپنى ۋاقتىلىق توختىتىپ، باشقا پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇپ تۇرۇش»نى قارار قىلغان ئىدۇق. ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز نامايىشقا چىققاندىن كېيىن، بىز بىر چەتتە قاراپ تۇرالمىدۇق. مەن مەشرەپنى 1993 ـ يىلى باشلاندى دەپ قارايمەن. ئۇ چاغلاردا تېخى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئاتۇشتىن چىققان ھەسەن قارىم باشچىلىقىدا مەشرەپنى قۇراشتۇردۇق. ھەسەن قارىم ھازىر تۈرمىدە مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتتى.

**مۇخبىر: ھازىر قايسى تۈرمىدە بىلەمسىز؟**

تاھىر مىجىت: كۈنەس تۈرمىسىدە دەپ ئاڭلىغانتىم. بۇنىڭغىمۇ ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ھازىر بۇ ئاكىمىز ھاياتمۇ ـ ئەمەسمۇ، ھايات بولسا قايسى تۈرمىدە بىلمەيمەن. ئەينى چاغدا بىز غۇلجا ياشلىرى ئاساسەن ھەسەن قارىم بىلەن بىرلىكتە مەشرەپ تەشكىللىگەن ئىدۇق. تەشكىللەشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمىز ياشلارغا ياخشى ـ ياماننى تونۇتۇش ئىدى.

**مۇخبىر: بىر مەشرەپ گۇرۇپپىسىدا قانچىلىك بالا بار ئىدى؟**

تاھىر: ئوتتۇز ئوغۇل دەيمىز ئادەتتە، ئەمما بىر مەشرەپ

گۇرۇپپىسىدا 20 ئەتراپىدا يىگىت بار ئىدۇق. بۇلار ھەر بىر مەھەللىدىكى مەشرەپ بولۇپ، مەھەللە ياشلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەشرەپكە قېتىلاتتى، مەجبۇرلاش يوق ئىدى. مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەكتىپى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارمۇ بەك ياخشى قوللىغان ئىدى. چۈنكى مەشرەپ ياشلارغا ئەدەب ـ ئەخلاق، ياخشى ـ يامان ئىشلارنى ئۆگىتەتتى. شۇڭا پەرزەنتلىرى ھاراق ـ شاراپ ئىچىدىغان، ئاق تاماكا چېكىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىمىز ئۆگىنىشلىدىغان بولدى دەپ بەك خۇش بولغان ئىدى.

**مۇخبىر: شۇ چاغدىكى غۇلجىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى قانداق ئىدى؟ مەسىلەن زەھەرلىك چېكىملىك بەك يامراپ كەتكەن. ھاراق - شاراب ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالدىلىرىدىمۇ ئاق تاماكا ساتىدىغان ئىشلار بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. سىز بۇ جەھەتتە ئازراق توختىلىپ بەرگەن بولسىڭىز.**

تاھىر مىجىت: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە غۇلجا شەھرىدە زەھەرلىك چېكىملىك، يەنى ئاق تاماكا چېكىش ئىنتايىن ئەۋج ئالغان ئىدى. زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق ۋە شارابتىنمۇ بەتتەر يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىككە كىرىشىپ قالغان ياشلارنىڭ ھەممىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆلۈشكە باشلىدى. كۈندە دېگۈدەك مەھەللىلەردە ئاق تاماكا چېكىپ قېتىپ قېلىۋاتقان ياشلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايتتۇق. دېمەك، ئۇيغۇر ياشلىرىغا دەسلەپتە ئاق تاماكا ئەرزان باھادا سېتىلىپ، ھەتتا بىكارغا بېرىلگەندىن كېيىن، خۇمار بولۇپ قالغان غۇلجا ياشلىرى ئۆيىدىكى ئۆي نېمىسىنى، بۇ نېمىسىنى ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، غۇلجىدا بىر خىل چۈشكۈن ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. زەھەرلىك

چېكىملىكنىڭ باھاسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئەرزان بولۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ چېكىملىكلەرنى چەككەندىن كېيىن ئالدى ئۈچ ئايدا، بەك ئۇزۇن بولغاندا بىر يىلدا ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، بۇنىڭدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ساختا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مەقسەتنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى سەۋەبلىك نۇرغۇن ئائىلىلەرمۇ ۋەيران بولدى. شۇ سەۋەبلىك مەشرەپنىڭ مەقسىتى ئەنە شۇ ياشلارنى ئۇچشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، مەشرىپىمىزدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھېچقانداق سىياسىي گەپ - سۆز قىلىنمايتتى. مەشرەپ دەسلەپتە باشلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى مەشرەپنىڭ ئىچىگە بەزى جاسۇسلارنى، ھەتتا ساقچىلارنى مەشرەپ ئوينىغان قىياپەتتە كىرگۈزۈپمۇ ھېچقانداق بىر مەسىلە تاپالمىغان ئىدى. مەشرەپنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يوق بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر ئەۋلاد ياشلارنى قوغداپ قېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، مەشرەپتىكى ئاساسلىق كۈچ ھاراق - شاراب ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنى تۈگىتىشكە قارىتىلغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يوقىلاڭ سىياسىي بانايى - سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەشرەپ ئىنتايىن يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ دىنىي تۈسى سەل قويۇقراق بولغاچقا، خىتاي بۇ مەشرەپ گۇرۇپپىسىنى كۆپرەك نازارەت ئاستىغا ئالغان ۋە ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى باللارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. خەيرىيەت، ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نامايىش قىلىپ چىققاندىن

كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى قانلىق باستۇردى. بۇ باستۇرۇشنىڭ ئەتىسى، يەنى 5 ـ فېۋرال كۈنى پەرزەنتلىرى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلار، غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. بۇ ۋەقەمۇ قانلىق باستۇرۇلدى. 3 ـ قېتىمدا ئۆزلىرىگە ھېچقانداق چىقىش يولىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلغان يەنە بىر تۈركۈم مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى ياشلار نامايىش قىلىش ۋە ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىش قاتارلىق يوللار بىلەن مەسىلە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تۇتۇلسىمۇ خىتاي تۈرمىسىدىن ساق چىقمايدىغانلىقىنى، ھامان ئۆلۈپ تۈگەيدىغانلىقنى ھېس قىلىپ، «خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ خىتايدىن ئىنتىقام ئالساق بولىدىكەن» دېگەن ئويغا كەلگەن. مەسىلەن: ئايالىم بۇسارەمنىڭ ئاكىسى تۇرسۇن سەلەي دوڭ مەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ يىگىت بېشى بولۇپ، 5 ـ فېۋرال نامايىشىغا چىقمىغان. ئەگەر 5 ـ فېۋرال كۈنى غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان بارلىق مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى بىرلىكتە نامايىشقا چىققان بولسا، 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى 10 مىڭ كىشىدىنمۇ ئارتۇق چوڭ نامايىش قوشۇنىغا ئايلانغان بولاتتى. قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەيمۇ 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتناشمىغان ۋە نامايىش قىلىپ چىقىشىنىڭ تارىخىي شەرت ـ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، دەپ قارىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى. ئاكىسىنىڭ 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتناشمىغانلىقى ھەققىدە توختالغان تۇرسۇن سەلەينىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان سىڭلىسى بۇسارەم سەلەينىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلايمىز. بۇسارەم:

ئاكام نامايىشقا قاتناشمىغان. دەل 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولغان كۈنى مەن بىر ياشلىق ئوغلۇمنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە بارغان ئىدىم. شۇ كۈنكى نامايىشنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، «ۋاي

بۇ باللار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ نامايىش قىلمىسا بولاتتى» دەپ تېپىرلاپ كەتكەن ئىدى. مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ شۇ كۈنى تېلېۋىزور كۆرگەن ئىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئاكامنى ۋە مەھەللىمىزدىكى ئابدۇۋەلى قاتارلىق نۇرغۇن باللارنى تۇتۇپ كەتتى. شۇ مەزگىللەردە ئاكام بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك بىر خىل سەزگۈر ۋە جىددىي روھى ھالەتتە ئىدى. ئەمما بىز بۇ ئىشلاردا ئاكامنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز. ئاكام ئىنتايىن سىر ساقلايدىغان بولۇپ، بىزگىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب جەريانلىرىنى سۆزلەپ بەرمىگەن ئىدى.

ئەينى يىللاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئويناشنى قاتتىق چەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىشنى باشلىغان. نامايىش قىلىشنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىدە ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ئالدىن كۆرەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، نامايىش قىلىشنى مەسىلە ھەل قىلىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر دەپ قارىمىغان. ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

**مۇخبىر: ئەسلىدە 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ نامايىشقا چىقىش ئويى يوق ئىكەن. مەشرەپ ئەسلىدە ئىلى ياشلىرىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئۆزگىچە قايتىش ھەرىكىتى بولغان ئىكەن. ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى ياشلارنىڭ ھەر كۈنى تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ پىلىكىگە ئوت تۇتاشتۇرغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىكەن. ئابدۇخېلىل مىجىت بۇنداق جىمجىت ھالەتتە ئۆلۈپ تۈگىگەندىن، نامايىشقا چىقىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرگىز خىتاي تەشۋىق قىلىۋاتقانىدەك زەھەرلىك تاماكا چېكىدىغان ھاراق**

**- شاراب، ئەيش - ئىشرەت قىلىپ يۈرىدىغان ساپاسىز مىللەت ئەمەسلىكىنى، بەلكى بىر ئىسيانكار، كۈرەشچان مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولغان ئىكەن. سىز ئابدۇخېلىل مەجىت بىلەن كۆپ ھەمسۆھبەتتە بولغان، كۆپ پىكىرلەشكەن بىرسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

ئابدۇشۈكۈر: ھەقىقەتەن 5 - فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسىدە ئۇسۇل، تاكتىكا، چارە قاتارلىق جەھەتلەردە بەك چوڭ ئىختىلاپلار بولمىسىمۇ، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە پىكىر - ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولغان، ھەتتا مەنمۇ ئەينى چاغدا بۇ نامايىشقا چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىغان. ئابدۇخېلىل مەجىت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى «ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتىمىز» دەپ قارىدى. مېنىڭ ئىگىلىگەن دىنىي چۈشەنچىلىرىمگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ باردى، ئەڭ ئاخىرى دىن غەلىبە قىلدى. ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ تاللىدىم» دېدى. ئەمدى ھېچكىم ئىسلام دىنىنى تاكى قىيامەتكىچە يوقىتالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشكارا دەۋەت شۇ دەۋرگە مەنسۇپ. يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. شۇڭا ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەگەر بۇنداق قىلغان ۋاقتىمىزدا خىتاي بۇنى باھانە قىلىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان نەۋقىران ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى تۈرمىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. بىز بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، دەپ مەن ئوچۇق - ئاشكارا نامايىشقا چىقىشقا قوشۇلمىغان. ھازىرمۇ ھەم ئاشۇ ئىدىيەدە تۇرۇۋېتىمەن. ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن ھۆكۈمەتنىڭ كېچە - كېچىدە ھەر بىر مەھەللىدە ئۈچتىن، بەشتىن بالىلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقى راست. ئەمدى كېيىنكى ئابدۇخېلىللارنىڭ

نامايىشقا چىقىشغا ئاشۇ بالىلارنىڭ تۇتۇلغانلىقى سەۋەب بولدى. بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپىمىزدىن كېيىن، بۇ نۇقتىدا بىز خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلار چىقتى. مەن ئۇلار نامايىشقا چىققاندىن كېيىن خەۋەر تاپتىم. ئەمما يەنىلا 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى تەشكىللىگەن.

ئابدۇخېلىل مىجىت بولسۇن ۋەياكى نامايىش قىلىش تەرەپدارى بولمىغان تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق ئۇيغۇر ئوغلانلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا بىر خىل تىراگېدىيەگە دۇچ كەلگەن. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار قىلغان ۋە بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان. غۇلجا شەھىرىدىكى بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قىرىلىپ تۈگىگەن.

## 14 - قسىم

### قىرغىنچىلىق ھەققىدە تولۇقلىما ھىكايىلەر

ئېنىق قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تىنچلىق يولى بىلەن نامايىشقا چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى باھانە قىلىپ، غۇلجا خەلقىنى قارا ـ قويۇق ئوققا تۇتقان.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. بىز 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا قانداق ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، پەقەت چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلغان بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولاۋاتىمىز. ھازىر ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتى ئابدۇشۈكۈر، شۇ چاغدا ئەمدىلا 11 ـ 12 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۆسمۈر بالا ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزگەن رەھىمسىز ئوققا تۇتۇش سىياسىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ يىگىت، مۇخبىرىمىز ئايقۇتنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، كۆز ئالدىدا خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەدەك ئېنىق خاتىرىلىنىپ تۇرغان 5 ـ فېۋرال كۈنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئاشۇ 5 ـ فېۋرالدىكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئاخىرىدا قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىمنى توغرىلىق سىزگە دەپ بېرەي.

5 ـ فېۋرال كۈنى بىز ئاكام ئىككىمىز تاشلەپكە دوقمۇشىدا باللارنىڭ قىشلىق چاپىنىنى سېتىۋاتقان ئىدۇق. تۆپۈقسىز ئۇياق ـ بۇياقتىن قىقاس ـ چۇقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، قارىسام ئاكامنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، چاپانلارنى بىر خالتىغا قاچىلاپ ئۇدۇلدىكى بىر بىلياردخانىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىۋالدىم. قارىسام نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ۋارقىراپ، لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار كېتىپ، تەخمىنەن ئون، ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ، ئاكامنى ئىزدىگىلى كەينىدىن ماڭدىم، مېڭىپ قارىسام خەلق مەيدانىنىڭ ئالدىدا باللارنىڭ ئۆزىنىڭ چاپانلىرىنى، قۇلاقچىلىرىنى تاشلاپ ماڭغانلىقى، كەينىدىن بىر ماشىنا كېلىپ ئۇ نەرسىلەرنى تېرىپ ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، كەينىدىن سۇ چېچىش ماشىنىلىرىنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار كېتىپ بولغاندىن كېيىن، خەلق مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا چەمبىرەك شەكلىدە ئادەم توپلىشىپ كەتتى. دەل شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتىم، ئاپتوبۇس ـ ئاپتوبۇستا نامايىشتىكى باللارنى تۇتۇپ، ئاشۇ 2 ـ ئاي قاتتىق قىش مەزگىلىدە مايكا بىلەنلا ئاشۇ ئاپتوبۇسقا بېسىپ، ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇپ ئەكېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇشۇمغا، ماياقتىن بىر قىز بالا، تەخمىنەن 30 ياشلار ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن، ھەربىينىڭ كەينىدىن تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىي ئۇ قىز بالىنىڭ چېچىدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭغان ۋاقتىتا، بىر بالىنىڭ ئوتتۇرۇلۇقتا سەكرەپ چىقىپلا ھەربىينى بىر ئۇسۇپ يىقىتىپ، شۇ يەردە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماياقتىن يەتتە ـ سەككىز ساقچى ھەربىي كېلىپلا ئۇ بالىنى قاتلاپ، بېسىپ شەھەرلىك ساقچىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيگە

ئېلىپ چىقىپ ئاشۇ بالىنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭلا، بىزمۇ كۆتۈرۈلۈپلا «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ۋارقىراپ قىلدۇق. ئۇنىڭغىچە ئارىلىقتا ياش ئاققۇزىدىغان بومبىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن قاچە - قاچ بولۇپ، قېچىپ مەھەللىگە قانداق كېلىۋالغىنىمىزنىمۇ بىلمەيمەن، شۇنداق تەستە قېچىپ كەلدىم. قېچىپ كېلىپ، ئاكاممۇ شۇ چاغدا كەپتىكەن، قانداق كەلدىكىن، داداملار بىزنى ئامبار ئۆيگە بىر - ئىككى كۈن سولاپ قويدى. تەخمىنەن ئىككى كۈندىن كېيىن چىقتۇق. تالاغا چىقساق، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئىسمى ئابدۇكېرەمغۇ دەيمەن، ئىسمى تازا ئېسىمدە قالماپتۇ ئۇزۇن يىل بولغاچقا، شۇ بالىنىڭ ئېتىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئاشۇ گىلەنتىردە دۇكىنىنى تاقاپ قايتىپ ماڭغان چاغدا ئۇنى مۇشۇ كۆكرەك تەرىپىگىمۇ، بىر تەرىپىگە ئېتىپتىكەن، بىزنىڭ بىر تونۇشىمىز دوختۇرخانىغا ئاپارسا داۋالىماي، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە جان ئۈزگەندىن كېيىن، هارۋىغا سېلىپ سۆرەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان ۋاقتتا بىز مەھەللىدە ئىدۇق. شۇ ئۆيدە شۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىساق، شۇ بالىنى ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ هارۋىدا شۇ بالىنىڭ شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەنتىم، ئەكېلىپ جىنازا نامىزىنى مەھەللىدە چۈشۈردۇق. مەھەللىدە ماشىنا يوق، ماشىنىلار توختاپ كەتكەن، ئۇ بالىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇپراق بېشىغا ئاپىرىپ كۆمدۇق. شۇ يولدا ئېلىپ مېڭىش جەريانىدا بالىلار (بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ ئوتتۇز - قىرىقتەك بالىلار بار ئىدى) نۇرغۇن ئادەم تەرەپ - تەرەپتىن قېتىلىپ، ئاشۇ يولدا تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىققىچە بولغۇچە «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ۋارقىراپ نۇرغۇن ئادەم بولۇپ كەتتى. شۇ مەيداندا دادام مەھەللىنىڭ، يۇرتنىڭ چوڭ بولغاچقا: «بالىلىرىم، سەۋر قىلىڭلار» دەپ يولدا توسۇۋالدى. تۆشۈك

ـ تۆشـۈكتە ھەربىيلـەر شـۇنداقلا بىـر ئـش قىلسـا ئاتىمىـز دەپ تۇرۇپتىكـەن. شـۇ يـەردە دادام باللارنـى توسـۇۋېلىپ، جىنازىنـى توختىتىـپ تـۇرۇپ: «ئۇنـداق قىلمـاڭلار باللار! سـىلەر يـاش، مـاۋۇ بـىر قېرىنداشـىمىزنىڭ شـېھىت بولـۇپ كەتكىنـى يېتـەر، مۇشـۇنداق ھەممىمىزنـى تـەڭ قىرىۋېتىـپ قالـدۇ، سـەل ئاۋازىمىزنـى پەسـلىتىپ، تىنـچ ـ ئامـان مۇشـۇ بالىنـى يەرلىكىگـە قويۇۋېتىـپ كېلەيلـى» دەپ، شـۇ بالىنـى تۇپـراق بېشـىغا ئاپـاردۇق، قويـدۇق ۋە مەھەللىگـە يېنىـپ كەلـدۇق. شـۇ مەھەللىمىزدـن بىـر بالىنـىڭ شـېھىت بولـۇپ كەتكىنىنـى كۆزىمىـز بىلـەن كـۆردۇق. ئـۇ بـالا ئاشـۇ گىلەنتىـردە دۇككان ئاچىدىغـان بـالا ئـىدى. گىلەنتىردـن چىقىپ، دۇككىنىنـى تاقـاپ قايتقـان ۋاقتىـدا ئېتىۋېتىپتىكـەن. ئاساسـلىق كۆرگـەن ئىشـلىرىمىز مۇشـۇ بولـدى. مەندـىن بىـر يېرىـم يـاش پـەرق قىلىدىغـان بىـر ئـاكام بـار ئـدى، شـۇ ئاكامـۇ نامايىشـقا قېتىلىپتـۇ. شـۇنداقتىمۇ ئاشـۇ يەردـن ئالالاھنـىڭ ياردىمـى بىلـەن قانـداق قۇتۇلـۇپ قالدىكـن، قۇتۇلـۇپ چىقىپتـۇ. قالغـان ھەممـە باللار ئاساسـي جەھەتتىـن تۇتۇلدىغـۇ دەيمـەن. ئاشـۇ يەردىـن تارتىـپ تەخمىنـەن يېرىـم كۈندىـن جىقـراق شـۇ 5 ـ فېـۋرال نامايىشـىنى شـۇ يـەردە كۆرگـەن بولۇپتـۇق. ئۇنىڭدـن كېيىـن روزا ھېيـت بولـدى، روزا ھېيتتـا ئايـرودروم تەرەپكـە تۇغقانلارنـى يوقـلاپ چىقسـاق، مەھەللـدە ئاشـۇ كوچـا ـ كوچـا، دوقمـۇش ـ دوقمۇشـتا ھەربىيلەرنـى تۆكۈۋەتكەنلىكىنـى كـۆرۈپ، چىقالمـاي قايتىـپ كەلگـەن ئـدۇق.

ھـە راسـت، بـىز قېچىـپ مەھەللىگـە ماڭىدىغانـدا تـاش ـ لەپكىنىـڭ دوقمۇشـىدا پارچـە كۆمـۈر، ھـاك سـاتىدىغانلارنىڭ پارچـە كۆمۈرلىرىنـى، ھاكلىرىنـى دوقمـۇش ـ دوقمۇشـقا تۆكـۈپ، ھەربىيلەرگـە قارىتىـپ ئېتىـڭلار، دەپ يـاش باللارنـىڭ ساقچىلارغا شـۇ نەرسـىلەرنى ئېتىۋاتقانلىقىنىمـۇ كـۆردۇق. ئـۇ يەرگىمـۇ يـاش

ئاققۇزىدىغان بومبىلارنى ئېتىۋېتىپتىكەن. بىز ھەم ياش، ھەم كىچىك بولغاچقا مۇرەمدە بىر تال خالتىنى يۇدۇپ، ئۇ يەردىن قاچقان پېتى خۇدىمىزنى بىلمەي يۈگرەپ مەھەللىگىچە كېتىپتۇق. بىز مۇشۇ ئىشلارغا شاھىت بولدۇق. مۇشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىمگە مانا ھازىر قانچە يىل بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىشلار كاللامدا خاتىرىگە يېزىۋەتكەندەك يېزىلىپ كېتىپتۇ. كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ دېسەم، كۆز ئالدىمدا ئاشۇ سەھنىلەر كۆرۈنىدۇ.

ئېسىمدە قىلىشىچە، تاشلەپكە تەرەپكە كەلگەندە نا ـ مايىشچى باللارنى كۆردۇم، قايسى تەرەپتىن كەلگىنى تازا ئېنىق ئېسىمدە يوق، شەھەرلىك ساقچى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەرلىك ساقچىغا تەخمىنەن ئۈتتۇز ـ قىرىق مېتىر قالغان چاغدا چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپتۇ، ئاندىن لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ نامايىش قىلىپ مېڭىۋەرگەن...

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار، بىز 5 ـ فېۋرال ئار ـ خىپلىرى ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ 12 ـ قىسمىدا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى يۈز بېرىش ھارپىسىدا، خىتاي قوراللىق كۈچلىرى بىلەن غۇلجا ناھىيە توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى بىر ئائىلە ئوتتۇرىسىدا قانداق توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ توقۇنۇشتا خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ بۇ بىر ئائىلىنى قانداق ئوققا تۇتقانلىقى، شۇنداقلا بۇ قانلىق ئېتىشىش جەريانىدا، بۆشۈككە بۆلەپ قويۇلغان بىر نارەسىدە بوۋاقنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ھايات قالغانلىقىنى، ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان سەييىدىن ئىسىملىك بىر شاھىتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ پىروگراممىمىز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىر نورۋېگىيەدە ياشاۋاتقان سەيىد ئەكرەم ئاكىمىز بىزگە ئۇچۇن قانلىق توقۇنۇشىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بۇ ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ياخشى تونۇيدىغانلىقى، 12 ـ قىسىم

پىروگراممىمىزدا بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى ۋە 12 ـ قىسىم پىروگراممىمىزغا تولۇقلىما بېرىپ مۇنداق دېدى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرىدا توخۇ-چىيۈزدە بولغان ۋەقەلىكنى تونۇشتۇرغانىكەن، ھازىر ئاڭلاپ چىقتىم. بۇنىڭدا بىر ئاز خاتالىق بار. مۇتەللىپ دېگەن دادىسى ئەمەس، ئۇ ئائىلىدىكى چوڭ بوۋايىنىڭ ئىسمى مۆمىنجان، بىز ياخشى تونۇيمىز ئۇ ئادەمنى، بىزنىڭ ئائىلە، دادامىلار بىلەن يېقىن ئىدى. مۇتەللىپ دېگەن مۆمىنجىنىكامىنىڭ، ئاشۇ نۇرتاي ھاجىمىنىڭ كەيىندىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قىز بارمۇ، ئاشۇنداق. ئۇ مۇتەللىپ ئوغلى بولىدۇ. ئۇ مەن بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولۇپ، مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى. ئۇ مەندىن بىرەر ياش كىچىك بولسا كېرەك، بىز ئەل ـ ئاغىنە ئىدۇق، مۇتەللىپ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۇق. ئاۋۇ قوشنىسى خىتاينى مۇتەللىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مۇتەللىپ كىرىپ چاناپ ئۆلتۈرگەن بولۇپ، دادىسى ئۆلۈپ ساقچىلار قاچقان. ساقچىلار ماشىنىنى يولغا توختىتىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يەرگە كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن مۇسەللىمنى ئېتىۋەتكەن. مۇسەللىم، مۇتەللىپنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھسىن دەپ يەنە بىر ئىنىسى بار ئىدى، ئۇ يەردە ئۇنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ، ئابدۇرازاقنى بولسا ئۆيدە ئېتىۋېتىدۇ. دېمەك، بىر ئائىلىدىن بەش بالا، بىر ئاتا بولۇپ جەمئىي ئالتە كىشى، ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرازاقنىڭ بىر ئاغىنىسىمۇ بار ئىدى. ئاشۇ ئاغىنىسى بىلەن بىللە بىر كۈندە ئۇ ئۆيدە يەتتە ئادەمنى خىتاي ھۆكۈمىتى غالچىلىرى ئېتىۋېتىدۇ. شۇ يىلى مەن بارغانىتىم. بارسام ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىپ كېتىپتۇ، ھەممىسى تۈرمىدە ئىكەن. مۆمىنجىنىكامىنىڭ ئايالى 70 ياشلاردا بار ئىدى.

مۆمىنجىنىكامىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا كۆۋرۈك بار ئىدى، مۆمىنجىنىكامىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە ئاتقان ئىكەن. بىر ئاكىمىز بار ئىدى، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى يوقلاپ بارغان. ئىشىكنىڭ ئالدى تەرەپلىرى، ئۆي پۈتۈنلەي خىتاي ساقچىلىرى ئاتقان ئوقتىن ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كېتىپتىكەن. مەن يوقلاپ بارغان ئۆي ئۇلارغا قىيپاش قوشنا ئىدى. ئۇ ئاكىمىز: «مەن ئاشۇ يەردە كۆرۈپ تۇرغانتىم ئۇكام، ئېتىشىش بولغاندا مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ كۆردۈم» دېگەنىدى. سەيپىدىن دېگەن بالىمۇ سۆزلەپتۇ، شۇنداق ئۆلۈپ كەتكەن. دادىسىنىڭ ئىسمى مۆمىنجان، مۇتەللىپ دېگەن ئوغلى.

بىز 5 - فېۋرال ئارخىپلىرى پىروگىرامما گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار نامىدىن سەئىد ئەكرەم ئاكىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز ۋە بارلىق رادىيو ئاڭلىغۇچىلىرىمىزنىڭ 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

5 - فېۋرال ئارخىپلىرى پىروگىرامما گۇرۇپپىمىزدىكى خادىملار توخۇچىيۈز قانلىق ۋەقەسى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇچۇر ۋە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە، مۇخبىرىمىز ئايقۇت ئەينى چاغدا «توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتالغان بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانلىرى بولغان مۆمىنجان ۋە ئابدۇمۇتەللىپ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ، يەنى مۆمىنجان ئاكىنىڭ نەۋرىسى بولغان بىر قېرىنداشىمىزنىڭ مەلۇم بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە بۇ بىردىن - بىر تىرىك شاھىت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

تۆۋەندە، توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقىدا شېھىت

قىلىنغان مۆمىنجان ئاكا ۋە ئابدۇمۇتەللىپ ئىلىسىنىڭ چەتئەللەردىكى بىردىن - بىر ئەزاسى بىلەن مۇخبىرىمىز ئايقۇت ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى دىققىتىڭلاردا بولىدۇ:

5 - فېۋرال ۋەقەسى بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال، يەنى 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئومۇمىيۈزلۈك دىنىي ئائىلىلەردىكى مۇھىم ئادەملەرنى تۇتۇشقا باشلىدى. شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئائىلىدىن ھەدەم مۆۋلىدەنى ۋە مەھەللىمىزدىن بىر قانچە ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى. 4 - فېۋرال كۈنى مەن ھەدەمنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تۈرمىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن، غۇلجا ناھىيە تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا بارسام، «ئەتە ئەكېلىڭلار» دەپ قايتۇرۇۋەتتى. 5 - فېۋرال كۈنى مەن يەنە ھەدەمنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ ناھىيەلىك تۈرمىگە باردىم. سائەت 9 - 10 ئەتراپىدا تۈرمىنىڭ ئالدى شۇنداق جىددىي ھالەتتە بولۇپ كەتتى، ئەسكەرلەر چىقىپ ئەتراپىمىزنى قورشاپ، بىزنى «تېز كېتىڭلار، تېز كېتىڭلار» دەپ كەتكۈزۈۋەتتى. ۋەقە چىققان ۋاقىتتا مەن ناھىيەلىك تۈرمىنىڭ ئالدىدا ئىدىم. شۇ كۈنى تۈرمىگە ھەدەمنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ماشىنا ساقلاپ تۇرسام، بىر - ئىككى ئاغىنەممۇ نامايىشقا ماڭغان ئىكەن، قولۇمدا ھەدەمنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن بارالماي قالغان ئىدىم.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەينى چاغدا غۇلجا ناھىيەسى ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن ناھىيە - ناھىيەلەردىن دىنىي ئالىملارنى، ئۇستازلارنى، ئاساسلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولىغاندىن كېيىن، ئابدۇمجىت ئابدۇراھمان، ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت دېگەن قېرىنداشلىرىمىز غۇلجىدىكى دىنىي ساھەدىكى ياش بالىلارنى تەشكىللەپ، ناھەق قولغا ئېلىنىشقا

نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىشقا چىققان ئىدى. ئۇلار قولىغا ھېچقانداق بىر نەرسە ئالمىغان.

6 ـ فېۋرالدىن باشلاپ غۇلجا شەھەرنىڭ پۈتۈن ئەتراپىنى قورشاپ، تېشىدىكىلەر ئىچىگە كىرەلمەيدىغان، ئىچىدىكىلەر تېشىغا چىقالمايدىغان بىر ھالەت شەكىللەندى. 7 ـ فېۋرال كۈنى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى، يەنى ئايەم كۈنى بىزنىڭ ئائىلىمىزگە دادامنىڭ ئۆكىسىنى تۇتقىلى كەلگەن بولۇپ، ئۇ كېچە قانلىق ۋەقە بولدى. دادامنىڭ بەش ئىنىسىنى، دادىسىنى ۋە تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلى بولۇپ يەتتە كىشىنى شېھىت قىلدى. ئاياللاردىن ئاپامنى، مومامنى (73 ياش)، دادامنىڭ سىڭلىسى، ئىككى كېلىن ئاغىچىمىزنى تۇتۇپ كەتتى، سەھەرگىچە ئېتىشىش بولدى. دادامنىڭ ئىنىلىرىمۇ ساقچىلاردىن بىر قانچىنى چاناپ، قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئوق تۆگىگەنگە قەدەر قارشىلىق قىلدى. كىچىك ئاپامنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەن ھالەتتە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى ئۈچ يېرىم يىل، ئاپامنى ئالتە ئاي كەسكەن بولۇپ، ئاپام تۈرمىدىن بوغۇم رېماتىزم بولۇپ ئۆملەپ قالغان ھالەتتە چىقتى. مومامنى ئۈچ يىل، ئىككى كېلىن ئاغىچىلارنى بەش ئاي، ئالتە ئايدىن سولاپ قويۇپ بەردى.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق: رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى ھەممىمىز چوڭ ئۆيگە ئايەملەپ كېلىپ، خۇپتەنگە يېقىن ئۆيلىرىمىزگە تاراپ كەتكەن ئىدۇق. دادامنىڭ ئابدۇرازاق مۆمىن دېگەن ئىنىسى ياخشى قارى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى مەدرىس ۋە بالا ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. تاغامنى 1996 ـ يىلى «بالا ئوقۇتتۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، بىز 1997 ـ يىلى رامىزانغا يېقىن 6000 ـ 7000 يۈەن تۆلەپ كېپىللىككە ئېلىپ چىققان ئىدۇق. شۇ كۈنى ساقچىلار شۇ تاغامنى قايتا تۇتقىلى ئۆيگە كېلىپ، تاغامنى خۇپتەن نامىزى ئوقۇۋاتقان يەردىن

قولغا كويزا سېلىپ ماڭغاندا، مومام ھەلىمە ھاشىر ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بالامنى نېمشقا تۇتىسەن؟! بىز تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا 6000 ـ 7000 يۇەن تۆلەپ كېپىللىككە ئېلىپ چىقتۇقۇ بۇنى. ئەتە ھېيت تۇرسا، ھېيتتا بىز بىلەن بىللە تۇرارمىكىن دەپ ئېلىپ چىقتۇقۇ» دېسە، تاغامنى تۇتقىلى كەلگەن ساقچىدىن بىرسى موماممنى بىر تېپىپ، سۆپىدىن موللاق ئاتتۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن. دادامنىڭ ئابدۇجاپپار، ئابدۇلمۇھەسسىن دېگەن ئىنىلىرى چىداپ تۇرالماي، ئۆيدىكى قولغا چىققان پىچاق، چەيدو قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ساقچىلارغا قارشىلىق قىلغان. بۇۋام مۆمىنجان ئۆمەر خۇپتەن نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ كېلىپ پېشايۋانغا چىقىشىغا، ئۆيدىن قېچىپ چىققان ساقچىلار بوۋامنى ئېتىۋەتكەن، ھويلىدىن دەرۋازا ئالدىغا قېچىپ چىققان ساقچىلار، دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن دادامنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئابدۇلمۇھەسسىن (21 ياش) نىمۇ ئېتىۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتا توققۇزدەك ساقچى كەلگەن ئىكەن. بۇ خورلۇق، ئازابقا چىدىمىغان تاغىلىرىم قولغا چىققان نەرسىلەر بىلەن چانايدىغاننى چاناپ، ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرگەن. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا يەنە بىر خىتاي ئائىلىسى بار ئىدى بولۇپ، ئۇلار دائىم بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن ـ چىققانلارنى تىزىملاپ، ساقچىلارغا خەۋەر قىلىپ تۇراتتى. تاغىلىرىم شۇلارنىمۇ قوشۇپ ئائىلىسى بويىچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

بۇ جەرياندا دادامنىڭ ئابدۇمۇتەللىپ، مۇسەللىم دېگەن ئىنىلىرىمۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن. 40 ماشىنا ئەسكەر بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىككى كوچىنى قورشاپ، تاڭ ئاتقۇچە يەنە بامداتقا ئەزان چىققانغا قەدەر ئېتىشقان. شۇ كۈنى بوۋام مۆمىنجان ئۆمەر، تاغىلىرىم مۇسەللىم، ئابدۇمۇتەللىپ، ئابدۇرازاق، ئابدۇجاپپار، ئابدۇلمۇھەسسىن، يەنە دىلشات ئىسىملىك

تۇققىنىمىز بولۇپ يەتتە كىشى شېھىت قىلىندى. ئەتىسى ھېيت نامىزى ئىدى. مەھەللىنىڭ ئىچى پۈتۈن ئەسكەر بىلەن توشۇپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋى ئاستىدا، يەتتە شېھىتنىڭ ئىككىسىنى تاۋۇتقا سېلىپ، قالغان بەش كىشىنى ھارۋىلاردا سۆرەپ ئاپىرىپ، مەھەللىمىزدىكى قەبرىستانلىققا ئۇزۇن قىلىپ قەبرە كولاپ، يەرلىككە قويدى.

دادامنىڭ ئەڭ چوڭ ئىنىسى ئابدۇلئەھەت ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن تىرىك تۇتۇپ كېتىلگەچكە ھايات قالغان بولۇپ، ئۇنى بىر يىلدىن كېيىن قويۇپ بەرگەن. تاغام ئابدۇرراق مۆمىنىنىڭ سەككىز ئايلىق ئوغلى شۇ كۈنكى قارشىلىقتا شۇ ئۆيدە ھايات قالغان، ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرى... ئۇنى قۇلۇم - قوشنىلار ئېلىپ كېتىپ، ئاپىسى تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر بېقىپ تۇرغان.

شۇ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى ئادەم تۇتىدىغان 40 - 50 كىشىلىك يېڭى بىر ئاپتوبۇس بىلەن كەلگەن بولۇپ، دادامنىڭ ئىنىلىرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. ساقچىلار بىزگە 100 مىڭ يۈەن زىيان سالدى دېگەن باھانە بىلەن، بىزنىڭ ئۈچ يېرىم مو كېلىدىغان قورۇ - جايىمىزنى، ئات - كالا، قوي، گىلەم، كىگىز - كېچەك قاتارلىق پۇلغا يارايدىغان ھەممە نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلدى. دەرۋازىلىرىمىزغا «كىرىشكە بولمايدۇ» دېگەن يوغان قەغەزلىرى بىلەن پېچەت ئۇرۇۋەتتى...

ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۆينىڭ تاملىرىنىڭ ساق يېرى يوق، پۈتۈن پېشايۋان، دېرىزە، ئىشىكلەر ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن. ئاپاملار يوتقان، كىگىزلەر بىلەن دەرىزىلەرنى ئوقلاردىن توسۇپ قاپتىكەن، ئوقلار يوتقانلارغا تۇتىشىپ، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ كەتكەن. بىر كېچىنى ئۇ ئۆيدە ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ھېكايىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

دادام نۇرمۇھەممەت مۆمىن، قاغىلىقتىكى ئابدۇلھېكىم مەخسۇمنىڭ شاگىرتى بولىدۇ. دادام 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. دادام قاغىلىقتىكى ئابدۇلھېكىم مەخسۇمدا ئوقۇپ، 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن. دادام بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىل ئىككىسى غۇلجىنىڭ ياشلىرىنى تەربىيەلەيمىز دەپ غۇلجىغا كەلگەن ئىكەن. كېيىن بۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئىبراھىم ئىسمائىل قېچىپ كەتكەن، دادامنى بارىن ۋەقەسىگە قاتناشتى دېگەن باھانە بىلەن 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قولغا ئېلىپ، سەككىز يىل كەستى، ئۈچ يىل ئوبلاستلىق قاراخوزىدا ياتتى، ئىككى يىل كۈنەس ناھىيەسىدىكى قارا بۇغرا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ياتتى. 1997 ـ يىلى ئائىلىمىزدە بۇ ۋەقەلەر چىققاندىن كېيىن، دادامنى ئۈرۈمچىدىكى 3 ـ ستانىك دېگەن تۈرمىگە، يەنى 3 ـ تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىپ، 2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بەرگەن. كېيىن دادامنىڭ مەن بىلەن بىر قېتىم ئالاقە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يەنە ئۈچ يېرىم يىل كەسكەنلىكىنى بىلەتتىم، كېيىن باشقىلاردىن دادامنىڭ قويۇپ بېرىلمىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر 21 يىل ئاۋۋال تۈركىيەدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارغىمۇ بېسىلغان ئىدى، مەن شۇ كۈنى بىر كېچە يالاڭئاياق تالادا، قارنىڭ ئۈستىدە قالغان ئىدىم. ئەگەر تەپسىلىي يازمەن دېسىڭىز، يەنە تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتىپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

مېنىڭ قېرىندىشىم ئابدۇراھمان قارىمنىڭ دادىسىمۇ 1997 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال تۇتۇپ كېتىلگىنچە، 21 يىلدىن بېرى ئۈرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسىدە يېتىۋاتىدۇ. بېلىنىڭ تۆۋىنىدە جان يوق،

پالـەچ ھالەتتـە يېتىۋاتـىدۇ. بىزنىـڭ ھەممـە يېرىمىـز قان ـ قىساس بىلـەن تولـۇپ كەتتـى. مەقسـەت ـ غايىلىرىمىزگـە يېتەلمەيۋاتقـان بولساقمۇ، ئاللاھ قەلبلىرىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچى، بۇ نىشانىمىزدىن بىـر كۈنمـۇ يېنىـپ باقمىـدۇق. بىلىسـىز، ئۆلۈمگـە ئىنتايىـن يېقىـن بىـر يـەردە تۇرۇۋاتىمىـز. بىـر ئىشـلار ئۈچـۈن مەنپەئەتلىـك بولـۇپ قالسا ئىبىسىمگە كەلگەننـى ئىيتىـپ بېرىمـەن ئىنشائاللاھ.

ئـۇ كۈنـى سـاقچىلار، تاغام ئابـدۇرازاق مۆمىننـى 5 ـ فېـۋرال ۋەقەسـىگە قاتنىشىپ، قېچىـپ چىققانـلار مۇشـۇ ئۆيگـە يوشـۇرۇنغان دېگـەن گۇمـان بىلـەن تۇتقىلـى كەلگـەن. تاغامنىـڭ ئەتراپىـدا گېپىنـى ئاڭلايدىغـان ئادەملەرمـۇ ناھايىتـى كـۆپ ئىـدى، شـۇ ۋاقىتـلاردا ئۆيىمىزگـە كېلىـپ ـ كېتىدىغـان باللارمـۇ كـۆپ ئىـدى. «قانـداق قىلىمىـز؟ بىـز چىقامـدۇق؟ قاچـان چىقىمىـز؟» دېگەنـدەك گـەپ ـ سـۆزلەر بولۇنـۇپ تۇراتتـى. دادامنىـڭ ئىنىسـى ئابدۇرازاق يېتىشـكەن قارى بولـۇپ، شـۇ ۋاقىتـلاردا ئۆيىمىـزدە 100 ـ 200 بـالا ئوقۇيدىغـان مەدرىسـە بـار ئىـدى. دادام تۈرمىگـە كىرگەندىـن كېيىـن، تاغاممـۇ 1992 ـ يىلدىـن باشـلاپ تۈرمىگە كىرىـپ چىقىـپ تـۇردى. تاغامنىـڭ ئـۇ كۈنكـى ۋەقەگـە قاتناشـقان ـ قاتناشـمىغانلىقىنى ئېنىـق بىلمەيمـەن، ئەممـا تاغـام شـۇ كۈنلەردە ئىككـى ـ ئـۈچ كـۈن ئۆيـدە يـوق ئىـدى.

# 15 - قسىم

## ئۇيغۇر مەھەللىلىرى مۇستەھكەم قورغان

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر پۇتبولى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى. گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيادا ئىنتايىن قۇدرەتلىك دەپ قارالغان بىر ھەربىي كۈچ كونترول قىلىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتلىرى بىلەن ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ، خىتاينىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە يۈرگۈزگەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى مەنسىتمەي كەلدى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۆلمىسۇن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۆلمىسۇن، مىللەت ئۆلمىسۇن.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولىدۇ. بۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغانغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەتلىك بايلىقى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئويناغان ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلىپ كەلگەن مۇستەھكەم قورغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار روھىيىتىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن.

«ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە غەربنى ئېچىش» دەيدىغان

شېكەر يالتىلغان شوئارلار بىلەن، ۋەتىنىمىزگە، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىگە بۆسۈپ كىرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەھەللىلىرىنى دەسسەپ چەيلىدى. گۈل گىياھ، باغۇ - چىمەنزار بىلەن چىقىشالمايدىغان خىتاي ئاققۇنلىرى، قوغدىلىدىغان نى - نى قىممەتلىك رايونلىرىمىزنى، باغۇ - بوستانلىقلىرىمىزنى، ساياھەت رايونلىرىمىزنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇلار بىرمۇ خىتاي ئارىلىشىپ باقمىغان ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ھېس قىلاتتى. بۇ مەھەللىلەر ئۇلار ئۈچۈن گاھ خۇددى شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان تىسۇنامىنى ئەسلەتسە، گاھ غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان شىر، يولۋاس ۋە بۆرىلەر توپىنى ئەسلەتتى. ھەر كۈنى چارلاش ئېلىپ بارىدىغان خىتاي ئەسكەرلىرى نەزىرىدىكى غۇلجا مەھەللىلىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق جاي ھېسابلىناتتى. ئۇلار يىراق جېجياڭ، جياڭسۇ قاتارلىق ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى.

دەرھەقىقەت، ئۇلار شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن بۇيان سۈنئىي ھالەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ كەلدى. ئەسكەرلەر، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە بىڭتۈەنى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ۋەتەندە خىتايلارنىڭ بىر كۈنمۇ ئارامىدا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

غۇلجا شەھىرىدىكى مەشھۇر تاشلەپكى بازىرىدىن شىمالى يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، ئۆزبېك مەھەللىسى، دۆلەتباغ

مەھەللىسى، تۇپ تېرەك مەھەللىسى، تاجىۋاي مەھەللىسى، تۆرەم مەھەللىسى، غوپۇرباي مەھەللىسى، قازانچى مەھەللىسى، كۆنچى، ئۈچ دۇككان، تۆت دۇككان، تۆپچى مەھەللىسى، تاشكۆۋرۈك مەھەللىسى، ئاغۇ مەھەللىسى قاتارلىق سانجاق - سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. شەرقتىن غەرپكە، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مەھەللىلەر تۇپى، گاھ مۇستەھكەم پولات زىنجىرلەر تۇپىنى ئەسلەتسە، گاھ مۇرنى - مۇرىگە تىرەپ مىللىي كىملىكنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قاراۋۇللارغا ئوخشايدۇ.

بۇ مەھەللىلەر، رىۋايەتلەردىكى يېرىلىك تاشمدەك يېرىلىپ، قانچىلىغان زۇلۇم ۋە قىيىن - قىستاق ئازابىدا ئىڭرىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ باش پاناھ بولۇپ كەلدى. مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ پولات قورغان، خىتاي قوغلىغان قانچىلىغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئۇلارغا پاناھلىق بەردى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى تىپ - تىنچ ۋە چەكسىز كەتكەن دېڭىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بارلىق ئىنقىلابلارنىڭ ئوچىقى ئىدى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى «مەھەللە» دېگەن نامى بىلەنلا خۇددى خىتايغا قارشى يوشۇرۇن يەر ئاستى تەشكىلاتىغا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، كۈلكە - چاقچاق، ساز - نەغمىلىرى بىلەن بىغەم ۋە بىخۇددەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئويغاق ۋە ھوشيار ئىدى.

بىزنىڭ سانجاق - سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىرىمىز خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان 60 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداپ قېلىشتا مۇھىم

ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

مەھەللىسى بولمىغان مىللەتنىڭ ھېچنىمىسى بولمايدۇ. ئۆز مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك غەزىنىسىدىن، ئۆزلىكىدىن تېز يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي - توكۈن، نەزىر - چىراق، مەشرەپ، كۈلكە - چاقچاق، لەتىپە سورۇنلىرى ۋە پۇتبول سۆيەر روھى، خىتاي سىياسەتۋازلىقى ۋە شوئارۋازلىقىدىن خالى خاسلىقلاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۇيغۇر بولۇپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. غۇلجا خەلقى ھەر قايسى دەۋرلەردە بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈلپەت ۋە زۇلۇملارنى مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش پۇرىقىغا باي مەھەللىلىرى ئارقىلىق يېڭىپ كەلگەن.

سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىلتىز تارتىپ مۇستەھكەملىنىپ كەلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ئىلى خەلقىنىڭ خىتاي ئېلىپ كەلگەن شۇنچە زۇلۇملارنى يېڭىپ، روھى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يەنە بىر مۇستەھكەم پولات قورغاندۇر.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ناخشا ئەمەس، داستان.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ناخشا ئەمەس، بەلكى خىتايغا قارشى نامايىشلاردا توۋلانغان شوئارلارنىڭ مۇزىكا بىلەن كىرىشتۈرۈلۈشى.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ناخشا ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرىنىڭ ئاغزاكى ساقلىنىپ قېلىشى.

ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئىلى چاقچاقلىرى ئۆز -ئارا گىرەلىشىپ - چىرمىلىشىپ كەتكەن تەن بىلەن جاندۇر. غۇلجا مەھەللىلىرى

ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئىلى چاقچاقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ تاۋلىغان ئاق باش ئانا.

ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ غۇلجا شەھرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەندىشىسى، ئۆزئارا گىرەلىشىپ - جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئىدى. خىتايلار نەزىرىدە ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بۆككىدە قاراڭغۇ ۋە سىرلىق ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىغا ئوخشايتتى.

خىتايلار، بىرمۇ خىتاي ئارىلاشمىغان ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. خىتايلار ئۇيغۇر مەھەللىرىگە مائاشلىق ئايغاقچىلار ۋە قۇلاقلارنى يەرلەشتۈرۈپمۇ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

بۇ چەنتۈلارنىڭ مەھەللىلىرى خەتەرلىك، ئۇلارنىڭ بۇ توپىنى بۇزۇۋېتىش كېرەك، كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىش كېرەك دەيتتى يۈرەكلىرى ئېچىشقان ھالدا.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇر مەھەللىرىگە بۆسۈپ كىرىش ۋە بۇزۇپ - چېقىش پىلانىنى تۇنجى بولۇپ 90 - يىللاردا غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىدا باشلىدى. ئۇلار خەنبىڭ يېزىسىدا «تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن، دەسلەپتە 40 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ قولىغا 40 - 50 مىڭ سومدىن پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، بۇ ئالتۇن قوزۇقنى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئاققۇن خىتايلارنىڭ تاۋار ئۆي سېتىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيىدە ماكانلىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ ئاققۇن خىتايلار خەنبىڭ يېزىسىدا يۈزلەرچە ۋە مىڭلارچە تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، 50 ياكى 60 كىۋادرات مېتىرلىق تاۋار ئۆيلەرنى نەچچە يۈز مىڭ يۈەندىن سېتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن قىسقىغىنا

ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن تېز بېيىپ كەتتى. بۇ زېمىننىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان خەنىبىڭ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇ ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى.

ئەسلىدە بۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاتالمىش «تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئەمگەكسىز قالدۇرۇش ۋە نامراتلاشتۇرۇش، خۇددى سۇسىز قاغجىرىغان چۆل ـ جەزىرىدەك تاشلاپ قويۇش ھىيلىسى ئىدى. دېھقان، ئەلۋەتتە يەر بىلەن دېھقان.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللى ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانىي ھەقلىرىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ رايونلاردا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى يەنىلا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ، پاي قوشۇش، يەر چىقىرىش ۋە ھۆكۈمەت بانكىدىن قەرز ياردىمى بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇنداق تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بېيىش يولىغا باشلىغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان سۈيىقەست ۋە پىلانلار يوشۇرۇنغان ئىدى. مەقسەت، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى نامراتلاشتۇرۇش ئىدى.

2000 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، «شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش» دېگەن نام ئاستىدا، غۇلجا شەھرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ئۈچ دەرۋازا، نوۋىيگۇرت قاتارلىق مەھەللىلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنى ئەرزان باھادا مەجبۇرى سېتىۋېلىپ، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. ئەسلىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تارىخى كوچىلارنىڭ ناملىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، جياڭسۇ يولى، سىچۈەن يولى دېگەندەك ناملارنى قويدى. ئەسلىدىكى بۆككىدە

ئاق تىرەكلىك، ئىرىق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۈچ دەرۋازا كوچىلىرىنى بۇزۇپ دەسسەپ - يەنجىپ، نۇرغۇنلىغان تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتاي ئاققۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. 2000 - يىللاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىپ بارغان شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش سۈيىقەستىدە نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋەيران بولدى.

«بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار» ناملىق كىتابنى يازغان كانادالىق يازغۇچى روبېرت، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەرەققىيات رايونى قۇرۇش بانىسىدا قەشقەر ۋە غۇلجا قاتارلىق قەدىمى شەھەرلەرنى چېقىۋاتقانلىقىدەك تاكتىكىنى، ئەينى چاغدا ناپالېئوننىڭ پارىژنى ئىشغال قىلىشتا ئىشلەتكەن تاكتىكىسى بىلەن ئوخشاش دەپ يازغان.

روبېرتنىڭ قارىشىچە، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىشتا تاللىغان ئوڭاي يولى بولۇپ، ئەگەر ئۈز مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانلار ۋە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى سادىر بولغاندا، تاجاۋۇزچى ئارمىيە قىسىملىرى ۋە تانكىلىرىنىڭ شەھەرگە بىمالال كىرىشىگە قولايلىق بولىدىكەن. ناپالېئون ئەينى چاغدا پارىژنى ئىشغال قىلىشتا قوللانغان بۇ شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تاكتىكىسىنى، كېيىنكى مەزگىلدە فىرانسىيە ئالجىرىيە ۋە تۇنىسنى بېسىۋالغاندىمۇ قوللانغان. مۇستەملىكىچىلەر ھەر ۋاقىت مۇستەملىكە تاكتىكىلىرىنى ئۆزئارا شىرىكلىشىپ ئىشلىتىپ كەلگەن.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش، غەربنى ئېچىش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش دېگەندەك چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر بىلەن، بىرىنچىدىن سانجاق - سانجاق

ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يوق قىلىدى. ئىككىنچىدىن، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن يۆتكىدى.

سوۋېتلار ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ سەددىچىندىن ھالقىپ ۋەتىنىمىزگە يامراپ كېتىشىنى مۇداپىئە قىلىدىغان پولات قورغان.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، تىبەت، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارغا قاراتقان مۇستەملىكە سىياسىتى ئىچىدە، ئىچكى موڭغۇلنى مۇستەملىكە قىلىش ئۇسۇلىنى پۈتۈن خىتايغا ئۈلگە دەپ قارايدۇ. چۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئىچكى موڭغۇلدىكى تەبىئىي يايلاقلارنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق، ئىچكى موڭغۇلدا ئىنتايىن خەتەرلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بەدىلىگە، سانسىزلىغان خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئىچكى موڭغۇلغا يۆتكەپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ھازىر ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئاران 17% موڭغۇل قالغان بولۇپ، شەھەر نوپۇسىنىڭ 83% خىتاي ئىكەنلىكى مەلۇم. تېخى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھرىدە موڭغۇل نوپۇسى 10% گە چۈشۈپ قالغان.

«5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىڭ قەھرىمان شېھىت ـ لىرىدىن ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت، تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇسالام قارىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئابدۇۋەلى ئابا ـ بەكرى ۋە بىز ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان نۇرغۇنلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر شېھىتلىرىنى، مانا مۇشۇ سوۋېتلار ئۇيغۇر مەھەللىلىرى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «تېررورچى» دەپ قوغلاپ كەلگەندە، خۇددى يېرىلىڭ تاشىمدەك يېرىلىپ ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان. 1998 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن ئۈچۈن توقۇنۇشىدا

شېھىت بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەينى، ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ قانداق قويىنغا ئالغانلىقى ھەققىدە ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان، شېھىت تۇرسۇن سەلەينىڭ قېيىنئىنىسى تاھىر مىجىت مۇنداق دەيدۇ:

ئايالىم بۇسارەمنىڭ ئاكىسى تۇرسۇن سەلەي، يەنى تۇرسۇن مەمەت ئاكىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا «مەن سىلەرگە ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇپ بېرىمەن» دەپ يالغان ۋەدە بېرىپ، غۇلجا شەھىرىدە قېچىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، غۇلجا خەلقى تۇرسۇن سەلەي ئاكىمىزنى يوشۇردى، قوغدىدى ۋە ئۆز پاناھىغا ئالدى. شۇڭا تۇرسۇنمەمەتكام بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەي، ئاخىرى ئۇچۇن ۋەقەسىدە ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك ۋە پۇخادىن چىققۇدەك ئېتىشىپ، خىتاينىڭ لوگفېي ۋە نۇرلان دېگەن ئىككى ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلىرىنى يارىدار قىلىپ، ئاخىرىدا قەھرىمانلارچە شېھىت بولدى. بۇ جەرياندا غۇلجا خەلقى بۇ قەھرىمان ئوغلىنى ئۆز قويىنغا ئالدى.

مۇۋەپپەقىيەت ئىنسانغا كۆپ نەرسىلەر ئۆگىتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما مەغلۇبىيەت كۆپ نەرسىلەر ئۆگىتىدۇ. گەرچە «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي كۈچى ئارقىلىق مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

غۇلجا مەھەللىلىرى، «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مىللىي، دىنى ۋە روھى ئويغۇنۇش ھەرىكىتىنى بەرپا

قىلغـان يىلتىـز. «مـەن كىـم؟» دېگـەن سـوئال ئاسـتىدا ئـۆز ـ ئۆزىنـى ئىـزدەش، ئـۆز ـ ئۆزىنـى سـىلكىش روھىنـى يېتىلدۈرگـەن مەشـھۇر مەشـرەپ پائالىيىتـى، ئەنـە شـۇ غۇلجـا مەھەللىلىرىـدە تۇغۇلغـان، تاۋلانغـان ۋە پارتلىغـان.

# شېھىتلىرىمىزنى بولسىمۇ ئىككىگە بۆلمەيلى

ئۆتكەن يىلنى تۇخۇم بالدۇر چىقتىمۇ ياكى چۈجىمۇ؟ تاخلاپتىمۇ ياكى قىرقىپتىمۇ؟ ئاپتونومىيەمۇ ياكى مۇستەقىللىقمۇ؟ مەن ئەينەكنىڭ ئىچىدىمۇ؟ ياكى ئەينەك مېنىڭ ئىچىمدىمۇ؟ يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنامدۇ؟ ياكى ئوق يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىمۇ؟ دېگەندەك ئەھمىيەتسىز ۋە مەنىسىز سوئاللار بىلەن بىر يۇرۇش چاتما تەزگاللار قۇرۇپ، بۇگۈن قىلغان گېپىمىزنى ئەتىسى ئۆزىمىز ئىنكار قىلىپ، بۇ كۈلكىلىك داۋا ئىنكارچىلىقىمىزنى، مەنتىقە ئىنكارچىلىقىمىزنى بازارغا سېلىپ، يايما قىلىپ سېتىپ يۈردۇق.

ئاڭلىسام بەزىلەر تېخى «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىڭ شېھىتلىرىنىمۇ 5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققان شېھىتلار، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا شېھىت بولغان شېھىتلار دەپ ئىككىگە ئايرىۋاپتۇ. ۋاي... ۋاي... ۋاي... ئىست شۇنداق قىلغۇچىلارغا!

بۇ دۇنيانى ئىككىگە بۆلۈش ئىشىڭ بازار تاپالمىغاندىن، ئەمدى ئۇ دۇنيادىكى شېھىتلەر ئالىمىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈپ قالايمىقان قىلىپ باقاي دېدىڭمۇ؟

خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى ۋەتەن تۇپرىقىدا، خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ شېھىت بولغانلارنىڭ ھەممىسى، ۋەتەنىنىڭ ھۆرلىكى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا قۇربان بولغان شېھىتلەردۇر. ئۆتكەن يىلى نىدا رادىيوسى، 14

قىسىمدىن تەركىب تاپقان «5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى» ناملىق ھۆججەتلىك رادىيو پىروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» ھەققىدە يۈزەكى چۈشەنچىسى بار دوستلار، بۇ پىروگراممىنى ئاڭلاپ باقسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىلا ئېتىراپ قىلىپ باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن كۆلۈمسىرەشنى ۋە چاۋاك چېلىشنى بىلمەيدىغان «ئەقلى ئەمگەك ئىنكارچىلىرى» بۇنىڭ سىرتىدا.

بۇ كۆلكىلىك ئايرىشقا قارىتا مەن، 5 ـ فېۋرال نامايىشى ۋە 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھرىنىڭ ھەممە مەھەللىسىدە يامراپ كەتكەن مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنى، ئۆزلىرىگە قارشى مەخپىي يەر ئاستى تەشكىلاتى دەپ چۈشەندى. خىتاي ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالغىنى، ئىلگىرى ئاق تاماكا چېكىدىغان، ھاراق ئىچىپ دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان ياشلارنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىشى ئىدى. «قانداق بىر كۈچ بۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟» دېگەن سوئال خىتاي ساقچىلىرى ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ پېيىغا چۈشۈشىگە سەۋەب بولدى. ئۇندىن باشقا ئىلگىرى ئاق تاماكا چېكىپ قېتىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە، خىتتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان تەبلىغچىگە، نەچچە مىڭلاپ كىشى تەبلىغنى ئاڭلايدىغان ناتىققا ئايلىنىشى، خىتاينى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە ئىدى. نىمە ئۈچۈن ئاق تاماكا چېكىدىغان، ئاران ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، يەنە كېلىپ خىتاي مەكتەپتە ئوقۇغان

ئابدۇخېلىل مىجىت بىردىنلا غۇلجا شەھىرىدىكى تەسىرى زور، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى تەرەپلىرىدىكى شەھەرلەردىمۇ كېلىپ تەبلىغنى ئاڭلايدىغان، باشقىلار ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان بىر تەبلىغچىگە ۋە ناتىققا ئايلىنىپ قالدى؟ بۇ سوئالغا تاھا سۈرىسى جاۋاب بېرىدۇ.

ئاللاھ بىزگە ناھايىتى يۇقىرى يارىتىش مۆجىزىسى بىلەن سۆزلەش ئۇچۇن تىل بەردى. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ بىر پارچە گۆشنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ئاللاھ دىلى بىلەن تىلى بىر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ كىشى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆز ئانا تىلىنىڭ پىششىقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ مۇھىم مەيدانلاردا ئۇنىڭ تىلىنى باشقۇرۇشقا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تىلىنى كېكەچ قىلىپ قويىدۇ ياكى جۆيلىتىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ چەتئەللەردىكى ئەڭ مۇھىم داۋا مەيدانلىرىدا شاھىت بولدۇق. ئاللاھ خالىسا، قەلبى بىلەن دىلى بىر بولغان، ئاق تاماكا چېكىپ ھاياتى خەتەر ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئابدۇخېلىل مىجىتقا ئوخشاش ئاددىي كىشىلەرنىڭ تىلىغا ناتىقلىق ۋە گۈزەللىك بېرىپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ناتىقىغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، غۇلجىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىدا لېكسىيە سۆزلەيدىغان ناتىققا ئايلىنىشى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

تاھا سۈرىسىدە ئاللاھ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدىكى دىيالوگى سۆزلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ يەردە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تەبلىغ قىلىشقا تاللىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا ئازراق ئېغىرلىق بار بولغاچقا، ئۇ ئاللاھقا «ئى ئاللاھ! تىلىمدىكى ئېغىرچىلىق ۋە كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دەپ

دۇئـا قىلـدۇ. تاھـا سۈرىسـى 24 ـ ئايەتتىـن 28 ـ ئايەتكىچـە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئـۆز تىلىدىكـى نۇقسانلارنى تـۈزەپ بېرىـش ئۈچـۈن ئاللاھقا قىلغـان دۇئالىـرى بايـان قىلىنىـدۇ.

دۇنيادىكـى مەشـھۇر دەۋەتچـى دوكتـور زاكىـر نايىـق، دۇنيانـى ئايلىنىـپ ئىسـلام دىنىنىـڭ تىنچلىـق دىنـى ئىكەنلىكـى ھەققىـدە لېكسىيە سـۆزلەش جەريانىـدا، بىـر خانىمنىـڭ ئۇنىڭدىـن سورىغان مۇنـداق بىـر سـوئالىغا دۇچ كېلىـدۇ. ئـۇ خانىـم مۇنـداق دەيـدۇ: «سـەن قانـداق قىلىـپ بىـر مىليونغـا يېقىـن ئادەم لېكسـيەڭنى ئاڭلايدىغـان ھالەتتـە ئاجايىپ بىر ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ قالدىڭ؟» . بۇنىڭغـا دوكتـور زاكىـر نايىـق مۇنـداق دەپ جـاۋاب بېرىـدۇ: «مـەن ئەسـلىدە بىرسـى مەندىـن ئىسمىڭ نېمە دەپ سورىسا، كېكەچلىگـەن ھالەتتـە ئارانـلا جاۋاب بېرەلەيدىغـان بىرسـى ئىدىـم. ئاللاھقـا تىلىمدىكـى كېكەچلىكنـى كۆتۈرۈۋېتىـش ھەققىـدە كـۆپ دۇئـا قىلدىـم. ئاللاھ تىلىمدىكـى كېكەچلىكنـى كۆتۈرۈۋەتتـى ۋە مەشـھۇر ناتىققا ئايلاندىـم» .

5 ـ فېـۋرال غۇلجـا ئىنقىلابىنىـڭ شـاھىتلىرى مۇنـداق دەيـدۇ: غۇلجىنـى مەركـەز قىلغـان، پۈتـۈن مەھەللىلەرگـە ئۆمۈچـۈك تورىـدەك يامرىغـان مەشـرەپ گۇرۇپپىلىرىنىـڭ، پەقەتـلا مەشـرەپنى ئىزچىـل داۋاملاشـتۇرۇش مەقسـىتى بـار بولـۇپ، نامايىـش قىلىـپ كوچىلارغـا چىقىـش ئـەڭ ئاخىرقـى چـارە ئىـدى. ئەممـا مەشـرەپنى بىـر تەشـكىلات دەپ ئىنتايىـن قاتتىـق ئەنسىرىگەن خىتـاي ھۆكۈمىتـى، ئەسـلىدە ئـاق چېكىدىغـان ئابدۇخېلىـل مىجىتنىڭ ئەينـى چاغدىكى ئامېرىكىلىـق مارتىـن لۇتېـر كىنگـدەك، ئـۆز خەلقـى ئىچىدىـن تاۋلىنىـپ چىقىۋاتقانلىقىدىـن تېخىمـۇ ئەنسـىرىدى. شـۇنىڭ بىلـەن تۇنجى بولـۇپ مەشـرەپ پائالىيىتىنـى بـۇزۇش ئىشـىنى، ئابدۇخېلىل مىجىـت يېتەكچىلىـك قىلىۋاتقـان مەشـرەپ گۇرۇپپىسـىنى بۇزۇشـتىن باشـلىدى. ھەر كۈنى بۇ مەشـرەپ گۇرۇپپىسـىدىكى 5 تىن 10 غىچە يـاش تۇتقـۇن قىلىنىـپ ئىـز ـ دېرىكـى بولمايتتـى. شـۇنداق قىلىپ

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئابدۇخېلىل يېتەكچىلىكىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىسى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت ئەڭ ئاخىرقى تەدبىر بولغان نامايىشقا چىقىشنى قارار قىلدى. چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋە غۇلجا ياشلىرىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى ھېچ بولمىغاندا دۇنياغا جاكارلاپ ئۆلۈپ كېتىش يولىنى تاللىغان. شۇنداق قىلىپ 1997 - يىلى 5 - فېۋرال غۇلجا نامايىشى مەيدانغا كەلگەن. نامايىشقا پەقەت غۇلجا شەھىرىدىكى قارادۆڭ، قارىۋاي مەھەللىسى، تۆپچى مەھەللىسى، غاپپار باي مەھەللىسى، كۆنچى، تۆت دۇككان، تۆرەم مەھەللىسى قاتارلىق مەھەللىلەردىكى 300 گە يېقىن ياش چىققان. ئەمما بىر - ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، غۇلجا شەھەر خەلقىنىڭ بۇ نامايىشچىلار توپىغا قوشۇلۇشى بىلەن، نامايىشچىلار قوشۇنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە مىڭدىن ئاشقان. ئاقىۋەتتە خىتاي دائىرىلىرى ئابدۇخېلىل مجىت باشچىلىقىدىكى بارلىق نامايىشچىلارنى قولغا ئېلىپ، ئىتلىرىغا تالاتقان ھالەتتە ماشىنىلارغا بېسىپ ھەرقايسى تۈرمىلەرگە ئېلىپ كەتكەن.

يەنە، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى شاھىتلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ جەرياندا تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئابدۇخېلىل مجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىسىدا نامايىشقا چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسىدە ئازراق ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى نامايىشقا چىقىشنى ئانچە ئاقىلانە بولمىغان چارە دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇلارنىڭچە، ئەگەر نامايىشقا چىقسا، خىتاي ھۆكۈمىتى نامايىشچىلارنى دەرھال قولغا ئالاتتى ۋە ئېغىر قىيىن - قىستاققا چىدىمىغان ياشلار، نۇرغۇن نەرسىلەرنى پاش قىلىۋېتىپ قالاتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى 1 ـ باسقۇچتا ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت يېتەكچىلىك قىلغان 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى ھەربىي كۈچ ئىشلىتىپ، بىر كۈننىڭ ئىچىدە سىپىرىپ ـ سۈپۈرۈپ تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن، نىشانىنى تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇۋەلى ئابابەكرى قاتارلىق باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ يىگىت باشلىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا قاراتتى. نەتىجىدە غۇلجا شەھرىدە 5 ـ فېۋرال غۇلجا پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلاندى. ئىلى دەريا بويىدا، غۇلجا شەھەر سەي بازىرىدا، غۇلجا شەھەر بايكۆل مەھەللىسىدە ئۈچۈن، توخۇچىيۈز قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا، غۇلجا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ پارتىزانلىق ھۇجۇملىرى كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىپ، كۆپلىگەن خىتاي ساقچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھەر مۇز مەيدانىدا ئوچۇق سوتلار ئېچىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك جازالارغا ھۆكۈم قىلىپ تۇردى. خىتاي ھۆكۈمىتى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى قاتتىق كونترول قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. ئەمما شېھىت تۇرسۇن سەلەينىڭ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچۈن يېزىسىنى قاتمۇ قات قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى بىر دېھقاننىڭ قورۇسىغا قاپسىۋالغاندا، تۇرسۇن سەلەينىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، خەمىت قاتارلىق 5 نەپەر سەپدىشىنىڭ قورشاۋنى يېرىپ قاچقانچە تاكى ئالمۇتا قەدەر يېتىپ بېرىشىدا قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، بۇ 6 ـ 7 نەپەر پارتىزاننىڭ كېچىچە ئېتىشىپ، خىتاينىڭ ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن، تىررورلۇق ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىدىكى لوڭفېي ۋە نۇرلاننى

ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ ئالاھىدە قىسمىدىكى ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىر ئەسكەرنى ئېغىر يارىلاندۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى غۇلجا خەلقى، بولۇپمۇ ئۇچۇن خەلقى ياخشى بىلىدۇ.

تۇرسۇن سەلەينىڭ قەھرىمانلىق داستانى، نىدا رادىيوسى ئىشلىگەن جەمئىي 14 قىسىملىق رادىيو پىروگراممىسىدا، تۇرسۇن سەلەينىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان سىڭلىسى بۇسارەم سەلەي ۋە قېيىنئىنىسى تاھىر مجىتلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئەسلىملىرى ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا شېھىتلىرىمىزنى 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى شېھىتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا شېھىت بولغان شېھىتلەر دەپ ئىككىگە ئايرىش تولىمۇ كۈلكىلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى 1997 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن خىتاينىڭ ئۆز مەيلىچە تۇتقۇن قىلىشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان پارتىزانلىق ئىنقىلابى جەريانىدا شېھىت بولغان شېھىتلاردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، غۇلجا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجا خەلقى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا چېتىشلىق دەپ قارىلىپ خىتاي تۇتۇش بۇيرىقى چۈشۈرگەن، قوغلاپ يۈرگەن ياشلارنى قوينىغا ئالغان، قوغدىغان، ھەتتا چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولغان. ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھرىنىڭ نوپۇسى ئاران 300 مىڭ بولۇپ، ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان خىتاي ھەربىي قىسىملىرى، شۇنداقلا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن مەخسۇس يۆتكەپ كېلىنگەن 8660 ـ قىسىمنى قوشقاندا، غۇلجىدىكى خىتاي قوراللىق ساقچى ۋە ھەربىي قىسىملىرىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، ھەر 3 كىشىگە بىردىن قوراللىق ساقچى

ياكى ئەسكەر توغرا كېلەتتى. بۇنداق شارائىتتا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا چېتىشلىق بىر كىشىگە بىر قاچا تاماق بېرىش ۋە فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقىدا بىر كېچە قوندۇرۇشنىڭ ئۆزى، ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى جاسارەت ۋە مىللىي روھ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئەمما بۇ جاسارەتنى غۇلجا خەلقى قولىدىن كېلىشىچە كۆرسەتتى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى تارىخنىڭ ھەرقانداق زۇلمەتلىك دەۋرىدىمۇ ئۆزلىرىدىكى مىللىي روھنى يوقۇتۇپ قويغان مىللەت ئەمەس.

چەتئەلدە ئىسسىق ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇۋېلىپ، خەلقىمىز ـ نىڭ مىللىي روھىغا باھا بېرىش ھەددىمىز ئەمەس. بۇ خۇددى خانتەڭرىنىڭ بېشىدىكى ئاپئاق قارغا قاراپلا، بىر جانابىنىڭ ئۇنى تەسلىم بولغان ئاق بايراققا ئوخشاتقىنىغا ئوخشاش ئىش. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ھۆرلىكى يولىدا شېھىت بولغان شېھىتلىرىمىزنىڭمۇ ھېچ بولمىغاندا، تۈركلەرنىڭ چاناق قەلئە شېھىتلىرىنىڭكىدە شېھىتلىك داستانى بار. پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان بىرلا مېدالى بار. ئۇ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەھرىمان شېھىتلىرى. شېھىتلىرىمىزنى، ئاۋۇ مانىڭ شېھىتى، ماۋۇ ئانىڭ شېھىتى دەپ ئايرىيدىغان ھەققىمىز يوق. ھەممىسى پەقەت ۋە پەقەت ئانا ۋەتەننىڭ شېھىتلىرى. بۇ دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى، «زۇلۇم بالدۇر تۇغۇلدىمۇ ياكى كۈرەشمۇ؟» دېگەنىدەك سوئاللىرىمىز بىلەن نەچچىگە بۆلۈۋاتقىنىمىز يەتمىگەندەك، ئۇ دۇنيادىكى شېھىتلىرىمىزنى بولسىمۇ نەچچىگە بۆلمەيلى.

## مەشرەپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇش ۋە ئۆزگە قايتىش

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى سەركىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئوتتۇز ئوغۇل يىگىت بېشى بەلگىلەپ مەشرەپ ئويناش ۋە بۇنى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەممە مەھەللىلەرگە تەرەققىي قىلدۇرۇپ مەشرەپ زەنجىرى ھاسىل قىلىش، بۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق ـ شارابقا مەپتۇن قىلىش يولى بىلەن، ئۇيغۇر ياشلىرىنى مائارىپتىن، مەكتەپتىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ھىيلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ھېلىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى. ئەگەر بىز قاتتىق يىقىلىپ ئورنىمىزدىن تۇرالماي قالغان بولساق، چوقۇم بىر نەرسىگە تايىنىپ ئاندىن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇشىمىز ۋە ئەسلىمىزگە كېلىپ مېڭىشىمىز كېرەك. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجا ياشلىرى، مەۋجۇتلۇق ۋە يوق بولۇش مەسىلىسىدە، يىقىلغان جايىدىن دەس تۇرۇش مەسىلىسىدە چارىسىزلىق ئىچىدە تېپىرلىغان ئىدى. ئەمما ئۇلار چارىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلمەس ئەنئەنىۋى مىراسلىرى بولغان مەشرەپتىن ئىزدەپ تاپتى. مانا بۇ ئۇيۇشۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇيۇشقان ۋاقتىمىزدا چارە تاپالايمىز، ئاندىن ئۈمىد نۇرى كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەن تۈركچە سۆزلۈكلەر ئىچىدىكى «ئەلەشتىرى» دېگەن سۆزنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئەلەشتىرى ـ تەنقىدلەش، مۇنازىرە قىلىش، باھا بېرىش دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئىلەشتۈر» دېگەن سۆز بار بولۇپ، بىز

بۇ سۆزنى قوچۇش، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىمىز. مەسىلەن: قازاندىكى سۇيۇقئاشنى ئىلەشتۈرۈش، پولۇنىڭ ئاستىنى ئۈستىگە قىلىپ ئىلەشتۈرۈش. ئانام رەھمەتلىك «قازاندىكى ئۈگرە سۇيۇقئاشنى ياكى شورپىنى قانچە كۆپ سورۇپ تۇرساق، يەنى ئىلەشتۈرۈپ تۇرساق شۇنچە تاتلىق ئوخشايدۇ» دېگەن ئىدى. ئەينى يىللاردا خىتاينىڭ مەقسەتلىك ھالدا ساختا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تۆكمە قىلىپ سېتىشى نەتىجىسىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى 60%تىن ئارتۇق ياش زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە ئۇلار ھاڭغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى قوچۇپ، ئىلەشتۈرۈپ، سورۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئەينى يىللاردىكى غۇلجا شەھىرىنى ئاساس قىلغان، غۇلجا مەھەللىلىرىدە يىلتىز تارتقان، قايتا ئەسلىگە كېلىشىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۆشۈكى مەشرەپ، مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى قوچۇش ۋە ئىلەشتۈرۈشتىن مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەلۋەتتە ئۆزىنى قوچۇش ۋە ئىلەشتۈرۈش، «مەن كىم؟ قىممەتلىك نەرسىلىرىم نېمە؟ مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم؟» دېگەن تەپەككۇرلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار، يەنى غۇلجا 5 - فېۋرال سەركىلىرى بۇنداق تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا مەشرەپتىن ئىبارەت بىر قىممەتلىك بايلىقىمىزنى تېپىۋالدى ۋە بۇنى ئورنىدىن دەس تۇرۇش ۋە ئۆزگە قايتىشىنىڭ چارىسى سۈپىتىدە قوللاندى. ئاللاھ ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئوڭشىلىش يولى ئېچىپ بەردى. چۈنكى ئاللاھ يىغلاڭغۇ، مېشچان دۇئالىرىمىزغا ئەمەس، بەلكى ئۆز قولىمىز بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىزغا، چارىسىزلىك ئىچىدىن چارە ئىزدىگىنىمىزگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر ئۆمۈر تاپقان - تەرگىنىنى سېتىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ خانىۋەيران قىلغان،

غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى قورۇپ چىققان ساختا زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنى تەربىيەلەش مەركىزىگە، قانچىلىغان 10 مىڭ يۈەن پۇللارنى تاپشۇرۇپمۇ زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنى تاشلىيالمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى، مەشرەپ ئارقىلىق ئوڭشىلىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. مانا بۇ ئاللاھ رەئىد سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان «بىر قەۋمنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ياكى ئۆزگەرتىشكە ئۆتمىگۈچە، مەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايمەن» دېگەن ۋەدىسىنىڭ رېئاللىقتا ئەمەلىيلىشىشى ئىدى.

شۇنداق، بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە مانا مۇشۇنداق ئۆز قازىنىمىزنى قوچۇپ، ئىلەشتۈرۈپ باقىدىغان بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدۇق. ھە دېسە، باشقىلارنىڭ قازىنىنى توختىماي ئىلەشتۈرۈۋاتىمىز. باشقىلارنى كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىش جەھەتتە خىتاي يولغا قويغان يۈز تونۇش تېخنىكىسىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قوياي دەپ قېلىۋاتىمىز. ئۆز ئۆزىنىڭ قازىنىنى بەكرەك ئىلەشتۈرەلىگەن كىشىلەرلا، خۇددى 5 ـ فېۋرال غۇلجا سەركىلىرىدەك ئورنىدىن دەس تۇرالايدۇ ۋە ئۆز ئۆزىگە قايتالايدۇ. بىر مەشرەپ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ ئاللاھنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

ئەقلىمىزنى، ئىمانىمىزنى، ئىرادىمىزنى ۋە ۋىجدانىمىزنى ياخشى ئىلەشتۈرەيلى. ئادەم باشقا، ئادىمىيلىك باشقا؛ ئەر باشقا، ئەركەكلىك باشقا؛ زىيالىي باشقا، زىيالىيلىق باشقا. بۇ يەردىكى «ـ لىق» قوشۇمچىسى تاۋلانغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى قېتىقنى ئۇيۇتۇش ئۈچۈنمۇ خېمىرتۇرۇچ مۇھىم بولغاندەك، بۈگۈنكى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان كۆڭلىرىمىزدىمۇ قېتىقتەك ئۇيۇشىمىز ئۈچۈن، جىق ئىلەشتۈرۈلۈپ سۈزگۈچلەردىن ئۆتكەن، ئەقىل، ئىمان، ئىرادە ۋە ۋىجدان خېمىتۇرۇچىمىز

بولسۇن.

ئاددى بىر پۇقرا بولغىنىغا قارىماي، ئۆز ئۆزىنى ئىلەشتۈرەلىگەن، قېتىقتەك ئۇيۇپ، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدا مەشرەپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، خىتايىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان، مەشرەپكە تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزىگە قايتىش ئارقىلىق 5 - فېۋرال روھىنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگەن، 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى سەركىلىرىگە، شېھىتلىرىغا، ئۇيۇشقانلىقى سەۋەبىدىن ھازىرغىچە تۈرمىدە يېتىۋاتقان ئىلى ئوغلانلىرىغا «سالام!» بولسۇن. سىلەر بەرپا قىلغان مەشرەپ روھى، 5 - فېۋرال روھى، ئۇيغۇر روھى بولۇپ قالغۇسى.

2019 - يىلى 11 - فېۋرال

# ئابدۇخېلىل مىجىت قانداق نېمە؟

ئابدۇخېلىل مىجىت قانداق نېمە؟ بۇ 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كانىيى ھېساپلانغان غۇلجا خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىلى گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرى ئەينى چاغدا ئېلان قىلغان بىرلەشمە ئوبزور ماقالىسىنىڭ تېمىسى. ئوبزور ماقالىسى بۇنداق باشلىنىدۇ: «5 ـ ۋە 6 ـ فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇخېلىل مىجىت زادى قانداق نېمە؟». ئاندىن ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ باشلانغۇچ سەۋىيەگە ئىگە ئىكەنلىكى، غۇلجا 5 ـ فېۋرال نامايىشىنى ۋە 6 ـ فېۋرال ئۇرۇش ـ چېقىش ۋەقەسىنى ئابدۇخېلىل مىجىتقا ئوخشاش ئوقۇمىغان، قارا قورساق ئۇششاق باللارنىڭ پەيدا قىلغانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانداق جىددىي تەدبىر ئېلىپ بۇ ئۇرۇش ـ چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇپ قالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنىڭ، توغرىسى «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىڭ سەركەردىسى ئابدۇخېلىل مىجىتقا بەرگەن باھاسى.

ئۇنداقتا ئابدۇخېلىل مىجىتقا ئۇيغۇر خەلقى قانداق باھا بېرىدۇ؟ دۇنيادا ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق يوللىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىشىلەرگە ئوخشاش، ئابدۇخېلىل مىجىتمۇ دۇنيادىكى

ئەڭ چوڭ كۈچ ھېسابلانغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىدە جېنىنى تىككەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 1990 - يىللاردىكى ئەڭ پەخىرلىك ئوغلانى. ئۇ خۇددى 1989 - يىلىدىكى تىيەن ئەنمېن ۋەقەسىدىكى تانكا ئالدىدا تىك تۇرغان خىتاي ياشقا ئوخشاش قەھرىمان. يوۋتۇبە قانىلىدا دۇنيادا بىلىنمىگەن قەھرىمانلار دەپ ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا، ئەڭ باشتا 1989 - يىلىدىكى تىيەن ئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە تانكا ئالدىدا تىك تۇرغان ئاشۇ خىتاي ياش چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار قەلبىدە بولسا ئابدۇخېلىل مىجىت، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك تانكىلىرى ئالدىغا چىققان، دۇنيا بىلمىگەن قەھرىمانى.

- ئاپتور خاتىرىسىدىن

# ئامان ھاجى ۋە ئابدۇللا ئوجالان

(بۈگۈن ئامان ھاجىنىڭ ئىنىسى دىلشات ھاجىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم ۋە بۇندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئامان ھاجىنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ دېگەن سوئال ئىچىدە يېزىپ چىققان بۇ ماقالەمنى سىلەرگە سۇندۇم.)

دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەكىتلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بۈگۈن يەنە خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئامان ھاجىنى «100 مىليون يۈەنگە خىيانەت قىلدى» دېگەن گۇمان بىلەن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىپ، نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغانلىقىغا ئىككى ئاي تولغان كۈن. لېكىن ھازىرغا قەدەر بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق سادا يوق. گۇمان پەردىسىنىڭ ۋاقتىدا يېرتىلىپ ئېقى ئاق، قارىسى قارا قىلىنمىغانلىقى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئامان ھاجىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ھەققىدە ئەندىشىگە سالماقتا. ئۇيغۇر رەئىسلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە تەرىپىدىن بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچار قىلىنىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. 1944 ـ يىلى سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە، خىتاي ۋە

رۇس كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوغۇرلاپ كېتىلگەن، 1949 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياساپ چىققان ساختا ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرى سۇيىقەستكە ئۇچرىغانىدى. بۇ يەردە خەتەرلىك بولۇۋاتقان، خەلق ئەندىشە قىلىۋاتقان نۇقتا، ئامان ھاجىنىڭ 100 مىليون يۈەن خىتاي پۇلىغا خىيانەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئامان ھاجىنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيان بېيجىڭدا نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ يۈزتۇرانە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي خىيانەتچى ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىيالمىغانلىقى ئىدى.

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئامان ھاجى بىلەن تېرروررچى دەپ قارىلىپ تۈركىيە تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئابدۇللا ئوجالاننىڭ تەقىب ئاستىدىكى سىياسىي ھاياتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. كۇرت مىللىتىدىن بولغان ئابدۇللا ئوجالان، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 30 مىڭ بىگۇناھ خەلقنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان 1 ـ نومۇرلۇق تېرروررچى دەپ قارىلىپ، خەلقئاراغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان تېرروررچى. ئابدۇللا ئوجالان يەنە تۈركىيەدىكى 7 ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممە ئوبدان بىلىدىغان ۋە تۈرك خەلقىنىڭ قەلبىگە ئېغىر جاراھەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن شەخس. ئۇ ھازىر مۇددەتسىز قاماق جازاسى بىلەن تۈركىيە تۈرمىسىدە يېتىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ، تۈركىيەدىن ئىبارەت بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ تۈرمىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، پات ـ پات تېلېۋىزورلاردا كۆرۈنۈپ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنىمۇ قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى قاتارلىق شەخسى تۇرمۇش مەسىلىلىرىگىچە

ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت ژۇرناللاردا ماقالىلەر بېرىلىپ تۇردى. ئۇ تۈرمىگە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن ھەرقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. تېخى تۈركىيەدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئابدۇللا ئوجالاننى قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇردى. گەرچە تۈركىيە سوتى بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ سوت مەھكىمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيا بويىچە 1 ـ نومۇرلۇق تېررورچى ئابدۇللا ئوجالانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇنلىغان سىياسىي ئىمتىيازلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپا بىرلىكى تۈركىيەنى داۋاملىق ھالدا «دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتە ياۋروپا بىرلىكىنىڭ كۈتكەن تەلىپىدىن تېخى يىراقتا» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى بېرىپ كەلمەكتە. ئەمما ئامان ھاجى ئابدۇللا ئوجالانغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئېيتقاندا، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر ـ ئۇر قىلغاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈۋېتىدىغان تېررورچى، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە ياكى دىنىي ئەسەبىي كۈچ ئەمەس، ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىزىل بايرىقى ئاستىدا چوڭ بولغان. ئۇ يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئېيتىۋاتقاندەك خىتاي تىلىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىسلاھات ئېچىۋېتىش قەدىمىگە ماسلىشالماي قالغان ۋە ياكى خەنزۇ تىلى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەركەزنىڭ قانۇن، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى خاتا تەرجىمە قىلىۋېلىپ ئېزىپ قالغان كادىر ئەمەس. ئۇ خىتاي مەكتىپىدە ئوقۇغان، خىتاينىڭ ئىنچىكە تىللىرىغىچە بىلىدىغان، ھەتتا خىتاي ماقال ـ تەمسىللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەيدىغان كادىر. شۇڭا ئۇ خىتاي قانۇنلىرىنىڭ ھەر بىر ماددىسىغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىشلىگەن. بۇ نۇقتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باشقا

خەنزۇ كادىرلىرىنى بىئارام قىلغان تەرەپ بولسا كېرەك. ئامان هاجى يەنە، خىتاي گوۋۇيۈەنى ئاخبارات ئىشخانىسى 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېلان قىلغان، «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان شىنجاڭنى شەرقتە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول تورى بەرپا قىلىشتا، دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولى، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرەتلىك تاشيولى قاتارلىقلارنى سان ۋە سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تاماملاشتا ئالاهىدە خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس. ئامان هاجىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن هايات مۇساپىسى ئابدۇللا ئوجالاننىڭ هاياتىغا هەرگىز ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا يەنە ئامان هاجى دۇچ كەلگەن ئەهۋاللارنى ئابدۇللا ئوجالان تۈرمىدە ئېرىشۋاتقان ئىمتىيازلار بىلەن تېخىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بىز خىتاينىڭ دۇنيا تەكىتلەۋاتقان دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق ۋە ئىنسان هەقلىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جۇڭگودا هەرقانداق ئىشنى پۈتتۈرگىلى بولىدۇ، لېكىن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىشى پۈتمەيدۇ دەيدىغان سۆز بار. ئەمما ئامان هاجى ئىشىنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيان پۈتمەيۋاتقانلىقى شىنجاڭدا پەقەت مىللىي بۆلگۈنچىنىڭلا ئەمەس، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بايرىقى ئاستىدا چوڭ بولغان هەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭمۇ مۆرىتى كەلگەندە ئىشىنىڭ پۈتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئامان هاجى مەسىلىسىدە دىققىتىمىزنى يەنە بەكرەك تارتىدىغان بىر نۇقتا، ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا خىتاي بويىچە «قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەڭ پاك ئەمەلدار» دېگەن نامغا ئېرىششى ئىدى. بۇنىڭدىن بىز ئۆزىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ توغرا، ئەڭ شەرەپلىك پارتىيە دەپ ماختىنىۋاتقان

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ، ئەسلىدە ئۆز كادىرلىرىغىمۇ توغرا دىياگنوز قويالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىككى ئايدىن بۇيان بېيجىڭ تەرەپكە تەلمۈرۈپ ئامان ھاجى ھەققىدە ھېچبىر ئۇچۇر ئالالمىغان ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار، يەنى خەلقنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئوردىدىكىلەر بىر تېما ئۈستىدە، يەنى «پارتىيەنىڭ خۇشامىتىنى ھەرقانچە قىلار، ئامان ھاجىدەك قىلماس» دېگەن تېما ئۈستىدە ئويلانماقتا.

خۇلاسىلايدىغان بولساق، بېيجىڭ بىلەن ئەنقەرەنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئامان ھاجى بىلەن ئابدۇللا ئوجالاننىڭ تەقىب ئاستىدىكى سىياسىي ھاياتىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، ئامان ھاجىنىڭ تەقدىرىدىن شۈبھىلەنمەي تۇرالمايمىز. ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر خەلقى ئەنسىرەۋاتقان تەرەپ، ئامان ھاجىنىڭ قانچىلىك پۇلغا خىيانەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپ مۇخبىر، ئادۋوكات، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەسلىكى ۋە ئۆزى ھەققىدە خەلققە مەلۇمات بېرەلمەسلىكىدىن ئىبارەتتۇر. قىسقىسى، بىز «ئامان ھاجى ئامان بولسۇن!» دېگەن تىلەكلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزلىمەكتىمىز. لېكىن تارىختا «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان قايسى كادىر ئامان قالغان؟» دېگەن سوئال، ئامان ھاجى ھەققىدىكى ئەندىشىمىزنى ئاشۇرماقتا.

## بەشكتاش - فەنەر باغچە پۇتبول مەيدانلىرىدىن ۋەتەننىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىغا نەزەر

ئىستانبۇل شەھىرى تۈركىيەنىڭ مۇھىم سودا - سانائەت ۋە ساياھەت شەھىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پۇتبول ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن قايناق پۇتبول شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋروپادا شۆھرەت قازانغان بەشكتاش، فەنەر باغچە، گالاتا ساراي، ترابزون سپور... قاتارلىق پۇتبول كۇلۇبلىرىنىڭ ماكانىدۇر. تۈركلەردىكى پۇتبول سۆيەر روھ كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. تۈركلەرنىڭ ھاياتى پۇتبول بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بىرەر كۈننىمۇ پۇتبولنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىسىز ئۆتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا تۈركلەر بىر - بىرى بىلەن ئەھۋال تونۇشقاندا «سىز قايسى پۇتبول كۇلۇبىنىڭ تەرەپدارى؟» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. تۈركلەر پۇتبولنى يەنە مىللىي روھنىڭ ۋە مىللىي ئۈستۈنلۈكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان دۇنيادا، يالغۇز سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشلا كۇپايە قىلىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە شۇ مىللەت، شۇ خەلقلەرنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان ئەركەكلىرىنىڭ پۇتىنىڭ ئۈچىدا قانچىلىك جان ماغدۇرىنىڭ بار - يوقلۇقى مەسىلىسى شۇ مىللەت ۋە شۇ خەلقلەرنىڭ ئار - نومۇسى مەسىلىسى بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە دۇچ كەلگەن كىرىزىسلارنى قىلچە پىسەنت قىلماي كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان مەشھۇر ئەربابلارنىڭ، ئۆزى مەستانە بولغان كوماندىغا بىر توپ كىرىپ

كەتكەنــدە چىرايلىرىنىــڭ خــۇددى هــاك بىلــەن ئاقلىۋەتكەنــدەك تاتىرىــپ كېتىشــى شــۇ ۋەجىدىــن بولســا كېرەك. تۈركلەردىكــى بــۇ خىــل پۇتبــول ســۆيەر روھ ئۇلارنىــڭ ئەســلى يۇرتــى بولغــان تارىــم ۋادىســىدىن كەلگــەن.

تۈركلەردىكــى پۇتبــول ســۆيەر روھ بىلــەن بىرگــە يەنــە، پۇتبــول مەيدانىدىكــى جەڭگىۋارلىقــى، هۇجۇمغــا ئۆتۈشــكە ماهىرلىقــى ۋە پۇتبــول ســېزىمىنىڭ يۇقــىرى بولۇشــى قاتارلىقلارمــۇ، تارىــم ۋادىســىنى مەركــەز قىلغــان تەڭرىتــاغ ئېتەكلىرىدىكــى ئۇيغــۇرلار بىلــەن ئوخشــاش. پۇتبولنىــڭ بۇنىڭدىــن 900 يىــل مۇقــەددەم ئەنگلىيــەدە مەيدانغــا كەلگەنلىكــى دۇنيــا جامائەتچىلىكىگــە سىــر ئەمــەس، ئەمما مەشهۇر تــۈرك ئالىمــى مەهمــۇت قەشــقەرىنىڭ تۈركــى تىلــلار دىۋانــىدا تىلغا ئېلىنغان، «هونلارنىــڭ قوزىنــى تۇلۇمچىلاپ ســويۇپ دوۋســۇنغا يــەل ئــۇرۇپ ئىككــى قەلئەگــە كىرگــۈزۈپ ئويناپدىغان تەپۈك دېيىلىدىغان بىر ئويۇنــى بــار ئىــدى» دېگــەن بــۇ قــۇرلار، هونــلار ۋە تۈركلەرنىڭمــۇ بۇنىڭدىــن 900 يىــل مۇقــەددەم پۇتبــول ئوينىغانلىقىنــى ئىســپاتلاپ تۇرۇپتــۇ. تۈركلــەر هازىرمــۇ ۋاراتارنــى «قەلئــە»، ۋاراتارنــى ســاقلىغۇچىنى «قەلئەچــى» دەپ ئاتايــدۇ. بۇنىدىــن بىرقانچــە يىــل ئىلگــىرى خەلقئــارا تەنتەربىيــە كومىتېتــى پۇتبولنىــڭ جۇڭگــودا مەيدانغــا كەلگەنلىكىنــى قايتــا جــاكارلاپ دۇنيانــى هەيــران قالــدۇردى. كىشــىلەر «ئەجەبــا جۇڭگــو پۇتبــول كوماندىســى خەلقئــارادا پۇتبــول مەيدانغــا كەلگــەن بۆشــۈك بولۇشــقا مۇناســىپ بــىرەر ئىزنــا قالدۇردىمــۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىشــتى. بەلكــى ئــۇلار جۇڭگونىــڭ غەربىدىكــى تەڭرىتــاغ ئېتەكلىرىنــى قەيــت قىلىۋاتقــان بولۇشــى مۇمكىــن. بــۇ پۈتۈنلــەي تۈركــي تىلــلار دىۋانــىدا تىلغــا ئېلىنغــان قــۇرلار بىلــەن ئىنتايىــن زىــچ مۇناســىۋەتلىك. بــۇ ئەلۋەتتــە بىزنىــڭ پۇتبولچىلىــق تەتقىقاتىمىزغــا باغلىــق مەســىلە. ئۇنداقتــا بۇنىدىــن 900 يىــل مۇقــەددەم پۇتبــول ئوينالغــان تارىــم

ۋادىسىنىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ ۋادىنىڭ نېفىت بايلىقلىرىدەك شۇنچە چوڭقۇر كۆمۈلۈپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ۋادىنىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرى ياۋروپادىن شۇنچە ئۇزاقتا قالدى؟ دېگەن سوئاللار، «جۇڭگونىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى جۇڭگونىڭ غەربىدە» دەپ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنى قەيت قىلىۋاتقان ئالدىن كۆرەر تېخنىك دىرېكتورلارنىڭ ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلىرىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىملارنى ئويلاندۇرماي تۇرالمىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرى ئىستانبۇلنىڭ ياكى ياۋروپانىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىدىن 100 يىل ياكى 150 يىل ئارقىدا بولۇشى مۇمكىن. نۆۋەتتە ياۋروپا پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنىڭ تاۋارلىشىش دەۋرىگە كىرگىنىگىمۇ 100يىلدىن ئاشتى. تارىم ۋادىسىدىكى پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنىڭ بۇنداق ئارقىدا قېلىشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار.

16ـ ئەسىردە يىپەك يولىنىڭ تاقىلىشى بىلەن، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان تارىم ۋادىسىدا ئېغىر ئىقتىسادىي بوھران يۈز بەردى، بۇ ۋەزىيەت تەبىئىي يوسۇندا بۇ ۋادىنىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنى چۈشەپ قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى نۇرغۇنلىغان داۋالغۇشلار، چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە مەدەنىيەت بىلەن خۇشى يوق سوپى - ئىشانلارنىڭ تەركى دۇنيالىق سەپسەتەلىرى، ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىقلار خىتاي تاجاۋۇزچى مۇستەبىتلىرىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، مىللىي روھنى خۇنۈكلەشتۈرۈش سىياسەتلىرى، دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تەتۈر يۆنىلىشتىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، بۇنىڭدىن 900 يىل مۇقەددەم ئىنگلىزلار بىلەن بىرلىكتە پۇتبول ئويناشنى بىلگەن ئۇيغۇرلاردىكى پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا

قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردۇر. تارىم ۋادىسىدىكى پۇتبول مەيدانلىرى ماشىنا توختاش مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، نى - نى پۇتبول ئەزىمەتلىرى توپ تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ھەسرەت - نادامەتتە قالدى. لېكىن ئۇيغۇرلار تارىختا بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر پۇتبولنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان قىز تويى، نەۋرۇز بايرىمى، سۈننەت تويى، قۇربان ھېيت ۋە مازايى - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىدە ئاممىۋى پۇتبول پائالىيەتلىرىنى ئىمكانى يار بەرگەن دائىرىدە تەشكىللەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر پۇتبولچىلىق ئىشلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 1928 - يىلى ئاتۇش ئېكساقتا ئېلىپ بېرىلغان، ئاتۇش كوماندىسى بىلەن ئەنگلىيە كونسۇل كوماندىسى ئوينىغان بىر قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئەنگلىيە كونسۇل كوماندىسىدىكى خادىملار ئالىي ئۇزۇقلانغان ۋە پۇتنى زەخىملىنىشتىن ساقلايدىغان ئالىي تەنتەربىيە ئاياقلىرىنى كىيىپ ئۇيغۇر كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلەشكەن، نەتىجىدە ئۇيغۇر ئاتۇش كوماندىسى 7:0 ۋە 3:1 نەتىجە بىلەن ئەنگلىيە كونسۇل كوماندىسىنى يېڭىپ، بۇ مىللەتنىڭ پۇتبولغا خاس بەدەن ساپاسىنى ۋە پۇتبولدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلغان ئىدى. خوش، ئۇنداقتا ئۇيغۇردىكى پۇتبولغا خاس بۇ بەدەن ساپاسى نەدىن كەلگەن؟ خاسىيەتلىك زېمىن ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتكە خاسىيەتلىك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇيغۇردىكى پۇتبولغا خاس بۇ بەدەن ساپاسى ئەلۋەتتە تارىم ۋادىسىنىڭ خاسىيەتلىك بۇغداي نانلىرىدىن، ئانا تەڭرىتاغ ۋە ئابرال تاغلىرىدىن تامچىغان ئابى زەمزەم سۇلاردىن كەلگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سۈرگۈن قىلىنغان داڭلىق

خەنــزۇ يازغۇچــى ۋاڭ مــڭ، ئۆزىنىــڭ ئۇيغــۇر تۇرمۇشــى ئەكــس ئەتتۈرۈلگــەن «زەڭگــەر كــۆز» ناملــق ئەســرىدە ئۇيغــۇرلار بــەدەن ساپاســىنىڭ خەنزۇلاردىــن ئالاھىــدە ئۈســتۈن تۇرىدىغانلىقىنــى ئېتىــراپ قىلىــپ، «ئالدىــمدا تۇرغــان مۇنــۇ ئىككــى ئادەمنىــڭ بەدەن ساپاســىغا قــاراپ خىجىللىــق ھېــس قىلدىــم. خەنــزۇ مىللىتــى گەرچە پــارلاق مەدەنىيەتلەرنــى ياراتقــان مىللەتلەرنىــڭ بىــرى بولســىمۇ، لېكىــن بــەدەن ساپاســى جەھەتتــە شــىنجاڭدىكى ئۇيغــۇر، قــازاق مىللەتلىرىگــە يېتىشــەلمەيدىكەن» دەپ يازغــان ئىــدى.

خىتايــدا ئىقتىســادىي ئىســلاھات ئېلىــپ بېرىلغــان 20 نەچچــە يىلدىــن بۇيــان، ئۇيغــۇرلار پۇتبولچىلىــق ئىشــلىرىدا زور ئىرىشــچانلىقلارنى كۆرســىتىپ، ئۆزلىرىنىــڭ پۇتبــول سۆيەر مىللــەت ئىكەنلىكىنــى نامايــان قىلىــپ تــۇردى. چەتئەللەردىــن تەكلىــپ بىلــەن جۇڭگوغا بارغــان تېخنىــك دىرېكتــورلار ئۇيغۇرلارنىــڭ ياتاق، تامــاق، مەشــىق شــارائىتى ۋە باشــقا كۈتۈنــۈش قاتارلىــق جەھەتلــەردە ئىچكــىرى ئۆلكــە كوماندىلىرىدىــن سېلىشتۇرغۇســىز دەرىجىــدە پەرقلىنىــپ تۇرســىمۇ، لېكىــن پۇتبــول مەيدانىدىكــى جەسۇرلىقى ۋە پۇتبــول سېزىمىنىڭ ئۇلاردىــن ئالاھىــدە پەرقلىنىــپ تۇرىدىغانلىقىنى كــۆرۈپ، جۇڭگــو پۇتبولچىلىــق ئىشــلىرىنىڭ ئىســتىقبال جۇڭگونىــڭ غەربىــدە دەپ تەكىرىتــاغ ئېتەكلىرىنــى ئالاھىــدە قەيــت قىلىــپ كەلمەكتــە.

2002 ـ يىلــى ئىچكــىرى ئۆلكىــدە ئۆتكۈزۈلگــەن ئوتتــۇرا مەكتەپلــەر ئــارا 8 كۈچلــۈك كوماندىنــى تاللاش مۇسابىقىســىدە 75 كــۋادرات كىلومېتــىر زېمىنغــا، 300 مــڭ ئاھالىگــە ئىگــە نامــرات شــەھەر غۇلجىدىكــى 2 ـ ئوتتــۇرا مەكتــەپ، يەنــى ئۈمىــد ئوتتــۇرا مەكتىپــى پۇتبــول كوماندىســى 7 ـ بولــۇپ جۇڭگودىكــى 8 كۈچلــۈك كومانــدا قاتارىدىــن ئــورۇن ئالدى. بــۇ ماھىيەتتە ئۇيغــۇر باللىرىنىڭ 1 ـ بولغانلىقــى بىلــەن بــاراۋەر نەتىجە ئىــدى. چۈنكــى بۇلارنىــڭ

مەشىق مەيدانلىرى ئادەتتىكى قاتتىق يەر، ئۇزۇقلىنىشى ئەنە شۇ ۋادىنىڭ تارىخلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ كېلىۋاتقان خاسىيەتلىك ئەتكەن چىپى ئىدى. بۇنى ئەلۋەتتە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان ئالاھىدە رايونلىرىدىكى مۇنتىزىم تەربىيە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

دېمەك، پۇرسەت ئىنساننى ئاددىيلىقتىن يۈكسەكلىككە يېتەكلىگۈچى شوتا. ئەگەر مارادونا ياكى ھەسەن شاش تارىم ۋادىسىدا ياشىغان بولسا مەڭگۈ مارادونا ياكى ھەسەن شاش بولۇپ، دۇنيا پۇتبول سەھنىسىدە پەيدا بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ۋۇجۇدىدا تۇغما پۇتبول ئىشقى يېلىنجاپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئارگېنتىنا ياكى تۈركىيەدىكى پۇتبول پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم مارادونا ياكى ھەسەن شاش بولالىغان بولاتتى.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ھازىرغا قەدەر پەقەت كۆز ئالدىدىكى شەرەپلەرنى ئالقىشلاش بىلەنلا كۇپايىلەندى. لېكىن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى يەنە قانداق تالانتلارنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خۇنۈكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يەنە قانداق ئالەمشۇمۇل شەرەپلەرنى ئالقىشلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت شەرەپ مۇنبىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىشلارنى ھېچكىم تەتقىق قىلىپ باقمىدى.

دېمەك، تارىختىن بۇيان تۈگىمەس توساقلارغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقى، خۇددى «تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى»دەك يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. كەلگۈسىدە دۇنيا پۇتبولچىلىق سەھنىسىدە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ئالماستەك بىر نۇر جەۋلان قىلىدۇ. بۇ نۇر تارىم ۋادىسىدا تاۋلانغان، ۋايىغا يەتكەن ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىدۇر...

ئىستانبۇل پۇتبول مەيدانلىرىدا ئۇلتۇرۇپ پۇتبول كۆرۈۋاتقىنىمدا قۇلاق تۈۋىمدە: قارا ھەسەن شاشقا، ئۇ ۋەتىنىنگدىكى شاش ئارغىماقتەك ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئۆزىنكى... ئىستانبۇل پۇتبولى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش دېگەندەك ئاۋاز جاراڭلىغاندەك بولدى.

2003 ـ يىلى ئىستانبۇل

## ئۇيغۇر قىزى زەينەپنى ئەسلەيمەن

بۈگۈن يەنە بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ بالىياتقۇسى خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلدى. خەلق سادىر پالۋان، غېنى باتۇر قاتارلىق قەھرىمانلىرىنى سېغىنماقتا...

- خاتىرەمدىن.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان 54 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ئېغىر زۇلۇملارنى تارتتى. بۇ زۇلۇملار ئىچىدە ئاياللارنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئەڭ ئېغىر بولدى. ئەرلىرى، پەرزەنتلىرى، سۆيگەن يىگىتلىرى «دىنىي ئەسەبىي كۈچ، مىللىي بۆلگۈنچى، تېررورچى، غوللۇق ئۇنسۇر» دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەت، قالپاقلار بىلەن تۈرلۈك ئۇسۇللاردا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن باشقا، قورساقتىكى بىچارە ھامىلىلىرىمۇ تۆرىلىشى بىلەنلا «پىلانسىز تۆرەلمە» دېگەن تۆھمەت بىلەن زەھەرلىك ئوكۇل ئارقىلىق پارچىلاپ چۇشۇرۇۋېتىلدى. بۇ خىل زەھەرلىك ئوكۇللار دەستىدىن كۆپىيىش ئەزاسى، جىنسى ئەزاسى قاتارلىق ئورگانىزملىرى پارتلاپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا جان ئۈزگەن ئاياللىرىمىز، ئانىلىرىمىز ئاز ئەمەس. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل جىنايى قىلمىشى، ئىنسانىيەتنى قىرغۇچى بىئو خىمىيەلىك قوراللارنى ئىشلەتكەنلىك بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى جىنايەتتۇر.

ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق

قورغـاس ناھيەسـىنىڭ لەڭگـەر يېزىسـىدىكى 24 ياشـلىق ئۇيغـۇر قىـزى زەينـەپ، خىتـاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «پىلانسىز تۆرەلمە»نـى چۈشۈرۈشـتىن ئىبـارەت تېررورلـۇق جىنايىتىنىـڭ قۇربانـى بولغـان ئاياللىرىمىزدىــن بىــرى. 1999 ـ يىلــى 5 ـ ئاينىــڭ ئاخىرلىــرى ئۈچىنچــى بالىســىغا ھامىلــدار بولغــان زەينــەپ، لەڭگــەر يېزىسـىدىكى پىلانلىـق تۇغـۇت كادىرلىرىنىـڭ ھامىلىنـى پارچىـلاپ چۈشۈرۈۋېتىشـىدىن قورقـۇپ، باشـقا يۇرتـلاردا قېچىـپ يـۈرۈپ ئـاي ـ كۈنىنـى توشـقۇزدى. ئـاي ـ كۈنـى توشـقان زەينـەپ ئائىلىسـىگە قايتىـپ كەلـدى. چۈنكـى خىتاينىـڭ پىلانلىـق تۇغـۇت قانۇنىـدا «ھامىلـە 9 ئايغـا توشـقاندا پارچىـلاپ چۈشۈرۈۋېتىشـكە بولمايـدۇ» دېگـەن ماددىـلار بـار ئىـدى. ئەپسۇسـكى، زەينـەپ قايتىـپ كېلىـپ ئەتىسـىلا، ئىككـى قولـى ئاياللارنىـڭ خۇنـى بىلـەن بويالغـان يېزىنىـڭ پىلانلىـق تۇغـۇت كادىـرى بىلـەن ناھيەنىـڭ پىلانلىـق تۇغۇتقـا مەسـئۇل مۇئاۋىــن ھاكىمغـا تۇتۇلـۇپ قالـدى. بـۇ جالـلات غالچىلارنىـڭ نەزىرىـدە قانـۇن ياكـى ھاياتلىقنىـڭ قىممىتـى دېگـەن ئۇقۇمـلار مەۋجـۇت ئەمەس ئىدى. شـۇڭا ئـۇلار زەينەپنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشـىغا قارىمـاي، ئۇنـى سـۆرەپ دوختۇرخانىغـا ئېلىـپ كەلـدى. قورغـاس ناھيەلىـك خەلـق دوختۇرخانىسـىنىڭ مۇئەسسەسـەلىرى قـالاق، دوختـۇر ـ سېسـترالارنىڭ تېخنىـكا سەۋيەسـى ئىنتايىــن تـۆۋەن بولـۇپ، بىـر ئايلىـق ھامىلىنـى چۈشۈرۈشـكىمۇ تېخنىكىسـى يەتمەيتتــى. تېررورچــىلار زەينەپنــى كارىۋاتقـا باغـلاپ، سـۈنئىي تولغـاق كەلتـۈرۈش ئوكۇلىدىـن ئىككىنـى ئارقـا ـ ئارقىدىـن ئۇنىڭغا ئـۇردى... ئـاھ! ئۇيغۇرغـا كېلىۋاتقـان بـۇ قىرغىنچىلىقنـى كـۆرۈڭ! ئارىدىــن يېرىــم سـائەت ۋاقــت ئۆتمــەي، ئوكـۇل زەربىســىدىن زەينەپنىـڭ بالىياتقۇسـى پارتـلاپ، تۆرەلمـە بىلـەن بىرگـە سـىرتقا ئېتىلىـپ چىقتـى. ئۇيغـۇر قىـزى زەينـەپ نـەق مەيداندا ئېچىنىشـلىق ھالـدا جـان ئـۈزدى.

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان ۋاقتى كەچ سائەت 8 لەر ئەتراپىدا، ئۇيغۇر قىسمەتلىرى تارىخىغا خىتاي تېررورچىلىرى پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق بىر پاجىئە يۈتۈلدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئۇيغۇرنىڭ تېررورچى ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «ئىككى قولى قانغا بويالغان تېررورچى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت شەرمەندە ماھىيىتى خەلقى ئالەمگە يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى. شۇ كۈنى قورغاس خەلقى ئۆز قىزىنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمىدىن قوزغىلىپ كەتتى. زەينەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر، شۇنداقلا تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئۆركەشلەپ تۇرغان غورۇرلۇق ئۇيغۇر يىگىتلىرى دوختۇرخانا ئالدىغا يىغىلىپ، زەينەپنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. خىتاي زۇلۇملىرى، تېررورلۇقلار، ئۇيغۇرلارنى بىر ئىنسان قاتارىدىمۇ كۆرمەيدىغان رەزىللىكلىرى ئالدىدا پىچاق ئالىلقاچان سۆڭەككە يەتكەن ئىدى. خەلقنىڭ بۇ غەزەپ ـ نەپرىتى ئالدىدا قورغاس ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ زورەن بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇلىياڭلار خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇلار تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتتىبېشى ۋاڭ لىچۈەن بىلەن مەركەزدىكى ئىلاھى داھىيسى جاڭ زېمىنغا: «ئىلى ئىنتايىن تىنچ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورچى ئۇنسۇرلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردۇق، خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر ـ ئۇر قىلغاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتتۇق، ئىلىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز» دەپ ۋەدە بېرىشكەن ۋە بۇنىڭ شەرىپىگە خوجايىنلىرىنىڭ كاتتا ئىنئاملىرىغا ئېرىشكەن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئەگەر خەلق

دوختۇرخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، زەينەپنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا چىقسا، ساقچىلارنىڭ قول سېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، خەلق بىلەن قوراللىق ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا ئاخىرىنى بېسىقتۇرۇش قىيىن بولغان بىر سىياسىي توپىلاڭ پەيدا بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىغا خىلاپ جىنايەت بولۇپ، ئەگەر بۇ ئىش بۆشۈكىدىلا بېسىقتۇرۇلماي داۋراڭ بولۇپ كەتسە، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ زورەن بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گۈلىياڭنىڭ ئورنىنىڭ «لىڭشىپ قېلىشى» تەبىئىي ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ئەلۋەتتە سىياسىي مۇقىملىقنى قانداق قوغدىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى ئەمەلدار خىتاي ئۆلپەتلىرى بىلەن جەم بولۇشقان سورۇنلاردا ئىلىدىن ئىبارەت بۇنداق ئىسيانكار ۋادىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداۋاتقان پولات قورغانلاردۇرمىز دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، ماختىنىشلىرىنىڭ خىتايلار ئارىسىدا كۈلكە بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. شۇ ۋەجىدىن جاڭ گۈلىياڭ بىلەن ۋاڭ زورەن شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئەتراپىغا شېرىكلىرىنى يىغىپ، خىتاينىڭ پۈتكۈل ھىيلە - مىكىر دەستۇرلىرىنى تىترەپ تۇرۇپ ۋاراقلاپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا «ئۆز يىغىدا ئۆزىنى قورۇش» دەيدىغان چارىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە بۇ ئىشنى بېسىقتۇرۇشتىكى بىردىن - بىر كوزىر، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تۇرسۇن ئەلى دەپ ھېسابلاشتى. تاڭ يورۇشى بىلەن تۇرسۇن ئەلىنى خەلق ئارىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

تۇرسۇن ئەلى كىم؟ تۇرسۇن ئەلى، ئىلگىرى غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ

ئىشلىگەن. ئۇ ئەينى يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادى ھەمكارلىق رايونى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە دېھقانلار مەنپەئەتى تەرەپدارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى يىللاردىكى سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ بولىياڭنىڭ دىتىغا ياقماي، ئىلىدىكى بىردىن ـ بىر ئېتى ئۇلۇغ سۇپرىسى قۇرۇق ئورۇن بولغان ئىلى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ ئۆستۈرۈپ جازالانغان ئىدى. ۋاڭ بولىياڭنىڭ ئورنىغا جاڭ گۇلىياڭ شۇجى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەلى ئۆزىنى جاڭ گۇلئاڭنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە جاڭ گۇلئاڭنىڭ بىردىن بىر ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلىنىپ، غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىلىدىكى ھەرقايسى يېزا ـ مەھەللەرگىچە بېرىپ پارتىيەنى مەدھىيەلەپ، جاڭ گۇلىياڭنىڭ «ئىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى قابىل رەھبەر» دېگەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن ۋە مەملىكەتلىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرى بولۇپ تەقدىرلەنگەندىن باشقا، جاڭ گۇلىياڭ تەرىپىدىن مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، مائاشى بىر نەچچە دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ تارتۇقلانغان ئىدى.

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە، تۇرسۇن ئەلى سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە كادىرلارغا مۇقىملىق لېكسىيەسى سۆزلەۋاتاتتى، جاڭ گۇلىياڭ ئەۋەتكەن قارا رەڭلىك سانتانادا ئولتۇرغان پەۋقۇلئاددە ئەلچى، تۇرسۇن ئەلىنى ئېلىش ئۈچۈن پارتىيە مەكتىپىگە كەلدى. تۇرسۇن ئەلى ئىككى قولى قانغا بويالغان تېررورچى خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا سۈلھى ـ سالا قىلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئەلچى سالاھىيىتى بىلەن قورغاس ناھىيەسىگە

يېتىپ كەلدى ۋە تارىختىن بۇيان سۈلھى ـ سالا سورۇنلىرىدا مودا بولۇپ كەلگەن ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، سۈلھى ـ سالانىڭ قۇربانى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىگە، بۇ ئىشقا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، جىنايى جاۋابكارلىقى بارلار چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى، زەينەپنىڭ ئىككى بالىسىغا 18 ياشقا كىرگىچە ھۆكۈمەت ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى، ئائىلىسى ئۈچۈن مەخسۇس نەپىقە پۇلى ئاجرىتىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئىشىنىشى كېرەكلىكى، بۇ ئىشنى دەپ ئىلىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقى، ئەگەر مۇبىر جاپادا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇقىملىق مېۋىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈلھى ـ سالادا زۆرۈر بولغان قاتتىق ۋە يۇمشاق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، قورغاس خەلقىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. يېقىندىلا 5 ـ فېۋرال قانلىق قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق ئۆزلىرىنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىنىمۇ يوقلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرنىڭ داۋاسىنى سورايدىغان ھەق ـ ئادالەتنىڭ تېخىمۇ يوقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئەلھۆكمىلىللا» دەپ زەينەپنى يەرلىكىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئەپسۇسكى، مەن 2001 ـ يىلى قورغاس ناھىيەسىگە چىققىنىمدا، ناھىيەلىك پارتكوم بىناسى ئىچىدە زەينەپنىڭ دادىسى بىلەن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ زورەننىڭ دىيالوگىغا سىرتتىن داخىل بولۇپ قالدىم. كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، ۋىلايەت بىلەن ناھىيە ئەلچى تۇرسۇن ئەلىنىڭ خەلق ئالدىدا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماپتۇ. كېيىن ئاڭلىشىمچە، قىزىدىن ئايرىلىپ يۈرىكى لەختە بولغان بىچارە دادا، يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرىغا قىزىمنى تۆلە

دەپ ئىسىلغانلىقى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئەلچى تۇرسۇن ئەلنىڭ پارتكوم نامىدىن بەرگەن ۋەدىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ.

ئۈيغۇر قىزى زەينەپ ساڭا ئاللاھ يار بولسۇن، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن. سەن ۋە ساڭا ئوخشاش تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئاياللىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى تاڭدا باھاردا ئالالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.

## خىتايدىكى ئەڭ بەختسىز كىشىلەر كىم؟

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە مۇخبىرلىق يېزىقچىلىقى دەرسى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ: «چەتئەللەردە مۇخبىرنىڭ ئورنى مىنىستىر بىلەن باراۋەر، مۇخبىر بىر پارچە ئۆتكۈر ماقالىسى ئارقىلىق باش مىنىستىرنىمۇ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىۋېتەلەيدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ھەيران قالاتتىم. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ياتاقتىكى قىزلار: «جۇڭگو شارائىتىدا مىنىستىرنى ئەمەس، يولسىزلىق قىلغان بىرەر بۆلۈم باشلىقى توغرىسىدا بىرەر پارچە ماقالە يازالىساق چوڭ ئىش قىلغان بولاتتۇق» دەپ مۇنازىرە قىلىشاتتۇق. لېكىن خىتايدا مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك ۋە تەرجىمانلىق قىلغان 14 يىللىق ھاياتىمدا، خىتايدىكى ئەڭ بەختسىز كىشىلەرنىڭ مۇخبىرلار ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھاياتىم ئەركىن قەلەم تەۋرىتەلمەسلىك سەۋەبىدىن سىقىلىش ئىچىدە ئۆتتى. راست بىلەن يالغان، ھەق بىلەن ناھەق، پارىخورلۇق، چىرىكلىك ۋە يولسىزلىق گىرەلىشىپ كەتكەن خىتايدا مۇخبىر دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنسا، خەلق ئۇنىڭ يېنىغا قوش تىرناق ئېچىپ، «يالغانچىلار» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ قوياتتى. ئاخباراتچىلىق ساھەسىدىكى تۈگىمەس توساقلار ۋەجىدىن مۇخبىرنىڭ مەردانە ئوتتۇرىغا چىقىشى، يەنە كېلىپ بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي بىر پارچە ماقالىنى يېزىپ چىقىشى، تولىمۇ ئېغىر سىياسىي بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى.

خىتايدىكى 14 يىللىق مۇخبىرلىق ھاياتىمدا بىر سائەت

مۇخبىرلىق قىلسام، خام ماتېرىيالنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ ئىككى سائەت ئويلىناتتىم. چۈنكى كۆرگىنىم، خاتىرىلىگىنىم باشقىچە، زالىمنىڭ مەندىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى باشقىچە بولۇپ، مەن ئۇنى بۇرمىلاپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ يېزىشىم كېرەك ئىدى. قەلىمىم قۇرلار ئۈستىگە قونۇشى بىلەن خەلقىمىنىڭ ھەسرەتلىك كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى - دە، ئېغىر خۇرسىنىپ كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. قۇلاق تۈۋىمدە «يېزىۋاتقىنىڭ خەلقىڭ ھەققىي ئەھۋالى ئەمەس» دېگەندەك نىدا پەيدا بولاتتى. ئىنسان ئۈچۈن قەلەم ئەركىنلىكى، خۇددى ھاياتلىقتىكى سۇ بىلەن باراۋەر نەرسە بولغاچقا، ۋەتەندىكى 14 يىللىق مۇخبىرلىق ھاياتىمنى، تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈردۈم دېسەم ئارتۇقچە بولماس. 1992 - يىلى سېنتەبىردە ئىدارەمدىكى يەنە بىر مۇخبىر ئىككىمىز، بىر شەھەر باشلىقىنىڭ بىگۇناھ بىر پۇقرانى قاتتىق ھاقارەتلىگەنلىكىنى نەق مەيداندىن ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، رادىيودا ئاڭلىتىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بالاغا قالدۇق. پارتىيەنىڭ ئىجابىي تەشۋىقات يۆنىلىشىگە قارشى چىققان دەپ قارىلىپ، رادىيو ئىستانسا باشلىقى قاتارلىق بىر قانچىمىز ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن بىر ئاي سوئال - سوراققا تارتىلدۇق. ئاخىرى خەلقنىڭ نارازىلىقى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بىر مەزگىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بىز ئامان - ئېسەن قالدۇق.

شۇنداق!!! ۋەتەندە كەسىپداشلىرىمنىڭ دەردى بەك ئېغىر، ئۇلارنى «بۇ دەردلەرگە چىدىيالماي يۈرەك كېسىلى بولۇپ تۈگىشەرمۇ؟» دەپ ئەنسىرەيمەن. ۋەتەندە خەلقىم ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. خۇددى شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

يازغانــدەك:

*قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،*
*شامالداراپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى،*
*قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچمەن،*
*نېمەم بىلەن رازى قىلاي ئېلىمنى.*

ۋەتەنــدە نۇرغۇنلىغــان دەۋاگــەر پۇقــرالار، دەردمــەن دېھقانــلار بىلــەن ئۇچراشــتىم. ئۇلارنىــڭ دەردىگــە دەرمــان بولــۇپ، ئــۇۋال بولغــان ئىشــلىرىنى ھــەل قىلىــپ بېرىــش ئۈچــۈن كــۆپ ۋاقــت ئاجراتقــان بولســامۇ، نەتىجىســى چەمبەرســىمان ئايلىنىــش بىلــەن ئاخىرلاشــتى. خىتايــدا پىلســىرات كۆۋرۈكىــدە ياشــاۋاتقان كەسپداشلىرىمغا ئاللاھتىــن ئامانلىــق تىلەيمــەن. چەتئەلــدە بولغــان كۈنلىرىمــدە تونۇشــۇپ قالغــان بىــر ئەركىــن مۇخبىرغــا يۇرتــۇم غۇلجا شــەھىرىدە چىقىدىغــان ئىلــى گېزىتىــدە، دىــڭ شــياۋپىڭ ئۆلگەنــدە ئىلىدىكــى مەلــۇم ئورۇنىنــڭ تەزىيــە بىلدۈرگەنلىــك خەۋىــرى بىرىنچــى بەتنىــڭ ئاستىنقى ستۇنىغا بېرىلىــپ قالغانلىقــى ئۈچۈنلا، گېزىتخانــا باشــلىقى قاتارلىــق 4 نەپــەر خادىمنىــڭ ئەمەلدىــن بىراقــلا ئېلىــپ تاشــلانغانلىقىنى، «ســىم - ســىم يامغــۇر» دېگــەن ماۋزۇدىكــى ئادەتتىكــى بىــر ماقالىنىــڭ گېزىتتــە بېرىلگەنلىكــى ئۈچــۈن مۇخبىــر، مۇھەررىرلەرنىــڭ بىــر ئايلىــق مائاشــىنىڭ تۇتــۇپ قېلىنغانلىقىنــى، بىــر تېلېۋىزىيــە مۇخبىرىنىــڭ ئوبلاســتىنىڭ مۇئاۋىــن شۇجىســىنىڭ بــاش سۈرىتىنى غــۇۋا تارتىــپ قويغانلىقــى ئۈچــۈن، ئىستانىسا باشــلىقىنىڭ ئەمەلدىــن ئېلىــپ تاشــلىنىپ مۇخبىرنىــڭ تەنقىدلەنگەنلىكىنــى، شــۇنىڭ ئۈچــۈن تېلېكامېرانــى كۆتۈرگــەن مۇخبىرلارنىــڭ غــۇۋا بولــۇپ قېلىشــتىن قورقــۇپ، ئەمەلدارلارنىــڭ ئەتراپىــدا ئەگىپــلا يۈرىدىغانلىقىنــى ســۆزلەپ بەرگىنىمــدە، بــۇ مۇخبىــر قاقاقــلاپ كۈلــۈپ كەتتــى ۋە: «ئــۇلار ھــالاك بولىدىغانغــا ئــاز

قاپتۇ. چۈنكى ئۇلار گۇمران بولۇشۇپتىپتۇ. كېسىپ ئېيتىمەنكى، سىلەر پات يېقىندا مۇستەقىل بولىدىكەنسىلەر» دېدى.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ كۈنى

ئىستانبۇل

# دوستۇمغا يېزىلغان خەت

## ئىككى سۈرەتنىڭ ئۇچرىشىشى

دوستۇم، ياخشىمۇسەن؟ دەردىلىك يۈرىكىمنى ئېلىپ ئەركىن ياۋروپاغا چىقىپ كەلگىنىمگە تۆت - بەش ئاي بولغان بولسىمۇ، سەن بىلەن پەقەت ئالاقىلىشالمىدىم. سەۋەبى خىتاينىڭ تېلېفونلىرىمىزنى تىڭشاپ، خەتلىرىمىزنى ئوقۇپ، ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىمىزنى ئېغىر دەپسەندە قىلىشى بولدى. ئەمما سەن بىلەن ھەر كۈنى پىچىرلىشىپ تۇردۇم.

دوستۇم، خىتايدا ئىنسان ئىدىيەسى ھەر كۈنى كۆرەشكە تارتىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر چوڭقۇرراق خىيال سۈرۈپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ سەۋەبتىن ئىككىمىزنىڭمۇ يۈرىكىمىز سىقىلغان ئىدى. دوستۇم، ياۋروپانىڭ ئەركىن پىكىر دېموكراتىيەسىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. خالىساڭ پىرېزىدېنت ئۈستىدىنمۇ شىكايەت قىلالايسەن، خالىساڭ ئېگىز چوققىغا چىقىپ ۋارقىرالايسەن، خالىساڭ كۈلەلەيسەن ياكى يىغلىيالايسەن، ۋەتەندىكىدەك يۈرىكىڭ يىغلاپ تۇرسىمۇ، چېھرىڭگە يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ «كومپارتىيە ياخشى» دەيدىغان ئىش يوق. دوستۇم بۇ ھەقتە سەن بىلەن ئايرىم پىكىرلىشىمەن.

دوستۇم، بۈگۈن مەن ئەنقەرەدىكى «ئانت قەبرى»دە ئۇلۇغ زات مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم. چاناقلىرىم ياش، لەۋلىرىم پىغان بىلەن تىترىمەكتە، چەكسىز

سوّيۇنۇش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. بوۋام، مۇستافا كامال ئاتا تۈرك ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇ مەن ئۈچۈن خۇددى چۆچەكلەردىكى رومانتىك قەھرىمانلاردەك بىلىنەتتى. بۈگۈن مانا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بۇ مەشھۇر قوماندانىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇنىڭ غۇرۇر، ۋىجدان، تۈرك مىللىتىنىڭ ئار ـ نومۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھاياتى ۋە ئۇ قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇشلار بىلەن تونۇشتۇم...

دوستۇم، قولۇمدا ئىككى پارچە سۈرەت بار، سۈرەتلەر بىلەن پىچىرلىشىۋاتىمەن. كىشىلەر ئادەم سۆزلەيدۇ دەيدىكەن، ئەمما مەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، سۈرەتمۇ سۆزلەيدىكەن. دوستۇم ئەگەر سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن سۈرەتكە باقساڭ، سۈرەتتىن بىر تارىخ، بىر دەۋر، بىر مىللەت كەچمىشىنى بىلىۋالالايسەن. قارا دوستۇم، مۇستافا كامالنىڭ سۈرىتىگە، ئۇنىڭ تۈرك كەچمىشى مۇجەسسەم كۆزلىرىگە، تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىغا، چەكسىز ئوي ـ خىيال، پىكىر دولقۇنلىرى مۇجەسسەم تىكىلىشلىرىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشكەن مىللەتنىڭ كېلەچىكى، تەقدىرى ھەققىدىكى ئالەمشۇمۇل روھ ۋە ئىچكى دۇنيا ئۇنىڭ چېھرىگە تەپكەن، چېھرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. ئەگەر مۇستافا كامالنى ھېچقانداق تونۇمايدىغان بىر كىشىگە ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتسەڭ، قىلچە ئىككىلەنمەي «بۇ بىر مىللەتنىڭ داھىيسى، يول باشچىسى ئىكەن» دەپ كەسكىن جاۋاب بېرەلەيدۇ. تۈركلەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ، مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ سۈرىتىگە بىر قاراپلا، تۈركلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كەچمىش ۋە قىسمەتلەرنى بىلىۋالالايسەن، مانا بۇ ھەقىقىي داھىينىڭ، بىز ئىزدەۋاتقان داھىينىڭ ئوبرازى.

دوستۇم، خېتىم شۇ يەرگە كەلگەندە، «ئاداش، قولۇڭدىكى

يەنە بىر سۈرەت كىمنىڭ؟» دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. ساڭا لەۋلىرىم تىترىگەن هالدا شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، بۇ... بۇ بىزنىڭ داهىيمىز، يەنى ئۇيغۇرنىڭ داهىيسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۈرىتى. بۇ سۈرەتنى قانداقمۇ مۇستافا كامالنىڭ سۈرىتىگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن دەيسەن؟ ئۇ خۇددى ئۇيغۇر قىسمەتلىرى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋەتسىز كىشىدەك سۈنئىي كۈلۈمسىرەپ تۇرغان. ئۇيغۇرنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان، ئۇيغۇرنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى تالان ـ تاراج قىلىنىۋاتقان؛ ئۇيغۇر، خىتاي ۋە روستىن ئىبارەت ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ ئىڭراۋاتقان؛ ئۇيغۇر، ماۋ زېدوڭ بىلەن ستالىن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئېتىپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىغان توپ قىلىنىۋاتقان شۇنداق مەزگىلدە، كىمنىڭ چېھرىدە كۈلكە دەيسەن؟ دۇنيا خەلقلىرى ئۆز تەقدىرى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقان، خەلق ھۆرلۈككە، تاڭغا تەشۋىش ئىلكىدە تەقەززا بولۇۋاتقان شارائىتتا كىممۇ ئۇنداق كۈلۈمسىرىيەلىسۇن دەيسەن؟

دوستۇم، داهىيمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ غەمسىز كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىگە بىر سائەت، ھەتتا بىر كۈنلەپ تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپتىم. ماناس دەرياسى بويىدىن بىچارىلەرچە قايتىشىمىز، تۆلكىنىڭ ئۇۋىسىغا سۆلھى ـ سالاغا بېرىشىمىز، قۇللۇقنىڭ تەكرارلىنىشى قاتارلىقلار... ئاخىرقى جاۋاب شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر قىسمەتلىرىدىن بىگانە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇنداق داهىي بىزگە يولباشچى بولۇپ، بىزنى ماناس دەرياسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدىكەن. دوستۇم ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر مۇستافا كامال بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىمىزغا رەھبەرلىك قىلغان بولسا، ماناس دەرياسى بويىدىن نامەردلەرچە قايتىپ كېلەرمىدۇق؟ تۆلكە بىلەن سۆلھى تۈزەرمىدۇق؟ ستالىن ياكى باشقىلارنىڭ

قىرىشتىشىدىن قورقارمىدۇق؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى. ئەگەر ستالىن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولغان بولساق، ئۇيغۇر تارىخى ھازىرقىدەك بىچارە تارىخ ئەمەس، بەلكى ئالەمشۇمۇل قەھرىمانلىق تارىخى بولۇپ، مەردانە تارىخ سۈپىتىدە پۈتۈلگەن بولاتتى. نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنىڭ يۇلغۇن قىزارغان داللاردا قەۋرىسىز قېلىشى، ئۇيغۇر تارىخىنى ئالتۇن ھەل بىلەن پەخىرلىك تارىخ قىلىپ يېزىش ئۈچۈن ئىدىغۇ؟ دوستۇم، قەھرىمان مىللەتنىڭ قەھرىمان داھىيسى بولۇشى كېرەك ئىكەن، خۇددى مۇستافا كامال، جەۋھەر دۇدايېۋلارغا ئوخشاش...

قولۇمدا ئىككى داھىينىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى، بىرىنىڭ داھىيلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندۇم. ئۇنىڭ چېھرى بىر ئەينەك كەبى يۈرىكىدىكى مىللەت يالقۇنىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىككىنچى سۈرەتتىكى سۈنئىي كۈلۈمسىرەش ماڭا ياقمىدى. چۈنكى مىللىتىم يۈرىكى دەردلىك يارا بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈلكە تېتىمايتتى. شۇڭا سۈرەتنى ئاستا دۈم قىلىپ قويدۇم.

2003 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن

ئىستانبۇل

## خەير- خوش سوببور تۈرمىسى

ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سادىق غالچىلىرى بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە سادامنىڭ ئەخمەق جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر مۇنداق ئىككى خىل ئىدىيە تەركىبىگە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى خىلدىكىلىرى، ۋىجدان - غۇرۇرى بار، ئىنسانلىق ياشاشنى خالايدىغان كىشىلەر. ئۇلار گەرچە يېزىقچىلىق جەھەتتە قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئېغىپ كەتمەسلىكنى ياشاش پىرىنسىپى قىلغان بولغاچقا، بۇ خىل ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراش ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇلار ھەقىقىي زىيالىيلار تىپىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ھەرقايسى سىياسىي دەۋرلەردە مۇستەقىل مەيدان ۋە ئېتىقادى بىلەن ئېغىشماي ياشاپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى خىلدىكىلىرى، جان باقارلار بولۇپ، ئۇلار كۆز ئۆتكۈزۈش كويىدا بىتەرەپ ياشاپ كەلمەكتە. خىتايدا پەقەت بىرلا پارتىيە، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان يۇقىرىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىدىيە تىپىغا تەۋە مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭ ھەممىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتىپ بەرگەن تەشۋىقات يۆنىلىشىنى چۆرىدەپ خەۋەر، ماقالە يازىدۇ. بۇ خىل ئاتالمىش تەشۋىقات يۆنىلىشى «ئىجابىي تەشۋىقاتتا

چىڭ تۇرۇش» دېيىلىدىغان بۇيرۇقلار ۋە دەرىجىمۇ دەرىجە تەستىقلىنىپ باستۇرۇلىدىغان پولات تامغىلار ئىسكەنجىسىدە بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستان مۇخبىرلىرى خۇددى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گىتلېرنىڭ سوبىبور تۈرمىسىگە قامالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلۈپ كەتكەن 1بىرىنچى خىل ئىدىيە تىپىدىكى كىشىلەر بۇ تۈرمىدىن تېزراق قۇتۇلۇشنى، ئۆز ئىرادىسى، ئەركىنلىكى بويىچە خەۋەر، ماقالە يېزىشنى ھەر ۋاقىت ئويلايدىغان بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇن رەۋىشتىكى نارازىلىقنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى خىل ئىدىيە تىپىغا مەنسۇپ كىشىلەر، ئۇزۇن مەزگىللىك بېكىنمىچىلىك ۋە بىر خىل قېلىپتىكى يېزىقچىلىق فورمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، باشلىق سىزىپ بەرگەن سىزىقنىڭ سىرتىغا چىقالمايدىغان، پادىشاھنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدىغان، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئوخشايدۇ. خىتاي تەشۋىقاتىدا ئىجابىي تەشۋىقات دېيىلىدىغان دۇنياغا يات بىر ئۇقۇم مەۋجۇت بولۇپ، بۇ «توختىماي مەدھىيەلەش كېرەك» دەيدىغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، تارىختىن بۇيان بۇ خىل مەدھىيە ئاستىغا ئەڭ ئېغىر زۇلۇملار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى غۇلجا شەھىرىگە جايلاشقان ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خىتايدىكى ئەنە شۇ سوبىبور تۈرمىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىستانسا باشلىقىدىن تارتىپ ئادەتتىكى خىزمەتچىگە قەدەر 80% كىشى تۈرلۈك

مۇناسىۋەت تورلىرى ۋە پارا بېرىشلەر ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىنگەن بولغاچقا، ئاساسىي سالامەتلىك ئىشچىلىقتىن كەسىپ ئالماشقانلار ۋە ئارتىسلىقتىن كەسىپ ئالماشقانلار، شۇنىڭدەك ئىلىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئىگىلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە تولۇق كۇرسلارنى پۈتتۈرگەن كەسىپ ئەھلىلىرى ناھايىتى ئاز سانلىقنى ئىگىلىگەنلىكتىن ۋە يۇقىرىقىدەك قاتمۇ قات توساقلار سەۋەبىدىن، بۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان تۈزۈكرەك بىرەر پىروگراممىسى يوق بولۇپ، سابىق ئىلى ۋىلايىتىنى ئاساس قىلغان ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنى يالغان، ساختا، ھاياسىز دورا ئېلانلىرى ئارقىلىق ئالداش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

بۇ ئىستانسىنىڭ ئۇيغۇرچە قانىلى قۇرۇق شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاھالىنىڭ 90% نى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىپ، تېلېكامېرانى كۆتۈرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر مۇخبىر يوق. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرچە قانال خىتاي مۇخبىرلار يېزىپ كەلگەن خىتايچە خەۋەرلەرنى بىر كۈن تەرجىمە قىلىپ، ئەتىسى تارقىتىدۇ. بۇنىڭدىن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، مۇخبىرلىرىغا ئىشەنمەيدىغانلىقى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە چەتكە قاقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرچە قانالنىڭ خىتايچە ئىلى خەۋەرلىرى بىلەن ئىلى كەچلىك خەۋەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش رولىدىن باشقا، خەلق ئارىسىغا بېرىپ مۇخبىرلىق قىلىش ياكى دېھقانلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەخسۇس پىروگراممىلارنى ئىشلەش ھوقۇقى يوق بولۇپ، ئۇيغۇرچە قانال ئاساسەن خەۋەر ۋە بىر نەچچە سەنئەت پىروگراممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خالاس.

تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئىلى خەۋەرلىرى پىروگراممىسىدا ھەر كۈنى ئىلىدا ئېچىلغان شەكىلۋاز يىغىنلارنىڭ

خەۋىرى بېرىلىدۇ ۋە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى لىن تيەن شى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ گۇلياڭنىڭ باش سۈرىتىنى كۆرسىتىش ئاساس قىلىنىدۇ.

## جاڭ گۇلياڭ كىم؟

جاڭ گۇلياڭ شەرقىي تۈركىستانغا شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ تەلىيى كەلگەن شۇجى ۋاڭ لېچۈەننىڭ قۇدىسى، شۇنداقلا ۋاڭ لېچۈەننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى شەندۇڭلۇقلار ئەرزان باھادا سېتىۋېتىش ھيلە ـ نەيرەڭنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى. ئۇ، ئىلى كەندىر تاناپ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئىلى 1 ـ ، 2 ـ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، غۇلجا شەھەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارالىق سودا بازىرى قاتارلىق جايلارنى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، شەندۇڭلۇقلارغا سېتىۋېتىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقتا داڭ چىقارغان خىيانەتچى ئىدى. نۆۋەتتە ئۇ شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتا ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىقلاردىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەن، سېپى ئۆزىدىن مىلىتارىست ۋاڭ لېچۈەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇشقان بولغاچقا، جاڭ گۇلياڭنىڭ ھوقۇقى مۇئاۋىن شۇجى بولسىمۇ، لېكىن ئىلى ئوبلاستى شۇجىسى لىن تيەن شى بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنرەك ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. 2000 ـ يىلى سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى داڭ جيې ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلىدىن شۇجى جاڭ گۇلياڭنىڭ باش سۈرىتىنى كامېرادا غۇۋا تارتىپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بويىچە چوڭ يىغىن

ئېچىپ تەنقىدلەنگەن ۋە سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى.

مانا بۇ مىساللار ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەقىقىي سوبىبور تۈرمىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ جايدىكى مۇخبىرلارنىڭ شەخسكە چوقۇنۇش، شەخسنى مەدھىيەلەش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىچارىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مەن ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلىمدە، ئەمەلدارلارنىڭ دىتىغا ياقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىبارەت بۇ سوبىبور تۈرمىسىنىڭ، ئەڭ ئېغىر جازا لاگېرى بولغان خەۋەر تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدىم. «ھەي سوبىبور، ھامان بىر كۈنى قاچىمەن» دەپ ئويلايتتىم.

كوممۇنىست خىتايلار بېسىپ تارقاتقان، ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئورۇنلىرىنى سىياسىيونلار باشقۇرۇشى كېرەك دەيدىغان ئۇزۇندى ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەھىملىك ماقالىلەر بىلەن ئىجابىي تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرايلى! دېگەنگە ئوخشاش مەجبۇرىي تېڭىلغان شوئارلار، «سوبىبور تۈرمىسىدىكىلەر» ھەر كۈنى ئۆگىنىدىغان مۇھىم تېمىلاردىن ئىبارەت.

ئاخبارات ـ نەشرىيات ئورۇنلىرىنى سىياسىيونلار باشقۇرۇشى كېرەك دېيىلىدىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ پۇرىقى بار بۇ غەيرى سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىتخانىلارنى كەسپتىن قىلچە خەۋىرى يوق شۇئارۋاز جاۋىلداق سىياسىيونلار ئىگىلەپ، تالانىت خارلىنىپ، ئىختىساسلىقلار چەتكە قېقىلماقتا. پارتىيە

مەكتەپلىرىدە كۆپلەپ سىياسىي شوئارۋازلار يېتىشتۈرۈلۈپ، كەسپىي ئورۇنلارغا سەپلەنگەنلىكتىن، كەسىپ ئەھلىلىرى ئۆزۈكچىلىكى پەيدا بولماقتا. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاندەك ئاخبارات تەشۋىقات ساھەلىرىدە تالانت ئىگىلىرى خارلىنىپ، ئىقتىدارسىز، خۇشامەتچىلەر مەنسەپ تۇتىدىغان، ئەقىل ئىگىلىرى نادانلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. بۇ خۇددى موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇندىن 100 يىل مۇقەددەم يازغان «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇرتنى خۇشامەتچىلەر قاپلاپ، تالانت ئىگىلىرى خارلانغان تارىخىي رېئاللىقنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئىمپېراتورغا نىسبەتەن ئۆز - ئۆزىنى مەدھىيە-لەشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى، خارابلىششقا قاراپ يۈز-لەنگەنلىكىنىڭ بېشارىتى.

خەير- خوش سوبىبور تۈرمىسى! تاڭ سۈبھىدە كۆرۈ-شەيلى.

2003 - يىلى 1 - ئىيۇل

ئىستانبۇل

## ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرغا يۈز كېلەلەمدۇ؟

(بۇ زىيارەت خاتىرىسى، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى قارمىقىدىكى ئۇچقۇن گېزىتى ئۈچۈن مەخسۇس يېزىلغان ئىدى)

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، يېقىندا ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل زىيارەتتە بولدى ۋە قايتىش سەپىرىدە ئىستانبۇلدا مۇخبىرىمىزنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرغا يۈز كېلەلەمدۇ؟» دېگەن تېمىدا ئېلىپ بارغان زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. تۆۋەندە بۇ زىيارەتنىڭ ئەسلى ئەھۋالىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

**مۇخبىر: ھۆرمەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى، بۇ يىل خىتاي باشچىلىقىدىكى شاڭخەي 5 ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى بەكرەك مۇجۇغان بىر يىل بولدى. مەسىلەن: خىتاي رەئىسى خۇ جىنتاۋ قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەر بېرىشتى. شاڭخەي 5 نىڭ قىرغىزىستاندىكى قوماندانلىق ئىشتابىنى تاشكەنتكە يۆتكىدى ۋە ئۆزئارا بىرلىشىپ ئىلى ۋىلايىتى چېگرىسى ئىچىدە ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ باردى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ خىل ئەھۋاللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەندىكىلەرگە ئوخشاشلا بىئارام قىلدى. سىز ئوتتۇرا ئاسىيادا زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا، شۇنىڭدەك سىياسىي ھاياتىدا نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟**

ئەخمەت ئىگەمبەردى: شۇنداق، بۇ يىل ئۇيغۇرلار ئەڭ ئېغىر سىياسىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بىر يىل بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر تارىخ بولۇپ قالغۇسى. بولۇپمۇ خىتاينى قوللاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا بولغان بېسىمى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن شۇنىڭغا شاھىت بولدۇمكى، ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىۋاتقان كانتىنىت، ۋىرمىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىيو - تېلېۋىزىيەلەردە دائىما «ئۇيغۇر تېرروررچىلىرى» دېگەن بەتنامنى ئاڭلاش مۇمكىن. مەسىلەن: ۋىرمىيە گېزىتىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ خىتاينىڭ چېچىنىيەسى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى ئالساق، ياكى بولمىسا كانتىنىت ژۇرنىلىنىڭ 7 - ئايدىكى سانلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى موسكۋادا نەشر قىلىنغان كامسومولسكا پىراۋدانىڭ ئاۋغۇست ئايلىرىدىكى سانلىرىدا بولسۇن، شۇنداقلا قىرغىزىستاندا چىقىۋاتقان بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا بولسۇن، ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم شەخسلەر بولسۇن، بىردەك ھالدا «ئۇيغۇر تېرروررچىلىرى» دېگەن بەتنامنى خىتاي بىلەن تەڭ توۋلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە سىياسىي ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى ئاپرېلدا شاڭخەي 5 ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇرغاندىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئاز - تولا مەنپەئەت بېرىش بەدىلىگە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر ئۇيغۇر خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

قېرىنــداش ھۆكۈمەتلەرنىــڭ سىياســي، ئىقتىســادىي بىســىملىرىغا ئۇچرىماقتــا. بىــز بىــر ئۇيغــۇر بولــۇش سۈپىتىمىز بىلــەن شــۇنداق قارايمىزكــى، ئوتتــۇرا ئاســىيادىكى قېرىنــداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىــن كېلىۋاتقــان بــۇ ۋاپاســىزلىق، بىزنــى قاتتىــق ئېچىندۇرىــدۇ.

**مۇخبىــر: ئوتتــۇرا ئاســىيا جۇمھۇرىيەتلىرىــدە، بولۇپمــۇ قازاقســتان ۋە قىرغىزىســتاندا چىقىۋاتقــان گېزىــت - ژۇرناللارنىــڭ تەلەپپــۇزى بىيجىــڭ ھۆكۈمىتىنىــڭ تەلەپپۇزىغــا كۆنىدىــن - كۈنگــە ئوخشــاپ كېتىۋاتىــدۇ. مەســىلەن: بىيجىــڭ ھۆكۈمىتــى «خىتايغــا ئاساســي خــەۋپ شــىنجاڭدىكى مىللىــي بۆلگۈنچىلەردىــن كېلىــدۇ» دېســە؛ قــازاق، قىرغىــز قېرىنداشــلىرىمىز «قازاقســتان، قىرغىزىســتانغا ئاساســي خــەۋپ ئۇيغــۇر تېرروروچىلىرىدىــن كېلىــدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتىــدۇ. ســىزنىڭچە نەچچــە مىــڭ يىللاردىــن بۇيــان مەركىــزى ئاســىيا ۋە ئوتتــۇرا ئاســىيادىن ئىبــارەت بــۇ بىپايــان زېمىنــدا ئۆز قېرىنداشــلىرى بىلــەن ئېجىــل - ئىنــاق ياشــاپ كەلگــەن ئۇيغــۇر خەلقى، ئەجەبا بۈگۈنكــى كۈنگــە كەلگەنــدە راســتىنلا بــۇ زېمىندىكــى  خەۋپلىــك  مىللــەت بولــۇپ قالغانمىــدۇ؟**

ئەخمــەت ئىگەمبــەردى: ئۇيغــۇر خەلقىنــى يەنــە بىــر ئەپسۇســلاندۇرۇۋاتقان ئىــش شــۇكى، بىيجىڭــدا جىيــاڭ زېمىــن بىلــەن خــۇ جىنتــاۋ نېمــە دېســە، بىشــكەك ۋە ئاســتانىدىكى ئەمەلــدارلار خــۇددى تۇتــى قۇشــىدەك شــۇ گەپنــى تەكرارلاۋاتىــدۇ. ئۇلارنىــڭ بىلدۈرۈشــىچە، ئۇيغــۇر تېرروروچىلــرى قازاقســتان، قىرغىزىســتان ۋە ئۆزبېكىســتان ھۆكۈمەتلىرىنىــڭ ئامانلىقىغــا زىيــان يەتكۈزۈۋېتىپتىمــش. بــۇ پۈتۈنلــەي ئەخمىقانە سەپسەتە، تۇخۇمدىن تــۈك ئۈنــدۈرۈش. مــەن بــۇ مەســىلىگە قارىتــا شــۇنداق ئېيتىمەنكــى، بولۇپمــۇ بىــز ئۇيغــۇرلار 1991 ـ يىلــى ســوۋېت ئىمپېرىيەســى غۇلىغانــدىن كېيىــن، ئوتتــۇرا ئاســىيادىكى قېرىنداشــلىرىمىزدىن ناھايىتــى چــوڭ ئۈمىدلەرنــى كۈتكــەن ئىــدۇق. بۇندىــن 70 يىــل

ئىلگىرى بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز ئۆزبېك...لەر بىر مىللەت ئىدۇق، تىلىمىز بىر ئىدى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بىر ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ 70 يىللىق دىكتاتورىسى بىز بىر خەلقلەرنى پارچە - پارچىغا بۆلدى. سۈنئىي يوسۇندا چېگرالار ئاجراتتى، بۆلۈپ تاشلىدى، قەلبىمىزنى بۆلدى، ئىمانىمىزنى بۆلدى، غۇرۇرىمىزنى بۆلدى. بىر مىللەتنى بىر قانچە مىللەتلەرگە پارچىلىدى. مانا ھازىر سۈنئىي يوسۇندا چېگرالار بار، تىللىرىمىز سۈنئىي يوسۇندا باشقىچە بىر دىئالېكتلار بىلەن بۇزۇلماقتا. بۇ رۇس پادىشاھى ئۈچۈن، خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بىر خۇشامەتچىلىك ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۇسۇل ئوينىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**مۇخبىر: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بولسۇن ۋە ياكى تۈركىيە تۈركلىرى بولسۇن ھەممىمىز بىر تۈرك مىللىتى، قان قېرىنداشلاردۇرمىز. بۇ بىر ھەقىقەت تۇرۇقلۇق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تۈركىيەدە خىتايدەك بىرەر يات مىللەت ئۇيغۇرنى بىلىپ - بىلمەي «تېرورچى» دەپ سالىدىكەن، تۈركلەر ئۇنىڭ ئاغزىنى قانىتىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر ئۆز قېرىنداشنى ئۆزى «تېرورچى» دەپ داپ چېلىۋاتىدۇ. بۇ كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ 70 يىللىق ئاسارىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىملىكنى بىلمەسلىك بىچارىلىكىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ قانداق؟**

ئەخمەت ئىگەمبەردى: شۇنداق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ئاسمان - زېمىن پەرق بار. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ 70 يىل يۈرگۈزگەن كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ ئىمانىنى، غۇرۇرىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە

مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوقاتقانلىقىدىن دەپ قارايمەن. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈركىيەدە ئەھۋال باشقىچە. گەرچە تۈرك ھۆكۈمىتىدىمۇ بەزى چاغلاردا ئۆز مىللىي مەنپەئەتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىچىدە بىز ئۆز ۋەتىنىمىزدە ياشىغاندەك ياشايمىز. مەن تۈركىيەگە كۆپ قېتىم كەلدىم، تۈركلەر بىزنى «ئاتا تۈركىمىز، قان قېرىندىشىمىز، بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋال ئەپسۇسكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا يوق. تۈركىيەدە بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساس سەۋەب شۇكى، مۇستافا كامال ئاتا تۈرك باشچىلىقىدا 1923 - يىلى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، «تاشقى دۇنيادىكى تۈركىي مىللەتلىرىنى ئۆز قان - قېرىنداشلىرى قاتارىدا كۆرۈش» دەيدىغان بىر سىياسىي پىروگراممىنى بەلگىلەپ چىققان ئىدى. بۇ پىروگرامما ئىنشائاللاھ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ قاراش ھەم ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بىز تۈركىيەنىڭ نەرىگە بارمايلى، قانداق تۈركلەر بىلەن ئۇچراشمايلى، «شەرقىي تۈركىستاندىن كەلدىم» دېگەندىن كېيىنلا، دەرھال «سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، بىز ساڭا ياردەم قىلىشىمىز لازىم، سەن خىتاينىڭ ئاسارىتىدە قالدىڭ» دەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ دەردىمىزنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما بىز بىلەن چېگراداش بولغان ئالمۇتا، بىشكەكلەردە بۇيەردىكى سوغۇق مۇئامىلە سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دېيىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ تۇرماقتا. بۇ يەنىلا شۇ سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ 70 يىللىق تەسىرىدىن ۋە دۇنيا خوجايىنلىقىنى تالىشىۋاتقان خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىرىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت دەپ قارايمەن.

**مۇخبىر: ئەگەر ئۇيغۇرلار دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىپ قالسا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلەرمۇ؟**

ئەخمەت ئىگەمبەردى: سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز ياخشى سوئال بولدى. بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتىنچە بۇ نىمەتتىن چەتتە تۇرۇۋاتىمىز. بىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك مىللەتمىز. بىز دۆلەتچىلىكنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن؛ دۇنيادا، ياۋرو ـ ئاسىيادا ئۇلۇغ سەلتەنەتلىك سۇلالىلەرنى، خانلىقلارنى قۇرغان؛ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ ئالىملارنى، شائىرلارنى، تارىخچىلارنى، تىلچىلارنى يەتكۈزگەن ئۇلۇغ مىللەتمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىز مۇقەررەر. بۇ مەسىلە، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايمەن. ئەنە شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۇ چاغلاردا قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ھۆكۈمەتلىرى بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۈچۈن بىزگە نىمە دەپ چۈشەنچە بېرەركىن؟ ئۇيغۇرلار مەيلى سوۋېت دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى دەۋردە بولسۇن ھېچقاچان بۇ رېسپۇبلىكىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشلىرىغا زىيان يەتكۈزگەن يېرى يوق، ئەكسىچە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنشائاللاھ، تارىخ ھامان ئۆز يەكۈنىنى چىقىرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى يادلايدىغان كۈنلەر ھامان كېلىدۇ. تارىختا ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قان ـ ياشلىرى ۋە بەدىنى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى خىتاي ۋە باشقا ھۆكۈمرانلاردىن قوغداپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنى «تېرورچى» دېگەن ھەرقانداق كىشى كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلمەيدۇ.

**مۇخبىر: رەھمەت سىزگە.**

ئەخمەت ئىگەمبەردى: سىزگىمۇ رەھمەت.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي

ئىستانبۇل

# سالام، 12 - دېكابىر!

بۈگۈن، 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىنى ئاساس قىلغان ئۈرۈمچىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىشى ئېلىپ بارغان كۈن.

12 ـ دېكابىر ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىتاينىڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى تۇرايلى! خىتاي كۆچمەنلىرى ۋەتىنىمىز زېمىنىدىن چىقىپ كەتسۇن! تۆمۈر داۋامەت ئىسمى جىسمىغا لايىق تۆمۈر تاۋاق! شىنجاڭدا ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز!» دېگەنگە ئوخشاش ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئىگە شوئارلار شۇ دەۋرلەردىمۇ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 12 ـ دېكابىر ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى، قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى، تەشكىلچانلىقى، سىياسىي قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سالغان ۋە ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى داڭلىق خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ قىزىق نۇقتا تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى.

12 ـ دېكابىر ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جۇڭگودىكى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە مۇھىم كاتالىزاتورلۇق رول ئوينىغان بولۇپ، ۋېي جىنشىڭ ۋە ئۆركەش ئەپەندىلەر باشچىلىقىدا 1989 ـ يىلى

6 ـ ئايـدا تيەنئەنمېـن مەيدانــدا ئېلــپ بارغــان ئوقۇغۇچــلار دېموكراتــك ھەركتننــى، ئەلۋەتتــە 12 ـ دېكابــر ئۇيغــۇر ئوقۇغۇچــلار دېموكراتــك ھەركتننــڭ بېۋاســتە تەســرىدىن ئېلــپ بېرىلغــان ھەركــەت دەپ قاراشــقا بولــدۇ.

12 ـ دېكابــر ئۇيغــۇر دېموكراتــك نامايــش ھەركتــى، شــەرقىي تۈركستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغــۇر زىيالىيلــرى ئىدىيەســدە زور بــر بۆرۈلــۈش ھاســل قىلغــان بىر قېتىملــق نامايىش ھەركىتى بولــۇپ، بــۇ ھەركەتتــن كېيــن ۋەتەندىكــى ئۇيغــۇر زىيالىيلــرى ۋەتــەن ـ مىللەتنــڭ تەقدــرى ھەققــدە يەنــە بــر قېتــم قاتتــق ئويلىنىشلاردا بولغــان. ئۇيغــۇر زىيالىيلــرى، «ئۇيغــۇر مۇســتەقىللىق كۈرەشــلرىنى قەيــەردە؟ قانــداق ئېلــپ بېرىــش؟» توغرىســدا بــاش قاتۇرغــان ۋە مۇســتەقىللىق كۈرەشــلرىمىزنى ئالــدى بىلــەن ئەركــن ياۋروپــادا ئۇيغــۇر مىللىتنــى دۇنياغــا تونۇتــۇش، ئۇيغــۇر مىللىتــى دۇچ كېلىۋاتقــان زۇلۇملارنــى دۇنيــا خەلقىگــە بىلــدۈرۈش بىلــەن ئىــش باشــلاش لازىملىقنــى تونــۇپ يەتكــەن. نەتىجــدە 1985 ـ يىلىدــن ئېتىبــارەن نۇرغۇنلىغــان ئۇيغــۇر زىيالىيلــرى چەتئەللەرگــە قېچىــپ چىقىــپ، چەتئەللەردىكــى مۇســتەقىللىق كۈرەشــلرىمىز ســېپىگە قوشــۇلۇپ، غــەرب دۇنياســى تەكىتلەۋاتقــان «كىشــلىك ھوقــۇق، دېموكراتىيــە، ئىنســان ھەقلــرى» بايرىقــى ئاســتىغا يىغىلــپ، ياۋروپادىكــى ھەرقايسى ئەللەردە تەشــكىلاتلارنى قۇرۇپ، نامايــش ۋە تەشــۋىقات پائالىيەتلىرىنــى جانلانــدۇرۇپ، مۇســتەقىللىق قوشــۇنىمىزنى يىلدىــن يىلغا زورايتىشــقا باشــلىغان. خىتــاي 2002 ـ يىلــى ئېــلان قىلغــان «شــەرقىي تۈركســتان تېرروررچىلــرى جىنايــى جاۋابكارلىقتىــن قېچىــپ قۇتۇلالمايــدۇ» ناملــق كىتابىــدا تىلغــا ئېلىنغــان، چەتئەللەردىكــى ئۇيغــۇر مۇســتەقىللىق كۈرەشــلرىگە ئائىــت 54 تەشــكىلاتنىڭ ھەممىســى دېگــۈدەك، 12 ـ دېكابــر ئۇيغــۇر دېمۇكراتــك نامايــش ھەركىتىدــن كېيــن چەتئەللەرگــە

قېچىپ چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر ياش مۇجاھىدلار قۇرغان تەشكىلاتلاردىن ئىبارەتتۇر.

12 ـ دېكابىر ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى بولۇپ ئۆتكەن 18 يىللىق تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ تارىخ بوران ـ چاپقۇنلۇق، ئەمما مول ھوسۇللۇق تارىختۇر. بۇ 18 يىل جەريانىدا چەتئەللەردە مۇستەقىللىق كۆرىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتارلىق ھەر ساھە كىشىلىرىمىز، غەرب دۇنياسىنىڭ زور دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى»نى سۈنئىي ئۇسۇلدا پەدەزلەپ كېلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بۇ 18 يىللىق تارىخ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك تارىخى بولۇپ، بۇ 18 يىلدا «ئۇيغۇر مەسىلىسى، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى» دېيىلىدىغان قاباھەتلىك قارا پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنى خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلاندۇردى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 12 ـ دېكابىر ئۇيغۇر دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇنتۇلماس ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 18 يىللىق تارىخ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بارىن ئىنقىلابى، غۇلجا ئىنقىلابى ۋە كۈرەش تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى خوتەن ئىنقىلابى قاتارلىق شەرەپلىك ئىنقىلابلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنى تاۋلىغان، ھەم يېتىشتۈرگەن تارىختۇر.

بۈگۈنكى 12 ـ دېكابىردىن 1985 ـ يىلدىكى 12 ـ دېكابىرغا نەزەر سالغىنىمىزدا، تۆلىگەن بەدەللىرىمىز ھەقىقەتەن ئېغىر بولدى. ئەمما سانىمىزنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، 1.5 ملىيارد نوپۇسلۇق خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق. بۇ غەلىبە شۇكى،

ئۇيغۇر دەۋاسى خەلقئارالىق كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى ۋە خىتايلار ئاخىرى ئۆزلىرىنى تارىختىن بۇيان راھەتسىز قىلىپ كېلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ ئىسىمنى تىلغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

نەتىجىدە 1985 ـ يىلدىن ئېتىبارەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىپ، چەتئەللەردىكى مۇستەقىللىق كۈرەش سېپىگە قوشۇلۇپ، غەرب دۇنياسى تەكىتلەۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى» بايرىقى ئاستىغا يىغىلىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، نامايىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ مۇستەقىللىق قوشۇنىمىزنى يىلدىن يىلغا زورايتىشقا باشلىغان.

2005 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر

ئىستانبۇل

# ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى

(گۋەنتانامو تۈرمىسىدىن ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە چىققان 17 نەپەر ئەزىمەتكە بېغىشلايمەن)

*ئەر يىغلايدۇ*
*ئەل ئۈچۈن...*
*يۇرت ئۈچۈن...*
*يىغلايدۇ*
*مۇھەببەت ئۈچۈن*

(ۋەتەندىكى مەلۇم شائىر ئاغزىدىن)

بۈگۈن دۇنيادا بۇ 17 نەپەر گۇناھسىز ئەركىنلىك جەڭچىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ناخشىلار قاتىدىغان، تۈگىمەس كۈيلەر ياڭرىتىدىغان، بېشىمىزدا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان، گۈللەرگە پۈركەيدىغان، داستانلار يازىدىغان. بىزنىڭمۇ تۈركلەرنىڭ «چاناق قەلئە قەھرىمانلىقلىرى» دىن قېلىشمايدىغان پەخىرلىك تارىخلىرىمىز بار.

ئەي ۋەتەن جەڭچىلىرى، ئەل - يۇرت ئۈچۈن يىغلىغانلار، سىلەر بىلەن ئۇيغۇر داۋاسى جۇلالىق. سىلەر بىلەن ئۇيغۇر داۋاسى كۈچ ۋە جاسارەتلىك، سىلەر بىلەن ئۇيغۇر داۋاسى دۇنيانىڭ كۆزىدە...

ئۇلار، كىشىلەر تېخى ئويغانمىغاندا ئويغانغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى ئەركىنلىك

ۋە ھۆرلۇك مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋازىنى ھەر دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئالغا قاراپ چاپتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن زالىملارنىڭ ئىتلىرى قوغلىسىمۇ، ئاپتوماتلارنىڭ تاتاتىلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، يەردە قاپقان ئاسماندا تور قۇرۇلسىمۇ، ئۇلار توختىماي ئالغا قاراپ، تاڭغا قاراپ يۈگۈردى. بىپايان، ئەمما خائىن ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە، تاغۇ - بوستانلىقلىرىدا، ئافغانىستان دەشتلىرىدە ۋە تورا - بورا تاغلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالدى. ئۇلار بىر نىيەت بىر مەقسەت ئۈچۈن ئالغا... ئالغا... چاپماقتا ئىدى. قانچىلىغان سەپداشلىرى قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن بىلەن خىتايغا ھەدىيە قىلىندى، قانچىلىغان سەپداشلىرى خىتاينىڭ باھار بايرىمىلىق كۆڭۈل ئېچىش سوۋغىسى قىلىندى. قانچىلىغان سەپداشلىرى خىتاي تۈرمىلىرىدە قىيىن - قىستاققا ئېلىندى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئورۇق، دۈشمەن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلار ھۆرلۈكتىن ئىبارەت بۇ مەشئەلنى كۈچ ئۇلاپ كۆتۈرۈپ ماڭماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇلار ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ناخشىسىنى ياڭرىتىپ دۇنياغا تارالدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق، ئىلى، تارىم، زەرەپشاندىن تاكى يىراق ئاسىيانىڭ ئۇ چېتىگىچە بولغان بۇ خەرىتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

ئەي ۋەتەن جەڭچىلىرى! سىلەر ئالدى بىلەن ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىسىلەر. چۈنكى سىلەر ئۆلۈم ۋە كۆرۈم ئوتتۇرىسىدىكى ھېساب - كىتابنى ئىنتايىن ئېنىق قىلغۇچىلار. يەنە سىلەر مىللەتنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىسىلەر. چۈنكى سىلەر شەخسىي مەنپەئەت، شېكەر مەنپەئەت بىلەن ۋەتەن - مىللەت مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بۇ ۋىجدان تارازىسىدا كېيىنكىسىنى تاللىغانلار. سىلەر بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز، چۈنكى سىلەر ئەركىنلىك مەشئىلىنى يىراق تارىم، زەرەپشان، ئىلى ۋادىسىدىن

دۇنياغا تۇتاشتۇرغانلار. سىلەر ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانلىرى، 30 ئوغۇلنىڭ گۈللىرى، ۋەتەننىڭ يېشىل قارىغايلىرى، ۋەتەن ئۈچۈن ئىزدەنگەنلەر، يول ئاچقانلار. سىلەردەك ئويلىغان، سىلەردەك چۈشەنگەن، سىلەردەك ۋەتەننىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان، سىلەردەك «ئەرنىڭ ئىپپىتى ۋەتەن» دەپ مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈرۈپ، چۇقان سالغان ئەركەكلەردىن قانچىسى بار... زادى قانچىسى...

دەر ھەقىقەت، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت ھەرۋاقىت قوشكېزەك بولۇپ كەلدى. ئەمما پەلەكنىڭ گەرتىېشى تەتۈر كېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ مىللەت مەغلۇبىيەتنى كۆرۈۋېرىپ، ئۇنىڭ قوشكېزىكى غەلىبىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىنسانلار قالتىس، ئۇلار غەلىبىلەرنى چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن قۇتلىغان چاغلىرىدا، ئەنە ئاشۇ غەلىبىلەرنىڭ يەنە قانچىلىغان مەغلۇبىيەتلەر نەتىجىسىدە بىر كېسەك، بىر كېسەكتىن قوپۇرلۇپ چىققانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەتلەرگە قارغىشلار ياغدۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ئاستىدا گۆھەردەك يالتىراپ تۇرغان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالدۇرۇلۇۋاتقان ئۆلمەس روھ، يېڭىلمەس غايە ۋە ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ كۆمۈلۈپ قالغان نەرسىلەر قانچىلىغان مەزلۇم مىللەتلەرنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرگەن ئەمەسمىدى؟!

ئىنسان ھاياتى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەرگەنلىرى بىلەن، شۇنداقلا تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەمەس، روھلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى قۇللۇقتا سۆكۈت قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى چۇقانلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى يەنە ھۆرلۈكنى بىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى

هۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان هاياتى ۋەتەنسىز ئەمەس، بەلكى ۋەتەن بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان هاياتى ئەيش ـ ئىشرەتلىرى بىلەن ئەمەس، ئىپپەتلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئۇلاردىكى بۇ هاياتلىق قارىشى، ئۇلارنى ئافغانىستان جاڭگاللىقلىرىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە هەرۋاقىت «چۇقان سال، كالىدەك مۆرىيەلمىسەڭمۇ مۈشۈكتەك مىياڭلاشنى بولسىمۇ بىل، بۇ توختاپ قالغاندىن ياخشىراق» دېگەن بىر سادا هەمراھ ئىدى.

بۈگۈن دۈشمەن تۇتۇش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغان كۈن، بۈگۈن 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقى ئۆز قەھرىمانلىرى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرگەن كۈن... ئادەم ئۆلىدۇ، ئەمما كۈرەشلەر ئۆلمەيدۇ. كۈرەشنى كۈرەشچىلەر ياراتقان، مەنمۇ دۇئا ئۈچۈن ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈردۈم، ئەي ئاللاھ! مېنى كۈرەش ۋە كۈرەشچىلىرىمدىن ئايرىما...

ئەي ئىلى، تارىم، زەرەپشان! سېنى هۆرلۈككە چىققان هۆرلۈك جەڭچىلىرىڭ بىلەن تەبرىكلەيمەن.

# شۇنداق، مەن تامچە

پاھ، تەخەللۇسىڭىزنى تامچە دەپ قويۇپسىز - دە... قاچانمۇ تامچىلاپ بولارسىز؟ دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى بىرسى مېنى مەسخىرە قىلىپ. شۇنداق، مەن تامچە، بۇ تامچە مېنىڭ تامچەم، ئۇنىڭ تامچىسى بىزنىڭ تامچىمىز. يوپۇرماق ئۈستىدىكى مەغرۇر يامغۇر تامچىسىغا سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت بىلەن باقىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە جىسمىغا تۈگىمەس سەۋر - تاقەت، ئۈمىد - ئىشەنچ، ئۇيۇشۇش دېگەنلەرنى مۇجەسسەم قىلىپ يالتىراپ چاقناپ تۇرماقتا. جانلىقلارغا ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى ئەنە شۇ سېھىرلىك يامغۇر قانچىلىك تامچىدىن تەشكىل تاپقاندۇ - ھە؟ قاچاندىن ۋە قەيەردىن باشلاپ تامچىلىغاندۇ؟ تەڭرىتاغ ئابرال چوققىلىرىدىن تامچىغان ھەر بىر مۇز تامچىلىرى بىر مەقسەت ئۈچۈن جۇغلىشىپ، ئاخىرىدا ئىلى دەرياسىدىن ئىبارەت خاسىيەتلىك بىر دەريانى بەرپا قىلغان. شۇنداق، ئىلى دەرياسى خاسىيەتلىك دەريا. ئۇنداقتا ئۇنىڭ خاسىيىتى قەيەردە؟ سىز قاش دەريا ناخشىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ھېسابلىنىدىغان قاش دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇچى تەبىئىي ئىستىراھەتگاھلارغا بېرىپ، تەبىئەت گۈزەللىكىنى تاماشا قىلغان ۋاقتىڭىزدا، تۈن بىلەن تاڭ ۋىدالىشىش مەزگىلىدە قاش دەرياسى ئاجايىپ سۈرلۈك ۋە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شارقىراپ «قاش دەريا ناخشىسى»نى باشلايدۇ. بۇ ناخشا گاھ جەڭ مەيدانلىرىدىكى گۈدۈك، گاھ بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت

مارشىغا ئوخشايدۇ. بۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولغان قاش دەرياسى، ئاندىن ئىلى دەرياسىغا ئايلىنىپ ئىنتايىن تېپتىنچ، ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك سالماق بىلەن، خۇددى ئاجايىپ زور قوشۇندەك ئاستا ئاقىدۇ. ئىنسانلار ئىلى دەرياسىنىڭ دەريا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سان - ساناقسىز تامچىلاردىن ھاسىل بولغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنداق، مېنىڭ تامچەمنىڭ قاچان تامچىلاپ بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مېنىڭ قوۋمىمنىڭ تامچىسىنىڭ قاچاندىن باشلاپ تامچىلاۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەن. ئەمما توختاش بىلەن تامچىلاشنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، مەن ئەلۋەتتە تامچىلاشنى تاللايمەن...

تامچىلا تامچەم! ئەگەر بۇ تامچىغا مېنىڭ ئۆمرۈم يەتمىسە، مەن باللىرىمغا، باللىرىم باللىرىغا تامچىلاشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئەگەر قاش دەريا ناخشىسىغا بىر تامچە بولۇپ قوشۇلالىسام ئىدىم، ھاياتىم مەنىسىنى تاپقان بولاتتى.

# توختاڭ بۇرادەر!

## ئۇلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز

چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بەزى بۇرادەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەزىمەتلىرىمىز ھەققىدە كىشى دىلىنى غەش قىلىدىغان بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇ سۆزلەر ئىچىدە ئېنىقراقى «موللاق ئاتىدىغانلار» (بەش ۋاق نامازنى مەسخىرە قىلماقچى) ۋە «ئىسىم دۆۋىلىرى» دېگەندىن ئىبارەت. مەلۇم بىر زىيالىي بۇرادىرىمىز بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ ئېيتقان «بۇ دىنچىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قارىغاندا، دىنغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئاغرىدى...

گەرچە يۇقىرىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئومۇمىي خەلق رايىغا ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا: «ھاي، ھاي، توختاڭ بۇرادەر! ئۇلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز» دەيدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، دەپ قارايمەن.

شۇنداق بۇرادەر، سىز تەرىپلەۋاتقان دىنچىلار ياكى موللاق ئاتىدىغانلار سىزدەك ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلىيەلمەسلىكى، گالستۇكنى قاملاشتۇرۇپ باغلىيالماسلىقى ۋە ياكى قولىدا ئالىي دىپلوملىرى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئىنسان ھاياتى

ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى ۋە ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن قىممەتلىك. مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىكى مۇختەر باي، كىتابنىڭ دەسلەپكى بابلىرىدا كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان، شاللاق قىياپەتتە نامايان بولىدۇ. ئۇ شاللاقلىق قىلمىغان قىز - چوكان قالمايدۇ. ئەمما ئۇ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن 60 ياشتىن ئېشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، قورال تۇتۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەسكەر بولۇپ بارىدۇ. ئاقسۇدىكى ئۇرۇشتا ناھايىتى زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭ مەيدانىدا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئاخىردا ئوقۇرمەنلەر «ئاھ، مۇختەر باي ئۆلمىگەن بولسا ئىدى» دەپ ئىسسىق كۆز ياشلىرى ئاقتۇرىدۇ. شۇنداق بۇرادەر، دۇنيادا مۇكەممەل ئىنسان يوق. ئەمما ئىنسان قىممىتى ۋەتەن - مىللەت يولىدىكى كۈرەشلەردە مەيدانىنىڭ مۇستەھكەم بولۇپ - بولمىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئاڭلاڭ بۇرادەر! سىز ۋە مەن ئەينى چاغدا سارجا كاستۇم - بۇرۇلكىلىرىمىزنىڭ سانىنى مانچىگە يەتكۈزۈش كويىدا يۈرگەن چاغلىرىمىزدا، ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ئاشۇ موللاق ئاتىدىغان يىگىت - قىزلىرى ئىدىيە، ئاڭ، چۈشەنچە، ئېتىقاد جەھەتتە سىز ۋە مەندىن ناھايىتى نۇرغۇن ئىلگىرىلەپ كەتكەن، خەلق ئارىسىدا ئويغىنىش ۋە قايتا ئويلىنىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتكەن ئىدى.

ئاڭلاڭ بۇرادەر! سىز ۋە مەن 500 سوم مائاشىمىزنى نەچچە رەت ساناپ، قۇللۇق كىشەنلىرىنى ھېچ سەزمىگەن ھالدا مەستخۇش يۈرگەن چاغلىرىمىزدا، ئاشۇ موللاق ئاتىدىغان ئەزىمەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان، چېچەنىستان تاغلىرىدا ئاجايىپ سەپ تارتقان ئىدى.

ئـاڭلاڭ بـۇرادەر! تەڭـرى تاغلىرىنىـڭ جەنـۇب ۋە شـىمالىنى زىلزىلىگـە سـالغان ئۆلـمـەس جانـلار، ئاشـۇ سـىز تىلغـا ئېلىۋاتقـان مولـلاق ئاتـىدىغانـلار تۇرسا، سـىز ۋە مېنىـڭ چەتئەللەرگـە چىقىـپ بەختلىـك ياشىشـىمىز، ئەنـە شـۇلارنىڭ ئىسسـىق قانلـىرى بەدىلىگە كەلگەن تۇرسا، سـىز ۋە مەن قايسى يۈزىمىز، قايسـى ئۇيغۇرلىقىمىز بىلـەن ئۇلارنـى...

ئـاڭلاڭ بـۇرادەر! شـەرقىي تۈركسـتان مۇسـتەقىللىق تارىخـى ھېچبىـر زامـان ئىسـلام دىنـى ۋە ئىسـلام ئەقىدىسـىدىن ئايرىلغـان ئەمـەس. قېنـى، تارىخقـا نـەزەر سـېلىپ باقايلـى:

ئۇيغـۇر يېقىنقـى زامـان تارىخىغـا نـەزەر سـالىدىغان بولسـاق، ئۇيغۇر داۋاسـىنى خەلقئـارادا پولاتتـەك پاكىتقا ئىگـە قىلغـان 1933 - يىلـى قۇرۇلغـان شـەرقىي تۈركسـتان ئىسـلام جۇمھۇرىيىتىنىـڭ قۇرغۇچىلىرىدىـن سـابىت داموللـام، مۇھەممـەت ئىمىـن بۇغـرا قاتارلىقلارمـۇ بـەش ۋاق نامازلىـق ئەھلـى مۇسـۇلمان ئىـدى. 1944 - يىلـى ئىلىـدا قۇرۇلغـان شـەرقىي تۈركسـتان جۇمھۇرىيىتىنىـڭ قۇرغۇچىلىرىدىـن ئېلىخـان تـۆرەم، ئەخمەتجـان قاسـىمى، غېنـى باتـۇر قاتارلىقلارنىـڭ ھەممىسـى 5 ۋاق نامـاز ۋە ياكـى 5 ۋاق نامـاز ئوقۇيدىغـان ئەھلـى مۇسـۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلـىرى ئىـدى. ئۇنىدىـن باشـقا بارىـن ئىنقىلابىنىـڭ شـېھىتلىرىدىن قەھرىمـان زەيدىـن يۈسـۈپ، 5 - فېـۋرال غۇلجـا ئىنقىلابىدىكـى قەھرىمـان شـېھىت ئابدۇخېلىـل، كـۈرەش، ئابدۇۋەلـى ئابابەكـرى... قاتارلىقلارنىـڭ ھەممىسـى ئىمـان - ئېتىقادلىـق «دىنچـى مۇسـۇلمان» ئىـدى. ئـاھ، ئـۇلار تەڭـرى تاغلىرىغـا ياراشـقان چىنـار قارىغايـلاردەك يىگىتلـەر ئىـدى. ئـاھ، ئـۇلار كـۆك ئاسـماندا پـەرۋاز قىلغـان بۈركۈتتـەك قىـران يىگىتلـەر ئىـدى. ئـۇلار ئۈچـۈن تەڭـرى تـاغ ئانـا يـاش تۆكتـى، ئـاھ ئـۇردى. ئىلـى دەرياسـى غـەزەپ بىلـەن شاۋقۇنلۇق نـەرە تارتتـى، ئۇلارغـا دۇنيـا يىغلىـدى، دۇنيـا قەلەمكەشـلىرى ئۇلارنـى «كىشىلىك

هوقۇقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق بىچارىلەر» دەپ تەرىپلىدى. ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر ئۇچۇن ب د ت ئارىلاشتى، ئەمما سىز ۋە مەن قايسى يۈزىمىز ۋە ئۇيغۇرلىقىمىز بىلەن...

قايسى بىر مەشھۇر زات: «ئەگەر بىر قوۋم ئىچىدىكى بىر ۋىجدانلىق كىشى ئۆلسە، ئۆلگۈچىگە ئەمەس، بەلكى ۋىجدانلىق كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قوۋمگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك» دېگەن ئىدى. توغرا، سۆيۈملۈك قەھرىمان ئوغلانلىرىدىن، ھەقىقىي ئەركەكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك. ئۇلار ئەركەكلىك ئالىمىنىڭ سەرخىللىرى ئىدى، ئۇلار مېھىرى ـ مۇھەببەت، ساداقەت گۈلشەنىنىڭ گۈل تاجىلىرى ئىدى. ئاھ خۇدا! بۇ مىللەتكە ۋەتەن بېرىشتىن بۇرۇن، ئەنە شۇنداق سەرخىل ئەركەكلەرنى كۆپرەك بەرگەيسەن.

يەنە ئاڭلاڭ بۇرادەر! ئۇيغۇر داۋاسىنى ئامېرىكا سىياسىي كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كىرگەن، گۇەنتانامو تۈرمىسىدىكى 22 نەپەر ئۇيغۇر پەرزەنتىمۇ، 2003 ـ يىلى خىتاي تەرەپ خەلقئاراغا «تېررورچى» دەپ ئېلان قىلغان 11 نەپەر ئەزىمەتمۇ دىنچى ئەھلى مۇسۇلمان ۋە ياكى ئەھلى مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتلىرى ئىدىغۇ؟

شۇنداق بۇرادەر! ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسىملىرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيا ۋەزىيىتى ئۇلار ئۇچۇن پايدىسىز بولدى. سىز ۋە مەندەك قېرىنداشلىرىدىنمۇ ۋاپا كەلمىدى. پادا باققاندىكى دوستلار، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدى. دۇنيا شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەت ئېگىلىپ قالغاچقا، بۇ بىچارىلەر ئۇچۇن دۇنيا بىر مەزگىل تارلىق قىلدى. ئەمما ئويلاڭ بۇرادەر، سىز ۋە مېنىڭ

يازغان نېمىمىزنىڭ تايىنى يوق قانچىلاپ ئىسمىمىز بار ـ ھە!؟

يەنە قايسىدۇر بىر مەشھۇر شەخس شۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى ۋە قەھرىمانلىرىنى بىلمىگەن مىللەت مەھكۇم مىللەتتۇر». سەن نېمە دېسەڭ دە بۇرادەر، ئەمما مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم، مېنىڭ كۆز قارچۇقلىرىم دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇلاردا يۇلغۇن قىزارغان داللاردىكى شېھىتلىرىمىزنىڭ روھى بار. چۈنكى ئۇلاردا كۆرەشكەن نىلقا تاغلىرىنىڭ ھىدى بار. مەيلى ئىنگلىز بۇرادەرىمىز، مەيلى فىرانسۇز بۇرادىرىمىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيانىڭ نەرىدە بولسام مەن ئۇلارنى قىلچە قورۇنماي، قىلچە خۇدۈكسىرەيمەن تۇرۇپ، «بىزنىڭ ئەڭ، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز» دەپ ئېيتالايمەن.

تىڭشا ئەي ئوتتۇرا ئاسيا، ئافغانىستان، پاكىستان زېمىنلىرىدا بەدەل تۆلىگەن ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرى. سەن مېنى ئوسما قويۇۋاپتۇ، پوسما كىيىۋاپتۇ... دېسەڭمۇ، مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن. سېنىڭ قەلبىمنىڭ تۆرىدە ئورنۇڭ بار. ئېيتقىنا ئەزىمەت! سەن ۋە مەن، ئىسلام ۋە ۋەتەن، قان بىلەن گۆش، تىرناق بىلەن ئەتتەك تۇرساق سېنىڭدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلەي؟! سېنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلاي؟! تۆلىگەن بەدەللىرىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، سېنى قەدىرلەش ئورنىغا سېنى مەسخىرە قىلسام بۇ تۇزكورلۇق ئەمەسمۇ؟

كېچە چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر خانىم تورونتودىكى تىپتىنچ ئونتارىئو كۆلىگە قاراپ خىتاب قىلىۋاتقۇدەك:

ئەي ئونتارىئو كۆلى! سەن نېمانچە تىپتىنچ، ھېچ داۋالغۇمايسەن. سەن غەربنىڭ تىنچلىق سىياستىنىڭ سىمۋولىمۇ؟ سەن تىنچ، خاتىرجەم كانادا خەلقىنىڭ سىمۋولى. تۇرۇپ سېنى ۋەتىنىمدىكى

سايرام كۆلگە ئوخشىتىمەن. ئەمما ئۇ داۋالغۇپ تۇرىدۇ:

*سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك دەردىڭ تولا ،*
*داۋالغۇيسەن ساھىللاردىن تاشالمايسەن.*
*ئەتراپىڭنى قورشاپ تۇرغاچ ئېگىز تاغلار،*
*ئىنتىلىسەن داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.*

2005 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن

تورونتو

## ۋەتەن دىۋانىلىرىغا ئوچۇق خەت

سالام ئەي سۆيۈملۈك ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك دىۋانىلىرى! سىلەر ھەرگىزمۇ دۇنيادا «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتلا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچراشقان نۇقتىسى، مەدەنىيەتلەر بۆشۈكى، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ھېسابلىنىدىغان ئىستانبۇلدىمۇ، دۇنيادىكى ئىنسانلار ياشاشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان دۆلەتلەر قاتارىدىن مەغرۇر يەر ئالغان شىمالىي ئامېرىكىدىكى داڭلىق شەھەرلەردىمۇ سىلەرنىڭ كەسپداشلىرىڭلارنى تېپىش قىيىن ئەمەس. مەن بۈگۈن بۇ داڭلىق شەھەرلەرنىڭ بىرىدىكى ئاۋات كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قانچىلىغان ئىنگلىز دىۋانىلەر ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇلار توختىماي ئىنگلىزچە: بىر قەھۋەنىڭ پۇلىنى بەرگەن بولسىڭىز... ئاپتوبۇس كىراسىنى بەرگەن بولسىڭىز... بىر دوناتنىڭ ياكى بىر تىمبىتنىڭ پۇلىنى بەرگەن بولسىڭىز، دەپ نالە قىلىشاتتى (دونات بىلەن تىمبىت ئىنگلىزلار ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل تاتلىق تۈرۈم). مەن مېڭىشنى توختىتىپ ئۇلارغا دىققەت قىلدىم. چۈنكى ئۆزۈممۇ دىۋانىلەر شەھىرىدىن كەلگەنىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق ۋە پاخپايغان بولۇپ، ئېگىز بانكا بىنالىرى، سودا ـ تىجارەت مەركەزلىرى، ئاۋات كوچا رەستىلەردە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. بەزىلىرى يەردە يوتقان سېلىپ يېتىۋالغان بولسا، بەزىلىرى توختىماي باشقىلار تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى يەردىن

تېرىپ چېكەتتى. ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرغان پاراۋانلىق ئۆيلىرىگە قايتىشىنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنسىمۇ، ئۇلار كەتكىلى ئۇنىمايتتى. ئويلىنىپ قالدىم. ۋەتەن ئۆزىنىڭ، تىل ئۆزىنىڭ، بايلىق ئۆزىنىڭ، ئىش ئىمكانلىرى ئۆزىنىڭ، مەكتەپ ئۆزىنىڭ، ئېغىز ئۆزىنىڭ، سۆزلەش ئۆزىنىڭ، كۆز ئۆزىنىڭ، قاراش ئۆزىنىڭ، مېڭە ئۆزىنىڭ، ئوي ـ خىيال ئۆزىنىڭ، پۇت ئۆزىنىڭ، مېڭىش ئۆزىنىڭ، قول ئۆزىنىڭ، كۆتۈرۈش ئۆزىنىڭ، ئۆي ئۆزىنىڭ، ھۆكۈمەت بەرگەن دوللار ئۆزىنىڭ، مۇنچا ئۆزىنىڭ، سۇ، پار، يېقىلغۇ ئۆزىنىڭ...... ئاھ، ھەجەپ نامەردلىك قىلىپ تەلپىڭلارغا پۇل تاشلىماي كېتىپتىمىنا؟؟ ھەي ئىسىت...

شۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ دىۋانىلىرىم، سىلەر بىلەن خىتاي بازىرىنىڭ قارا پاتقاقلىرىغا تەڭ مىلىنىپ، ساپايەڭلار تەڭ چېلىپ تىلەمچى ناخشىسىنى بىللە ئېيتسام. مەن قارا پاتقاقنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى قارا نېفىتقا ئوخشايدۇ. قارا گۈل، قارا نېفىت، قارا پاتقاق، قارا كېچە... قارشىلىق، مەنزىل، قارار... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانا تىلىمنى يېرىپ ئوخشاش تەلەپپۇز بىلەن چىقىدۇ ئەمەسمۇ. يېڭى يىل كېچىسى چۈش كۆردۈم. دىۋانىلەر قارا پاتقاقتا مىلىنىپ يېڭى يىلنى تەبرىكلەشتى، ياتلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشتى...

## مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىمىزدىكى قەھرىمان ئۇيغۇر ئاياللار

نېپال ھۆكۈمىتىنىڭ نامەردلىكى سەۋەبىدىن خىتايغا قايتۇرۇلۇپ، شېھىت قىلىنغان قەھرىمانىمىز غوجا مۇھەممەت ئابباسىنىڭ ئايالىمۇ قەھرىمان ئاياللىرىمىز جۈملىسىدىندۇر. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، غوجا مۇھەممەت ئابباسىنىڭ ئايالى، خۇددى يولدىشى غوجا مۇھەممەت ئابباسقا ئوخشاشلا خىتاي تۈرمىسىدە «غەيرى قىيىن ـ قىستاقلار» زەربىسىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنى ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئەرلەر بىلەن باراۋەر مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قۇربان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەرھۇم قەھرىمانىمىز غوجا مۇھەممەت ئابباس ئۆزىنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، سىم قامچا بىلەن ئۇرۇش، قورسىقىغا تېپىش، بېشىغا دەسسەش قاتارلىق جازالاردىن باشقا، تۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇش، تىرنىقىنى يۇلۇش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك، غوجا مۇھەممەت ئابباسىنىڭ ئايالىمۇ يۇقىرىقىدەك ۋەھشىيانە قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەخپىيەتلىكنى قىلچە ئاشكارىلىماي، قەھرىمانلىق بىلەن ئۆلۈشكە رازى بولغان. بۇنىڭدىن بىز، گەرچە ئۇيغۇر خەلقى 250 يىلدىن بۇيان مانجۇ ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا

ئىزچىل ئۇچراپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى قەھرىمانلىقنىڭ ئىپارخان ۋە نۇزۇگۇملاردىكى قەھرىمانلىق بىلەن ئوخشاش ھالەتتە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بىر قانچە ئەسىرگە سوزۇلغان زۇلۇملارنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق ۋە تىز پۈكمەس روھنى خۇ-نۈكلەشتۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەقەت «5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»دىن بۇيانقى يەتتە يىلغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن ۋەتەن ئىچىدە قاتتىق ئاختۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش ۋە رەھىمسىزلەرچە سوراق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ شېھىت بولدى. «مىللىي بۆلگۈنچى» دېگەن بوھتان بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلاندى، قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

1997 - يىلى4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجا شەھەرلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن، «5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى تۇنجى ئوچۇق سوتتا، سوت مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ چىقىلغان 15 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ئارىسىدا، بېشىغا ھاۋا رەڭ ياغلىق چىگىۋالغان ئۇيغۇر قىزى خالىدەم كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. خالىدەم خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئوچۇق سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەربىي ماشىنىدا ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ماڭدى. ئىككى ئەسكەر خالىدەمنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قاماللىغانچە بېشىنى تۆۋەنگە بېسىپ تۇرغان بولغاچقا، خالىدەمنىڭ نازۇك بەدىنى ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىن چاقىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ خالىدەم ئىلى كوچىلىرىدا سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن خەلققە

بىر قارىشىلىش ئۈچۈن توختىماي ئارقىغا تىرەجەيتتى. ئەمما رەھىمسىز خىتاي ئەسكىرى ئۇنىڭ خەلقىگە بىر قارىشىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايتتى. خالىدەمنىڭ بېشىدىكى ھاۋا رەڭ ياغلىقى شۇ كۈنكى يامغۇر ئارىلاش شامالدا يەلپۈنۈپ، خۇددى ئىلى كوچىلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى لەپىلدەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

2000 ـ يىلى ۋەتەندىكى تۇتقۇن قىلىشىنىڭ «ئېغىرلىقى»دىن ئالمۇتا شەھىرىگە قېچىپ چىققان ئۇيغۇر مۇستەقىللىقچىسى جالالىدىن ئەنەيدىن، 3 ـ بىر دۆلەتكە ئۆتۈپ كېتىشىگىمۇ رۇخسەت قىلماي ئۆزىنىڭ ۋە سەپداشلىرىنىڭ ھاياتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىۋالغان قازاق ساقچىسىنى ئىلاجسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، قازاق تېلېۋىزىيەسى ناھايىتى قاتتىق تەلەپپۇزدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئىدى. بۇ تۇتۇش بۇيرۇقىدا ئۇنىڭ ئايالىمۇ بار ئىدى.

ئۇندىن باشقا يەنە، خىتايلارنىڭ قەست قىلىشى بىلەن پارتلاپ ئۆلگەن، ئۆلۈمى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق ئۇيغۇر كىنو ئارتىسى شاتگۈلمۇ، خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان رابىيە قادىرمۇ ئايال. خىتايغا قارشى نەشتەر بولۇپ سانجىلغانلىقى ئۈچۈن خىتايلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن دىلبىرىم سامساقىۋامۇ ئايال. خىتاي فاشىستلىرى تەرىپىدىن بالا ياتقۇسى پارتلىتىۋېتىلگەن ئۇيغۇر قىزى زەينەپمۇ ئايال. قىسقىسى، غوجا مۇھەممەت ئاباستەك قەھرىمان شېھىتلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىمۇ ئايال.

مەشھۇر كىشىلىرىمىز: «ئاياللار پىدائىي بولۇشنى بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنى پىدا قىلىشنىمۇ بىلىدۇ، ئاياللار بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتەلەيدۇ»

دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى دۈشمەن كۈچلۈك ۋە رەھىمسىز، مۇستەقىللىق يوللىرى ئەگرى ـ توقاي ۋە خەتەرلىك بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي ۋە ئۈمىدسىزلەنمەي كۈرەش قىلماقتا...

ئىشىنىمەنكى، 21 ـ ئەسىردە دۇنيادا يېزىلىدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى چوقۇم ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە يېزىلىدۇ.

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي

ئىستانبۇل